ھېكايەتتىن ھېكمەتلەر (6)

# روھي ھالەت ۋە تەقدىر



قەشقەر ئۇيغۇر نەشرىياتى

هېكايەتتىن هېكمەتلەر

# روھىي ھالەت ۋە تەقدىر

تۈزگۈچى: جەي ۋېنمىڭ

تەرجىمە قىلغۇچىلار: زۇلفىيە ئابدۇرېھىم
مېھرىنۇر ئەبەيدۇللا

قەشقەر ئۇيغۇر نەشرىياتى

مەسئۇل مۇھەررىرى: گۆھەر نۇرمۇھەممەت
مەسئۇل كوررېكتورى: شازادەم تۇرسۇن

## ھېكايەتتىن ھېكمەتلەر

# روھىي ھالەت ۋە تەقدىر

تــۈزگــۈچــى: جەي ۋېنمىڭ
تەرجىمە قىلغۇچىلار: زۇلفىيە ئابدۇرېھىم
مېھرىنۇر ئەبەيدۇللا

---

قەشقەر ئۇيغۇر نەشرىياتى نەشر قىلىپ تارقاتتى
(قەشقەر شەھىرى تاربوغۇز يولى 14 - قورۇ، پوچتا نومۇرى: 844000)
جايلاردىكى شىنخۇا كىتابخانىلىرىدا سېتىلىدۇ
قەشقەر ئۇيغۇر نەشرىياتى باسما زاۋۇتىدا بېسىلدى
فورماتى: 880×1230 م م 32 / 1، باسما تاۋىقى: 7.375
2012 - يىلى 12 - ئاي 1 - نەشرى
2012 - يىلى 12 - ئاي 1 - بېسىلىشى
تىراژى: 3000 — 1

---

ISBN 978—7—5373—2464—9
باھاسى: 19.00 يۈەن
سۈپەتتە مەسىلە كۆرۈلسە ئالماشتۇرۇپ بېرىلىدۇ
تېلېفون: 2653927 — 0998

# مۇندەرىجە


1. جەنىتنىڭ مۇۋەپپەقىيەت يولى ........ 1
2. ئامەت ۋە ئاپەت ........ 3
3. ئۈمىدۋارلىق ۋە ئۈمىدسىزلىك ........ 5
4. راھىپنىڭ ياغ سېتىۋېلىشى ........ 7
5. مۇمكىن ئەمەس؟ — سىناپ باقتىڭىزمۇ؟ ........ 9
6. يەنە بىر نەشپۈت بار ........ 11
7. تۆمۈر رىشاتكا بىلەن يولتۇز ........ 13
8. راك كېسىلى ساقايماس كېسەلگە باراۋەر ئەمەس ........ 15
9. يۇمۇرلۇق بولمىغان چاقچاق ........ 17
10. يېشىلمىگەن ئارقان ........ 19
11. ئارزۇ ۋە رېئاللىق ........ 21
12. ئالقانغا قاراپ رەم بېقىش ........ 23
13. سىزىپ چىققان دېرىزە ........ 25
14. كوتۇلداپ ئولتۇرۇشقا ۋاقتىم يوق ........ 27
15. ئۆمۈچۈكنىڭ ئادەمگە بەرگەن ئىلھامى ........ 29
16. ئىنتىقام ئېلىش ........ 31
17. زۇمرەت كۆزلۈك ئۈزۈك ........ 33
18. بەختكە يارىشا ........ 35
19. ھەممە توسالغۇلارنى بىتچىت قىلىۋېتىمەن ........ 37
20. ئالاھىدە سوۋغات ........ 39
21. نىكسوننىڭ ئۆكۈنۈشى ........ 41
22. يەنە بىر قۇردىن باشلاش ........ 43
23. ئۈچ كۈن ساقلاش ........ 45
24. دا چېڭ بىلەن شياۋ ما ........ 47
25. تالىپنىڭ چۈشى ........ 49
26. مۇۋەپپەقىيەت قازىنىش تەسەۋۋۇرىڭىزدىكىدەك تەس ئەمەس ........ 51
27. ئۈمىدۋار كىشى ........ 53

28. قارا چېكىت بىلەن ئاق چېكىت ........ 55
29. تۇز سۈيىدىن كەلگەن ئىلھام ........ 57
30. تىلەمچى بىلەن سودىگەر ........ 59
31. ئىككى ئايال ........ 61
32. مېيىپ ئەسكەرنىڭ ئارزۇسى ........ 63
33. ساھىبجامالنى يۈدۈپ كېچىكتىن ئۆتۈش ........ 65
34. ناخشا چولپىنىنىڭ توڭكاي چىشى ........ 67
35. تىلەمچىلىك لوگىكىسى ........ 69
36. قىيىنچىلىقتا ئىسىم قويۇش ........ 71
37. روھنىڭ قۇدرىتى ........ 73
38. تامچى ........ 75
39. ساقلىڭىزنى نەگە قويىسىز؟ ........ 77
40. تەسەۋۋۇردىن كەلگەن ئاپەت ........ 79
41. دېھقاننىڭ بەختى ........ 81
42. سەت چىراي، گۈزەل قەلب ........ 83
43. پۇرسەت دېگەن نېمە؟ ........ 85
44. تايغان بىلەن توشقان ........ 87
45. ئائىلىسى كەمبەغەل بولسىمۇ، كۆڭلى باي كىشى ........ 89
46. تېز سىنىپ بىلەن ئاستا سىنىپنىڭ پەرقى ........ 92
47. ناپالىيوننىڭ نەۋرىسى ........ 94
48. ھايۋانلاردىن ئۆگىنىش ........ 97
49. ياخشى پەيتتە تۇغۇلغان ........ 100
50. ئىككى خىل پۇرسەت ........ 103
51. ئائىلە تاپشۇرۇقى ........ 106
52. ئۆز تەقدىرىگە ئۆزى ئىگە بولۇش ........ 108
53. بىر ساندۇق تاش ........ 110
54. ئۆزۈڭنىڭ ئىشىنىلا ياخشى ئىشلەشنى بىل ........ 113
55. يازغۇچى بىلەن كىچىك ئاشپۇزۇل خوجايىنى ........ 115
56. تام سائىتى ۋە تارازا ........ 117

57. مەڭگۈ قۇلۇپلانمايدىغان ئىشىك.......... 119
58. جان قۇتقۇزغانمۇ سۇ، جاننى ئالغانمۇ سۇ.......... 122
59. ئانىسىنىڭ پۇتىنى يۇيۇپ قويۇش.......... 124
60. يەنە بىر ئوغۇل .......... 126
61. بەخت سېتىۋېلىش.......... 128
62. يېرىم يىلنىڭ ئالدى ـ كەينىدە .......... 130
63. بىر قاچا چۆچۈرە .......... 132
64. ئوغۇل ۋە ماشىنا.......... 134
65. ئەڭ چىرايلىق ۋە ئەڭ سەت.......... 136
66. ئانا مېھرى مەڭگۈلۈكتۇر .......... 138
67. غەلىتە ئاياغ ئىزى.......... 140
68. يالغۇز ئوغۇل .......... 142
69. ئىچ ئاغرىتىش قاچانغىچە داۋاملىشار .......... 144
70. ئائىلە دېگەن نېمە.......... 147
71. ئانام تۈگكەن تۈگرە .......... 149
72. كونا سوئالنى قايتا سوراش .......... 152
73. دەريادىن ئۆتۈش .......... 155
74. ئىككى قېتىم ئۇرۇلغان تېلېفون .......... 158
75. قان رەڭ ئانا مېھرى .......... 160
76. ئانام ۋە مەن.......... 163
77. «تۆمۈر ئايال» ۋە چېۋەر ئائىلە ئايالى .......... 166
78. بىر خالتا گازىر مېغىزى .......... 168

79. ئاتا ـ ئانا مېھرى ........................170
80. باشقىلارغا قانداق كۆيۈنۈش ........................173
81. پەقەت سىزلا مەندىن ھۇزۇرلىنىشنى بىلىسىز..........176
82. بۇقا بىلەن ئېلىشقۇچى باتۇر ۋە مۇھەببەت..........179
83. يەنزىنىڭ توي قىلىشنى رەت قىلىشى..........181
84. تەڭداشسىز مۇھەببەت ........................183
85. ئايال پادىشاھنىڭ ئىشىك چېكىشى ........................185
86. ئۆزىنى ئىزدەش ........................187
87. ئەگرى كېدىر ........................189
88. مۇھەببەت قۇمغا ئوخشايدۇ ........................191
89. قول تۇتۇش ........................193
90. مۇھەببەتنىڭ سىرى ........................195
91. ماجياڭچى ليۇنىڭ قىماردىن قول ئۈزۈشى ........................197
92. ئىككى ئايالنىڭ نىكاھى ........................199
93. مارىنىڭ نارازىلىقى ........................201
94. مەكتەپ گېزىتىنىڭ مۇھەررىرى ........................203
95. مۇكەممەل ئايال ئىزدەش ........................205
96. ئورمان ۋە مېيىت ساندۇقى ........................207
97. پۇلنىڭ ئاز ـ كۆپلۈك مەسىلىسى ........................209
98. بىر كېپىنەكنىڭ كۆچى ........................211
99. بۆرىنىڭ ئېلانى ........................213
100. مۇھەببەتنىڭ ئۆزۈقى ........................216

101. نېمە دېدىڭىز؟ ئاڭلىيالمىدىم ........................ 219
102. يەنە بىرنى ئۆچۈرۈۋېتىڭ ........................ 221
103. ئىككى تىلەمچىنىڭ مۇھەببىتى ........................ 224

# 1

# جەنىتنىڭ مۇۋەپپەقىيەت يولى

جەنىت كەمبەغەل ئائىلىنىڭ قىزى بولۇپ، تۇرمۇش ھەلەكچىلىكىدە كىچىكلا ئوقۇشتىن توختاپ، ئىشلەشكە باشلىغانىدى. ئۇنىڭ تۇنجى خىزمىتى تىكىمخانىنىڭ پارچە - پۇرات ئىشلىرىنى قىلىش بولۇپ، كۈندە قىلىدىغان ئىشى خېرىدارلارنىڭ كىيىم - كېچەكلەرنى كىيىپ سىناپ بېقىشىغا ياردەملىشىش، ئۇستاملار تاشلىغان قىيىندا - پۇرۇچلارنى يىغىشتۇرۇش ۋە دۇكاننى تازىلاش ئىدى.

جەنىت خىزمەت مۇناسىۋىتى بىلەن دائىم يۇقىرى تەبىقىدىكى ئېسىلزادە خېنىملار بىلەن ئۇچرىشىپ تۇراتتى، ئۇلار كاتتا پىكاپلاردا كېلەتتى، رەختلەرنى بەھۇزۇر تاللايتتى، يېڭى تىكتۇرگەن كىيىملىرىنى نازاكەت بىلەن كىيىپ سىنىشاتتى. كىيىنىشلىرى پۇزۇر، مېڭىش - تۇرۇشلىرى مەردانە كەلگەن بۇ باي ئائىلىنىڭ قىزلىرى ۋە ئېسىلزادە خېنىملار جەنىتنىڭ ۋۇجۇدىدا كۈچلۈك ھەۋەس قوزغىدى. ئۇ كۈنلەرنىڭ بىرىدە ئۆزىنىڭمۇ شۇلارغا ئوخشاش كىشىلەرنىڭ ھەۋىسى كەلگۈدەك ئايال بولۇشنى ئىنتايىن ئارزۇ قىلدى. جەنىت بۇ ئىستەكنىڭ تۈرتكىسىدە ھەر كۈنى مەيلى قانچىلىك ھېرىپ كېتىشىدىن قەتئىينەزەر ھامان يېقىملىق كۈلۈمسىرەپ ئىشلىدى، باشقىلارغا مۇئامىلە قىلغاندىمۇ شۇ ئېسىلزادە خېنىملارنى دوراپ ناھايىتى مەردانە بولدى.

روھىي ھالەت ھەقىقەتەن بىر خىل سىرلىق كۈچ، بۇنداق كۈنلەرنىڭ ئۆزگىرىشىغا ئەگىشىپ، ئەسلىدە ھېچكىمنىڭ نەزىرىگە ئىلىنمىغان جەنىت دۇكاندىكى ئەڭ ئالقىشلىنىدىغان شەخسكە ئايلاندى. خىزمەتداشلىرى ۋە خوجايىنى ئۇنىڭغا ئامراق بولۇپ قالدى، ھەتتا خېرىدارلارمۇ ئۇنىڭ ئىسمىنى ئاتاپ سورايدىغان بولۇشتى. ئۇلار:

— ئۇنىڭ يۈرۈش - تۇرۇشى، گەپ - سۆزى ۋە تەبەسسۇمى كىشىنى سۆيۈندۈرىدۇ، — دېيىشەتتى.

شۇنداق قىلىپ ئۇ دۇكاندىكى ئەڭ مۇنەۋۋەر، ئەڭ ئالقىشلىق خىزمەتچى بولۇپ باھالاندى. خوجايىنمۇ ئىلگىرىكى قائىدىنى بۇزۇپ، ئۇنى ياردەمچى ئۇستىلىققا ئۆستۈردى. ئۇ ناھايىتى تېزلا داڭلىق كىيىم ـ كېچەك لايىھىلىگۈچى بولۇپ تونۇلدى.

**ھېكمەت:**

ئائىلە كېلىپ چىقىشى بىر ئادەمنىڭ تەقدىرىنى بەلگىلەيدىغان ھەل قىلغۇچ ئامىل ئەمەس. سىزنىڭ روھىي ھالىتىڭىز نىشانىڭىزنى بەلگىلەيدۇ، تىرىشچانلىقىڭىز ئىقتىدارىڭىزنى ئاشۇرىدۇ، ئىقتىدارىڭىز سالاھىيىتىڭىز ۋە ئورنىڭىزنى ئۆزگەرتىدۇ.

2

## ئامەت ۋە ئاپەت

شىركەتكە يېڭىدىن شياۋ ۋاڭ ئىسىملىك بىر خىزمەتچى كەلدى، دەسلەپتە ئۇ كۈچلۈك ئىشەنچكە تولغانىدى. بىراق، بىرنەچچە كۈن ئۆتمەيلا ئۇنىڭ ئىشەنچى سۇغا چىلاشتى.

شياۋ ۋاڭ بىر كۈنى ئەتىگەندە تولىمۇ بىچارە ھالەتتە ئورۇندۇقتا سالپىيىپ ئولتۇرغاندا دىرېكتور كېلىپ قالدى - دە، ئۇنىڭدىن نېمە بولغانلىقىنى سورىدى.

— مېنىڭ ئىشلىگۈم يوق، مېنىڭچە، مەن بۇ خىزمەتكە لايىق ئەمەسكەنمەن، — دېدى ئۇ ناھايىتى روھسىز ھالدا، — ئەگەر پەقەت خىزمەت نەتىجەملا ياخشى بولمىغان بولسىغۇ مەيلىدى، كېيىن تىرىشىپ ئىشلىسەملا بولاتتى. بىراق، خېرىدارلارنىڭ ماڭا تۇتقان پوزىتسىيەسىنى پەقەت كۆتۈرەلمىدىم. ئۇلارنىڭ مەھسۇلاتلىرىمىزنى ئەيىبلەشلىرىنى دېمىگەندىمۇ، ئۇلار ئادەمنىڭ بەك غۇرۇرىغا تېگىدىكەن ... — شياۋ ۋاڭ ناھايىتى ھاياجانلىنىپ كەتكەنىدى.

دىرېكتور ئۇنىڭ سۆزلىرىنى جىممىدە ئولتۇرۇپ ئاڭلىغاندىن كېيىن، ئۇنىڭ كۆزىگە قاراپ تۇرۇپ دېدى:

— شۇنداق، مەنمۇ شۇنداق بولغان، مېنىڭ ئەھۋالىم سەندىنمۇ بەتتەر بولغانىدى. ئۇ چاغلاردا مەن پەقەت خېرىدارلارنىڭ رەت قىلىشى، ئەيىبلەشىگىلا ئۇچراپ قالماستىن، ئۇلارنىڭ كەمسىتىشلىرى، تىللاپ ئۇرۇشلىرىغىمۇ ئۇچرىغان. ھەتتا بىر قېتىم بىر خېرىدار مېنى ئىتتىرىپ يىقىتىۋېتىپ، يەنە ماي تۇگىنى ئۇستۈمگە ئېتىپ، باش - كۆزۈمنى ماي قىلىۋەتكەن ...

شياۋ ۋاڭ دىرېكتورغا ھاڭۋېقىپ قارىغىنىچە تۇرۇپ قالدى، ئۇ يىللىق مائاشى 300 مىڭ يۈەن بولغان بۇ دىرېكتورنى خىزمەتچىلەر ئارىسىدىكى ئەڭ تەلەيلىك ئادەم، ئەزەلدىن ھېچقانداق ئوڭۇشسىزلىققا ئۇچرىمىغان، دەپ ئويلاپ يۈرگەنىدى. ئۇ تۇيۇقسىزلا ئورنىدىن دەس تۇردى - دە، دىرېكتور-

نىڭ قولىنى تۇتتى:

— بىلدىم، مېنىڭ ئىشلىيەلەيدىغىنىمغا ئىشىنىڭ، — دېدى ئۇ.

بىرنەچچە ئايدىن كېيىن شياۋ ۋاڭ بۇ شىركەتتىكى ئەڭ ياخشى خىز-مەتچىگە ئايلىنىپ قالدى.

**هېكمەت:**

تەلەي پەقەت ئىرادىسى مۇستەھكەم كىشىلەرنىلا ياخشى كۆرىدۇ. قاند-چىكى ناچار مۇھىت شۇنچىكى مۇۋەپپەقىيەت پۇرسىتى ئېلىپ كېلىدۇ. هېچ ئىش قىلماي تۇرۇپلا بەل قويۇۋەتسىڭىز، تەلەي ئىلاھى سىزنى مەڭگۈ ئىز-دىمەيدۇ؛ جاپاغا قارشى ئىلگىرىلىگەندىلا ئاندىن جاپانىڭ كەينىدىكى ھالاۋەت پۇرسىتىنى تۇتقىلى بولىدۇ.

## 3

## ئۈمىدۋارلىق ۋە ئۈمىدسىزلىك

بۇلار بىر جۈپ قوشكىزەك قېرىنداش بولۇپ، ئۇلارنىڭ بوي - تۇرۇقى بىر - بىرىگە قۇيۇپ قويغاندەك ئوخشاشسىمۇ، ئەمما مىجەزى پەقەتلا ئوخشىمايتتى، ھەتتا ئۇلارنىڭ مىجەزىنى تۈپتىن قارىمۇقارشى دېيىشكىمۇ بولاتتى، چۈنكى ئۇلارنىڭ بىرى ھەممىلا ئىشتا تولىمۇ ئۈمىدۋار بولسا، يەنە بىرى تولىمۇ ئۈمىدسىزلەردىن ئىدى.

ئۇلار تېخى كىچىك چاغدا، ئاتىسى ئۇلارنىڭ مىجەزىنى ئۆزگەرتمەكچى بولۇپ، ئۈمىدسىز كىچىكىگە ناھايىتى چىرايلىق بىر دۆۋە ئويۇنچۇق ئېلىپ بەردى، ئۈمىدۋار چوڭىنى بولسا ئات تېزىكى بىلەن تولۇپ كەتكەن ئېغىلغا سولاپ قويدى. ئىككى سائەتتىن كېيىن ئاتا ئۇ ئىككىسىنى كۆرگىلى كىرىپ قارىسا، كىچىك ئوغلى بىر دۆۋە ئويۇنچۇقنىڭ يېنىدا يىغلاپ ئولتۇراتتى، چوڭى خۇشلۇقتىن قىن - قىنىغا پاتماي تېزەك ئويناۋاتاتتى. ئاتا كىچىك ئوغلىدىن:

— بوبى، ئويۇنچۇقلارنى ئويناماي نېمىگە يىغلايسەن؟ — دەپ سورىدى.

— ئويىنسام ئۇلار كونىراپ كېتىدۇ، تېخى بۇزۇلۇپ كېتىشىمۇ مۇمكىن، — دېدى بوبى يىغلاپ تۇرۇپ.

— ئەمىسە، بود، سەن نېمىشقا تېزەكنىمۇ بۇنچىلا خۇشال ئويناپ كەتتىڭ؟ — سورىدى ئاتا چوڭ ئوغلىدىن.

— ئات تېزىكىدىن بىر تايچاق چىقىراي دېگەنىدىم، — بود شۇنداق دەپ بولۇپلا يەنە يۈگۈرۈپ بېرىپ تېزەك ئويناشقا باشلىدى.

ئاتا ئېغىر تىندى، شۇنىڭدىن كېيىن ئۇ بىر مەرسىنى ئۆزگەرتىش خىيالىدا بولمىدى.

ئاكا - ئۇكا ئىككىيلەن بارا - بارا چوڭ بولدى. بوبى يەنىلا شۇنداق ئۈمىدسىز، دائىم يېرىم ئىستاكان كوكاكولاغا قاراپ «ھەي، پەقەت مۇشۇ

يېرىم ئىستاكانلا قالدى» دەپ ھەسرەت چېكەتتى: بود يەنىلا شۇنداق ئۈ-مىدۋار، ئۇ ئارىلاپ ئىستاكاندىكى كوكاكولانىڭ يېرىملىشىپ قالغانلىقىنى كۆرۈپ، «تەڭرىمگە رەھمەت، يەنە يېرىم ئىستاكان ئىچىملىكىم بار ئىكەن تېخى» دەپ خۇش بولۇپ كېتەتتى.

ئاخىرى بوبى ھەسرەت ئىچىدە ئۆلۈپ كەتتى، ئۇ بۇ ئۆمرىدە ھېچبىر خۇشال بولۇپ باقمىدى. كېيىن بود خۇشال تەبەسسۇم بىلەن ئالەمدىن ئۆت-تى، ئۇ بۇ ئۆمرىدە ھېچبىر ھەسرەتلىنىپ باقمىدى. قاراڭ، ئۇلارنىڭ ھەر ئىككىسى بىر ئۆمۈر ياشىدى، يەنە كېلىپ ھېچقانچە پەرقلەنمەيدىغان ئوخ-شاش شارائىتتا ياشىدى!

**ھېكمەت:**

ئۈمىدۋار ئادەملەر قىيىنچىلىق ئىچىدىنمۇ ئۆزىگە پايدىلىق پۇرسەتنى كۆرەلەيدۇ، ئۈمىدسىز ئادەملەر پۇرسەت ئىچىدىنمۇ ئۆزىگە پايدىسىز قىيىن-چىلىقنى كۆرۈۋالىدۇ. ئالدىنقىسىدەك بولۇش ئۇنچە قىيىن ئەمەس، سىز پە-قەت كۆلەڭگىنى كۆرگەندە دەل ۋاقتىدا بۇرۇلسىڭىزلا بولىدۇ.

## 4

## راھىبنىڭ ياغ سېتىۋېلىشى

تاغ ئىچىدە بىر بۇتخانا بولۇپ، ئۇنىڭدا بىرى ياشانغان، بىرى كىچىك ئىككى راھىب ياشايتتى. ھەر ئاينىڭ بېشىدا ياشانغان راھىب كىچىك راھىبقا بىر خەيۋاننى تۇتقۇزۇپ، تاغ سىرتىدىن ياغ سېتىۋېلىپ كېلىشكە بۇيرۇيتتى ـ دە، ئۇنىڭغا تاپىلاپ:

— دىققەت قىل، ياغ تۆكۈلۈپ كەتمىسۇن، بىر ئايلىق قورۇمىمىز شۇنىڭغا قاراشلىق جۇمۇ، — دەيتتى.

بىرىنچى ئېيىدا كىچىك راھىب ماقۇل بولۇپ تاغدىن چۈشتى. قايتىشىدا ئۇستازىنىڭ سۆزىنى ئەسكە ئېلىپ، قولىدىكى خەيۋاننى ئىختىيارسىز تېخىمۇ مەھكەم تۇتۇپ، ئۇيان ـ بۇيانغا قاراشقىمۇ پېتىنالماي، تاغ يولىدا دىققەت بىلەن ماڭدى. بىراق، نېمىشقىدۇر جىددىيلەشكەنسېرى قولىدىكى خەيۋانمۇ شۇنچە داۋالغۇپ كېتىۋاتاتتى، ئىشىككە ئاز قالغاندا ياغنىڭ ئۈچتىن بىر قىسمى تۆكۈلۈپ بولدى. ياشانغان راھىب خەيۋانغا قاراپلا كايىپ كەتتى:

— ھەي ئەخمەق، مۇشۇنچىلىك ئىشنىمۇ قاملاشتۇرالمىغىنىڭنى قارا سېنىڭ! شۇنچە كۆپ ياغنى تۆكۈۋېتىپسەن!

ئۇستازىنىڭ بۇنچە چېچىلىپ كەتكىنىنى كۆرگەن كىچىك راھىب بىر ئېغىزمۇ گەپ قىلالماي قالدى، ئۇۋۇلچىلىقتا كۆز چاناقلىرىغا ياش تولدى.

ئىككىنچى ئېيىدا ياشانغان راھىب يەنە كىچىك راھىبنى ياغ سېتىۋېلىشقا بۇيرۇدى. ئاۋۋالقىغا ئوخشاش كىچىك راھىب قايتىپ كېلەشىدە يەنە چاتاق چىقىرىپ قويۇشتىن قورقۇپ، ناھايىتى ئېھتىياتچانلىق بىلەن ماڭدى. بىراق قولىدىكى قاچا ئالدىنقى قېتىمقىغا ئوخشاش داۋالغۇپ، ياغ ئاز ـ ئازدىن تۆكۈلۈپ كېتىۋاتاتتى. كىچىك راھىب تىترىتىپ بولۇپ يىغلىۋەتكىلى تاس قالدى. بۇتخانا ئىشىكىگە كەلگەندە قاچىغىلا قاراپ يەرگە قارىمىغانلىقتىن بوسۇغىغا پۇتلىشىپ كەتتى ـ دە، ياغ تۆكۈلۈپ پەقەت ئۈچتىن بىرىچىلىكىلا

قالدى. نېمە قىلارىنى بىلمىگەن كىچىك راھىب ئۆزىنى تۇتالماي ئۇنسىلىپ قاتتىق يىغلاپ كەتتى. ياشانغان راھىب يىغا ئاۋازىنى ئاڭلاپلا يۈگۈرۈپ چىقتى - دە، ياغ قۇيۇلغان قاچىغا قاراپ ئەرۋاھى قىرىق گەز ئۇچتى:

— سەن تېخى يىغلاۋاتامسەن! مېنى تېرىكتۇرۇپ ئۆلتۈرىدىغان بولدۇڭغۇ!

بىراق، خاپىلىق دېگەن خاپىلىق، ئۇچىنچى ئېيىغا كەلگەندە ياشانغان راھىبنىڭ ئىشى چىقىپ قالغاچقا يەنىلا كىچىك راھىبنى ياغقا بۇيرۇدى. بىراق، بۇ قېتىم ئۇ ئىلگىرىكى پوزىتسىيەسىنى ئۆزگەرتىپ، كىچىك راھىبقا:

— ئوبدان ئاڭلا، قايتىپ كەلگۈچە ئەتراپتىكى ئادەم ۋە نەرسىلەرنى كۆپرەك كۆزەت، ماڭا تەپسىلىي دوكلات قىلىسەن، — دېدى.

كىچىك راھىب خىجىللىقتا ئاغزىنى ئۇمچەيتتىيۇ، ئەمما يەنىلا ماقۇل بولدى. قايتاشىدا ئۇستازىنىڭ تاپشۇرۇقى بويىچە تاغ يولىنىڭ ئىككى تەرىپىنى كۆزەتكەچ مېڭىپ، تاغ يولىنىڭ شۇقەدەر گۈزەل مەنزىرىلىك ئىكەنلىكىنى بايقىدى — يىراقتىكى تاغ چوققىسى شۇنداق ھەيۋەتلىك، يېقىنلا جايدا رەت - رەت پەلەمپەي ئېتىزلار، ئېتىز قىرلىرىدا ئۇياق - بۇياققا يۈگۈرۈشۈپ يۈرگەن بالىلار، يول بويىدىكى چوڭ قارىغاي سايىسىدە شاھمات ئويناۋاتقان ئىككى بوۋاي... كىچىك راھىب ئەنە شۇنداق ئەتراپتىكى نەرسىلەرنى كۆزەتكەچ مېڭىپ بۇتخانىغا كېلىپ قالغانلىقىنىمۇ سەزمەي قالدى. ئۇ ئۇستازىنى كۆرگەندىلا ئاندىن قولىدىكى قاچىغا قارىدى: قاچىدا لىپمۇلىپ ياغ بولۇپ، ئازراقمۇ تۆكۈلمىگەنىدى.

**ھېكمەت:**

مۇشتۇمىمىزنى قانچە كۈچەپ چىڭ تۈگكەنسېرى شۇنچىلىك ھاۋانىمۇ تۇتالمايمىز؛ ئەكسىچە، بىلەكلىرىمىزنى ئەركىن ئازادە كەڭ ئاچساق، دۇنيا بىزنىڭ قۇچىقىمىزدا بولىدۇ. قارىغاندا، غەمسىز ياشايمەن دەيدىكەنمىز، ئۇنداقتا چوقۇم ئاۋۋال پەسەنت قىلماسلىقنى ئۆگىنىۋېلىشىمىز كېرەك ئىكەن.

5

## مۇمكىن ئەمەس؟ — سىناپ باقتىڭىزمۇ؟

«كىچىك چىغىمدا دادامنىڭ بىر دېھقانچىلىق مەيدانى بولىدىغان، ئەمەلىيەتتە بۇ بىر پارچە مۇنبەت تۇپراق بولۇپ، پەقەت ئۈستىدە نۇرغۇن تاش چوقچىيىپ چىقىپ تۇرغاچقا دادام ئۇنى ئىنتايىن ئەرزان باھادا ئېلىۋالغانىدى. بىر كۈنى تېرىقچىلىققا ئاسان بولسۇن ئۈچۈن ئاپام بۇ تاشلارنى ئېلىۋېتىشنى ئېيتتى. دادام دەرھال قارشى تۇرۇپ، بۇنىڭ مۇمكىن ئەمەسلىكىنى، چۈنكى قارىماققا بۇلار تاشقا ئوخشاش تۇرغان بىلەن، ئەمەلىيەتتە ئۇلارنىڭ تاش بولماستىن، بەلكى كىچىك تاغ چوققىسى بولۇپ، يەر تەكتىدىن چوڭ تاغ بىلەن تۇتاش بولۇشى مۇمكىنلىكىنى، بولمىسا يەر ئىگىسىنىڭ بىزگە بۇنداق ئەرزان باھادا سېتىپ بەرمەيدىغانلىقىنى ئېيتتى.

كېيىن بىر كۈنى دادام بىر ئىش بىلەن شەھەرگە كىرىپ كەتتى، ئاپام بىزنى باشلاپ دېھقانچىلىق مەيدانىدا ئەمگەك قىلدى. بىز ئىختىيارسىز لا ھېلىقى تاشلارنى كولاشقا باشلىدۇق، ئويلىمىغان يەردىن ئۇزۇن ئۆتمەيلا تاشلارنىڭ ھەممىسىنى يۆتكەپ بولدۇق. ئەسلىدە ئۇ تاشلار قانداقتۇر كىچىك تاغ چوققىلىرى بولماستىن، بەلكى ئايرىم - ئايرىم تۇرغان يەككە تاشلار ئىكەن، پەقەت بىر ئىنگلىز چىسى (تەخمىنەن33 سانتىمېتىر) ئەتراپىدا كولىسىلا ئورنىدىن قوزغاتقىلى بولىدىغان تاشلار ئىكەن».

بۇ لىنكولىن زوڭتۇڭنىڭ مەلۇم بىر دوستىغا يازغان خېتىدە ئېيتىپ بەرگەن ھېكايىسى. مۇخبىر ماۋېر بۇ پارچىنى ئوقۇغاندا، ئاللىبۇرۇن 76 ياشلىق بوۋايغا ئايلىنىپ بولغان، بىراق بۇ ھېكايە ئۇنى چەت ئەل تىلىنى قەتئىي ئۆگىنىش نىيىتىگە كەلتۈرگەن. بۇنىڭدىن بۇرۇن ئۇ بۇنى «مۇمكىن ئەمەس» دەپ ئويلايتتى، چۈنكى ئۇ ئۆزىنى ئاللىبۇرۇن ياشىنىپ قالدىم، ئەستە قالدۇرۇشۇممۇ زادىلا بۇرۇنقىدەك ئەمەس، دەپ ئويلىغان.

ئاڭلاشلارغا قارىغاندا، 1922 - يىلى ماۋېر جۇڭگوغا كېلىپ سۈن جۇڭشەن ئەپەندىنى زىيارەت قىلغان چېغىدا، باشتىن - ئاخىر خەنزۇ تىلىدا

**ھېكمەت:**

بىز بەزى ئىشلارنى پەقەتلا مۇمكىن ئەمەس دەپ قاراپ، قول سېلىپ ئىشلەپ باقمايمىز. ئەمەلىيەتتە نۇرغۇنلىغان مۇمكىن ئەمەسلەرنىڭ ھەممىسى كىشلەرنىڭ تەسەۋۋۇرىدىلا مەۋجۇت. شۇڭا، «مۇمكىن ئەمەس» دېيىشتىن ئىلگىرى، ئاۋۋال ئىشلەپ سىناپ باققۇلۇق.

## 6

## يەنە بىر نەشپۈت بار

ئۇ نەچچە قوملۇقنى پىيادە كېسىپ ئۆتكەن باتۇر بولۇپ، بۇ قومىلۇقتىنمۇ بىر ئايدا ئۆتۈپ بولۇشنى پىلانلىغانىدى.

20 نەچچە كۈن ئۆتۈپ كەتتى، سەپەر ئىزچىل ناھايىتى ئوڭۇشلۇق بولۇپ، ئوزۇقلۇق ۋە سۇمۇ تېخى يېتەرلىك ئىدى.

ئۇ خوشال ھالدا «بۇ قومىلۇقتىن ناھايىتى تېزلا غەلىبىلىك ئۆتۈپ كېتىمەن» دەپ ئويلىدى. بىراق، قوملۇق ئەزەلدىن كارۋانلارنىڭ ھالىغا يەتمەيتى، ئۇنىڭ بۇ ئويىنىڭ تېخى ئاخىرى چىقمايلا، قوم بورىنى يۇپۇرۇلۇپ كەلدى. ئۇ دەرھال چاپىنى بىلەن بېشىنى ئورىۋېلىپ قومدا يېتىۋالدى. تەخمىنەن ئون مىنۇتتىلاردىن كېيىن قوم بورىنى ئۆتۈپ كەتتى. ئۇ ئۇستىبېشىنى قېقىشتۇرۇپ ئورنىدىن تۇرغىنىدا كىشىنى پۈتۈنلەي ئۈمىدسىزلەندۈرىدىغان ئىشنى بايقىدى: ئوزۇقلۇق ۋە سۇ قاچىلىغان سەپەر سومكىسىنى قوم بورىنى ئۇچۇرۇپ كەتكەنىدى.

ھازىر ئۇنىڭدا پەقەت بىر تال نەشپۈتلا قالغان بولۇپ، ئۇ بۇ نەشپۈتنى بوران چىقىشتىن ئىلگىرى قولىغا ئېلىپ تېخى يېيىشكە ئۈلگۈرمىگەنىدى. ئۇ نەشپۈتنى چىڭ سىقىمداپ تۇرۇپ: «ھەي، ئەھۋال ئۇنچىلىك چاتاقمۇ ئەمەس، ھېچ بولمىغاندا مەندە يەنە بىر تال نەشپۈت بار» دەپ ئويلىدى ـ دە، بۇ قومىلۇقتىن چىقىپ كەتمەكچى بولدى.

بىر كېچە ـ كۈندۈز ناھايىتى تېزلا ئۆتۈپ كەتتى، قوملۇق قارىماققا يەنىلا بىپايان كۆرۈنەتتى، ئاچلىق، ئۇسسۇزلۇق، ھارغىنلىق ھەممە ئۆلۈم ۋەھىمىسى خۇددى ئالۋاستىدەك ئۇنىڭغا چاپلاشقانىدى. بىراق، ئۇ ھەر قېتىم تۇگىشەي دېگەندە، ئۆزىنى شۇ يەۋېتىشكە قىيمىغان نەشپۈتكە قادىلىپ قاراشقا مەجبۇرلايتتى ـ دە، كۆڭلىدە «ئەھۋال ئۇنچىلىك چاتاقمۇ ئەمەس، ھېچ بولمىغاندا مەندە يەنە بىر تال نەشپۈت بار» دەپ ئويلايتتى.

كىچىككىنە بىر تال نەشپۈت ئۇنىڭ ھاياتلىق ئۈمىدى، باتۇرلۇق مەنبە-

سى بولۇپ قالغانىدى. گەرچە ئۇ ئۈچ كۈندىن كېيىن يىراق بولمىغان جاي-
دىكى بىر كەنتنىڭ قارىسىنى كۆرگەندە ھوشىدىن كەتكەن بولسىمۇ، ئەمما
ئۇ يەنىلا قوملۇقتىن چىقالىدى ھەم ھايات قالدى.

**ھېكمەت:**

ئۈمىدنى ساقلاش — ئەڭ ئېسىل غەلىبە قورالى، ئۆزىڭىزگە ھەرگىزمۇ
«ھېچنېمەم قالمىدى» دېمەڭ. چۈنكى، تىرىشىپ ئىزدەيدىغانلا بولسىڭىز،
سىزنى قىيىن ئۆتكەلدىن ئۆتكۈزۈپ قويىدىغان ھېلىقى «نەشپۈت»نى ھامان
تاپالايسىز.

## 7

## تۆمۈر رىشاتكا بىلەن يۇلتۇز

ئىككىنچى دۇنيا ئۇرۇشى مەزگىلىدە بۇ ئىككى بەختسىز يەھۇدىي بىرگە قولغا ئېلىنىدى. ئۇلار قوشنا ئىككى كامېرغا سولاپ قويۇلدى، ھەربىر كامېرنىڭ كىچىككىنە بىر دېرىزىسى بولۇپ، كامېر ئىچىدىكى ئاجىز غۇۋا نۇر شۇ يەردىن كىرەتتى.

بارلىق جىنايەتچىلەر كۈندۈزى ئېغىر ئەمگەككە سېلىناتتى، ئۇلار ھەر ۋاقىت جېنىدىن ئايرىلىپ قېلىش خەۋپىدە تۇراتتى. ھايات قالغان جىنايەتچىلەر كەچتە ئۆزلىرىنىڭ نەم، كىچىك كامېرلىرىدا يۇرتىنى ۋە قېرىنداشلىرىنى سېغىنىپ ياتاتتى، ئۇ ئىككىسىمۇ بۇنىڭدىن مۇستەسنا ئەمەس ئىدى. پەقەت ئۇلار بۇ خىل سېغىنىش بىلەن دېرىزە سىرتىغا نەزەر سالغىنىدا، بىرى دېرىزىنىڭ مۇزدەك تۆمۈر رىشاتكىسىنى كۆرەتتى، يەنە بىرى رىشاتكا سىرتىدىكى يورۇق يۇلتۇزنى كۆرەتتى.

تۆمۈر رىشاتكىنى كۆرگىنى غەم ـ ئەلەمگە پېتىپ: «بۇ تۆمۈر رىشاتكىلار شۇنداق مۇستەھكەم ئىكەن، قاچانمۇ بۇنىڭدىن بۆسۈپ چىقىپ ئائىلەمدىكىلەر بىلەن جەم بولارمەن!» دەپ ئويلايتتى.

يورۇق يۇلتۇزنى كۆرگىنى ئىچ ـ ئىچىدىن خۇشال بولۇپ: «ئەجەپ ياخشى، گەرچە ئارىلىق شۇنچە يىراق بولسىمۇ، لېكىن ئائىلەمدىكىلەر بىلەن تەڭ يۇلتۇز كۆرەلىدىم. كىم بىلىدۇ، بىزنىڭ كۆرۈۋاتقىنىمىز ئوخشاش بىر يۇلتۇزمۇ تېخى!» دەپ ئويلايتتى.

شۇنداق قىلىپ، ئالدىدىكى كىشى كېچە ـ كۈندۈز ھەسرەت چېكىپ ،كۈندىن ـ كۈنگە ئورۇقلاپ، روھىي ھالىتىمۇ بارغانسېرى ناچارلاپ كەتتى. كېيىنكىسى ھەر كۈنى ئۈمىدۋارلىق بىلەن تۈرمىدىن چىققاندىن كېيىنكى بەختلىك تۇرمۇشنى تەسەۋۋۇر قىلىپ، زادىلا تۈرمىدە ياتقان ئادەمدەك تۇيغۇدا بولمىدى.

بىرنەچچە يىلدىن كېيىن ئىككىنچى دۇنيا ئۇرۇشى ئاخىرلىشىپ، ھايات

قالغان جىنايەتچىلەرنىڭ ھەممىسى قوىۇپ بېرىلدى. يۇلتۇز كۆرگەن ھېلىقى كىشى تولۇپ تاشقان خۇشاللىق بىلەن يۇرتى تەرەپكە قاراپ چاپتى. تۆمۈر رىشاتكىنىلا كۆرگەن ھېلىقى ئادەم بولسا بىر يىل بۇرۇنلا ئۆلگەنىدى — ئۇ ئۆزىنى ئۆلتۈرۈۋالغانىدى.

**ھېكمەت:**

تەقدىرىمىز ئۆز قولىمىزدا تۇتۇقلۇق. بىز تەقدىرىمىزنى تاللىيالمايمىز، ئەمما تەقدىرگە يۈزلەنگەندىكى روھىي ھالەتنى تاللىيالايمىز. پەقەت ئۇ-مىدۋار روھىي ھالەتنى تاللىساقلا، تەقدىرىمىزنى ئۆزگەرتىدىغان كۈچ - قۇدرەتكىمۇ ئېرىشەلەيمىز.

## 8

## راك كېسىلى ساقايماس كېسەلگە باراۋەر ئەمەس

باگنى راك كېسىلىنىڭ ئاخىرقى باسقۇچىغا كېلىپ قالغان بىمار بولۇپ، كېچە ـ كۈندۈز توختىمىغان قاتتىق ئاغرىق ئازابى ئۇنى ياشاش ئۈمىدىدىن ۋاز كەچتۈرەيلا دېگەندى. راك ۋىرۇسى بايقالغاندىن تارتىپ ھازىرغىچە تېخى ئىككى ئاي بولماي تۇرۇپلا، ئۇنىڭ ئەسلىدە 160 قاداق كېلىدىغان بەدىنى 100 قاداقمۇ كەلمەيدىغان ھالغا چۈشۈپ قالدى.

ئۇنى باشقا دوختۇرخانىغا يۆتكىگەندىن كېيىن ئۇنىڭغا مەسئۇل بولغان دوختۇر كارل بولۇپ، ئاڭلاشلارغا قارىغاندا، ئۇ مەخسۇس راك كېسىلىنىڭ ئاخىرقى باسقۇچىغا كېلىپ قالغان بىمارلارنى داۋالايدىغان داڭلىق دوختۇر ئىكەن. كارل قارىماققا تېخى خېلىلا ياش كۆرۈنەتتى، كۈلۈمسىرەپ تۇرىدىغان چىرايىدىن باھار قۇياشىدەك ئىللىقلىق چىقىپ تۇراتتى. ئۇنىڭ بۇ ھالىتى داۋالىنىشتىن رايى يېنىپ كەتكەن باگنىغا ئاز ـ تولا ئىللىقلىق ئاتا قىلدى. كارل باگنىغا:

— مەن ئەڭ ياخشى دوختۇرلارنى تەشكىللەپ سىزنىڭ كېسەلگە تاقابىل تۇرۇشىڭىزغا ياردەملىشىمەن، ھەر كۈنلۈك داۋالاش ئەھۋالىنى ھەمدە تېنىڭىزنىڭ دورىغا بولغان ئىنكاسىنى تەپسىلىي دەپ بېرىمەن. دېمەك، سىز كېسىلىڭىزنى ھەر ۋاقىت بىلىپ تۇرالايسىز، — دېدى.

كارل دېگىنىنى قىلدى، باگنىنىڭ ئەنسىز، تېرىككەك كەيپىياتى ئاستا ـ ئاستا پەسىيىپ، كېسەل بىلەن كۈرەش قىلىش ئىشەنچىسى يەنە ئەسلىگە كەلدى. بىر ئايدىن كېيىنكى تەكشۈرۈش نەتىجىسى باگنىنى تېخىمۇ خۇشال قىلىۋەتتى، راك ھۈجەيرىسىنىڭ تارقىلىشى راستىنلا تىزگىنلەنگەندى!

— بۈگۈندىن باشلاپ ھەر كۈنى ئىككى سائەت ۋاقىت چىقىرىپ تېنىڭىزدىكى ئاققان دانىچىلىرى بىلەن راك ھۈجەيرىلىرىنىڭ ئېلىشىۋاتقان ھالىتىنى تەسەۋۋۇر قىلىڭ، نەتىجىسى چوقۇم ئالدىنقىسى كېيىنكىسىنى مەغلۇب قىلغان بولسۇن، — دېدى كارل دوختۇر.

ئۇ شۇنداق قىلدى. نەچچە ھەپتىدىن كېيىن ھەم ئويلىمىغان يەردىن، شۇنداقلا يەنە كىشىلەرنىڭ ئويلىغىنىدەك، داۋالاش گورۇپپىسىدىكىلەر راك كېسىلى ئۈستىدىن غەلبە قىلدى.

— ئەگەر ئۆزىڭىزنىڭ ئۆلگۈسى بولمىسا، سىزنىڭ جېنىڭىزنى ئالالايدىغان ھېچنېمە يوق، ئاتالمىش ساقايماس كېسەللەرمۇ جېنىڭىزنى ئالالمايدۇ، — دېدى كارل دوختۇر كۈلۈمسىرەپ تۇرۇپ.

**ھېكمەت:**

بىز ئۆز ھاياتىمىزغا نىسبەتەن تەسەۋۋۇرىمىزدىكىدىنمۇ كۆپرەك ھوقۇققا ئىگە. كۆپ ھاللاردا بىز قەلبىمىزدىكى كۈچنى ئىشقا سېلىپ، ئۆز تەقدىرىمىزنى بەلگىلىسەك بولىدۇ، ھايات - ماماتمۇ شۇنىڭ ئىچىدە، ئەلۋەتتە.

## 9

# يۈمۈرلۇق بولمىغان چاقچاق

ئامېرىكىنىڭ يەتتىنچى قارار پرېزىدېنتى ئاندىرو جېكسون ئامېرىكا تارىخىدىكى ئەڭ داڭلىق سىياسىيونىنىڭ بىرى. بىراق، ئىنچىكە تۇردە ئەقىللىق، سەزگۈر دەپ نام چىقارغان ئاشۇنداق ئادەممۇ بەزى ئورۇنسىز خاتالىقنى سادىر قىلىپ قويغان.

پرېزىدېنت جېكسون خوتۇنى ئۆلۈپ كەتكەندىن كېيىن ئۇزۇن مۇددەت ھەسرەت ۋە قورقۇنچ ۋەھىمىسىگە پېتىپ قالغان — ئائىلىسىدىكىلەر ئارقا - ئارقىدىن پالەچ خاراكتېرلىك شامال دارىش كېسىلى بىلەن ئۆلۈپ كەتكەچكە، ئۆزىنىڭمۇ بۇ كېسەل بىلەن ئۆلۈپ كېتىش ئېھتىمالى بارلىقىنى ئويلاپ دەككە - دۇككىدە قالغان. ئارىدىن بىرنەچچە يىل ئۆتۈپ، بىر ئوبدان ياشاۋاتقان بولسىمۇ، لېكىن يەنىلا بۇ ۋەھىمە كۆلەڭگىسىنىڭ ئاسارىتىدىن قۇتۇلالمىغان.

بىر كۈنى جېكسون دوستىنىڭ ئۆيىدە بىر ياش خانقىز بىلەن ئۇچرىشىپ قېلىپ، روھى كۆتۈرۈلۈپ ئۇنىڭ بىلەن شاھماتقا چۈشىدۇ. بىراق، تېخى بىر قول ئاياغلاشماي تۇرۇپلا خۇددى تۇيۇقسىز قانسىراپ كەتكەندەك ئورۇندۇقتا لاسسىدە ئولتۇرۇپ قالىدۇ، ئۇنىڭ شاھمات تۇتقان قولىمۇ ئۇستەلدىن سىيرىلىپ چۈشۈپ ساڭگىلاپ قالىدۇ، چىرايى تاتىرىپ، نەپەسلىرى ئېغىرلىشىدۇ.

— سىزگە نېمە بولدى قەدىرلىكىم ؟ — سورايدۇ دوستى ئۇنىڭ بۇ ھالىتىنى كۆرۈپ ھودۇققىنىچە ئۇنىڭ يېنىغا كېلىپ.

— ئاخىرى كەلدى، ئاخىرى كەلدى... — دەيدۇ جېكسون ئۆزىگە ئۆزى پىچىرلاپ، — قانداق قىلسامۇ قۇتۇلالمايدىغانلىقىمنى بىلەتتىم.

— جېك، بۇ زادى قانداق ئىش؟ — دوستى ئۇنى كۈچەپ سىلكىيدۇ.

— ماڭا پالەچ خاراكتېرلىك شامال دارىش كېسىلى تەگدى، تېنىمنىڭ ئوڭ تەرىپى پالەچ بولۇپ بولدى، — دەيدۇ جېكسون بوش ئاۋازدا، — بايا

ئوڭ يوتامنى بىرنەچچىنى چىمدىپ بىقىۋىدىم، ئازراقمۇ سېزىم بولمىدى.

— بىراق پىرىبىزدېنت ئەپەندى، — دەيدۇ ئۇدۇلدا ئولتۇرغان خانقىز، — سىزنىڭ بايا چىمدىغىنىڭىز مېنىڭ يوتام تۇرسا!

**ھېكمەت:**

ئەگەر كەلگۈسىدە يۈز بېرىش ئېھتىمالى بولغان تىراگېدىيە ئۈچۈن قايغۇرىدىغان بولساق، ئۇنداقتا ھېچقانداق كىشىنىڭ خۇشال - خورام تۇرمۇش كەچۈرىشىدىن ئېغىز ئاچقىلى بولمايدۇ. ناۋادا بەختسىزلىكنىڭ ئەتىلا بېشىمىزغا چۈشىدىغانلىقى ئېنىق بولسىمۇ، بىزنىڭ ئۇنىڭ ئۈچۈن بۈگۈنلا بەدەل تۆلىشىمىزنىڭ ھاجىتى يوق.

## 10
## يېشىلمىگەن ئارقان

يېقىندىن بۇيان بۇ بېلىقچىنىڭ تەلىيى ئوڭ كېلىپ ھەر كۈنى دېگۈدەك لىق بېلىق بىلەن قايتىۋاتاتتى. ئوخشاشلا ئۈچ ئاي ۋاقىت، باشقىلار ئاران ئۆچمىگۈ يۈەن تاپقان بولسا، ئۇنىڭ كىرىمى ئونمىڭ يۈەنگە يېتىپ قالغانىدى. شۇڭا، ئۇ تۇغۇلغان كۈنىدە ئۆزىنىڭ كېمىسىدە زىياپەت بەرمەكچى بولدى.

كەلگەن مېھمانلارنىڭ ھەممىسى ئۆزئارا تونۇش بولغانلىقتىن بېلىقچىلار ھېچنېمىدىن قورۇنماي قانغۇچە ئىچىشتى. زىياپەت ئاياغلاشقاندا ئۇ خېلىلا تەمشىلىپ قالغانىدى. كۆپچىلىك تاراپ كەتتى، بېلىقچىلار زىياپەتنى يىغىشتۇرۇپ، قېيىقلىرىنى تەستە ھەيدەپ ئۆيلىرىگە قايتىشتى. بىراق، ئۇ يېرىم كۈن پالاق ئۇرۇپمۇ قارشى قىرغاققا بارالمىغانلىقىنى، ھەتتا قېيىقىنىڭ جايىدىن مىدىرلىمىغانلىقىنى بايقىدى.

ئۇنىڭ مەستلىكى بىراقلا يېشىلگەندەك بولدى: «ئەجەبا جىنغا يولۇقتۇممۇيا؟» بېلىقچى شۇنداق ئويلىدى ـ دە، قورققىنىدىن ياندىكى قىرغاققا ئۆزىنى ئاتتى، ئەمما قىرغاققا چىقىپلا بىر نەرسىگە پۇتلىشىپ، قاتتىق يىقىلىپ بېشى بىر نەرسىگە تەگدى، شۇنىڭدىن كېيىنكى ئىشلارنى بىلمىدى.

ئويغانغاندا ئۇنىڭدىكى شارابنىڭ تەسىرى تۈگىگەنىدى، ئۇ ئۆزىنىڭ ئادەتتە بېلىق تۇتىدىغان دەريا بويىدا ياتقانلىقىنى بايقاپ ھەيران قالدى، تېخى بېشىنىڭ بىر يەرلىرى ئاغرىۋاتاتتى. بېلىقچى ئىنچىكىلىك بىلەن ئەسلىگەندىن كېيىن نېمە ئىش بولغانلىقىنى ئاندىن بىلدى.

«بىراق قېيىق نېمىشقا جايىدىن مىدىرلىماي تۇرغاندۇر؟» ئۇ ئەجەبلىنىپ ئاياغ ئاستىغا قارىدى ـ دە، بىردىنلا ھەممىنى چۈشەندى. ئەسلىدە ئۇ تۈنۈگۈن كېچە قاتتىق مەست بولۇپ كەتكەنلىكتىن، قېيىقنىڭ ئارغامچىسىنى يەشمىگەنىكەن. ئۇ پۇتلىشىپ كەتكەن نەرسە دەل ئارغامچا ئىكەن، ئۇنىڭ بېشى تەگكەن نەرسە ئارغامچىنى باغلىغان تاش بولىدۇ ـ دە، ئەلۋەتتە.

مۇشۇ كىچىككىنە ئىشنى ئۆزىمىزگە باغلاپ ئويلايدىغان بولساق، ئۆمۈر مۇساپىمىزدە مۇشۇنىڭغا ئوخشاش قانچىلىغان كۆرۈنمەس «ئارغامچا»لار بىزنىڭ ھايات كېمىمىزنىڭ ئىلگىرىلىشىنى توسىدىغاندۇر - ھە؟ ئۇلارنى تۇرمۇشتا بىز ئۆزىمىز يىللاپ - ئايلاپ باغلىۋالىمىز، باشقىلار ئۇنىڭ ئورنىنى ئېنىق بىلسىمۇ، بىزگە يېشىپ بېرەلمەيدۇ، ئۆزىمىزنىڭ بۇ باغلاقلارنى يېشىۋېتىشكە قۇربىمىز يەتسىمۇ، ئەمما ئۇنىڭ ئېنىق ئورنىنى بىلەلمەيمىز. ئۇنىڭ ئۈستىگە، بىر كۆنەلەرگە بارغاندا بىرى بىزگە ئۇنىڭ ئورنىنىڭ قەيەردىلىكىنى ئېيتىپ بەرگەن تەقدىردىمۇ، بىزنىڭ ئۇنى يېشىشنى خالاش - خالىماسلىقىمىز ئۆزىمىزگە باغلىق ئىش. شۇنداق بولغاندا، بىزنىڭ تۇرمۇشىمىز قاچان ئوڭۇشلۇق بولالايدۇ؟

**ھېكمەت:**

ھايات مۇساپىمىزدە نۇرغۇنلىغان كۆرۈنمەس كىشەنلەر بىزنىڭ ئالغا ئىلگىرىلەيدىغان بىر جۈپ پۇتىمىزنى، ئەركىن قەلبىمىزنى چۈشەپ تۇرىدۇ. باشقىلار بىزگە ئۇنىڭ ئېنىق ئورنىنى دەپ بېرەلەيدۇ، ئەمما ھەقىقىي ئاچقۇچ يەنىلا باشتىن - ئاخىر ئۆز قولىمىزدا.

## 11

# ئارزۇ ۋە رېئاللىق

بۇ ئوغۇل تەڭرىگە ئۆزىنىڭ تىلىكىنى ئىلتىجا قىلىۋاتاتتى: «مەن مۇلايىم، بويى ئېگىز، گۈزەل بىر ئايالغا ئۆيلىنىشنى، كەينىدە گۈللۈكى بار كىچىك داچام بولۇشنى، داڭلىق ئەرباب بولىدىغان ئۈچ ئوغلۇم بولۇشنى، يەنە بىر ھەشەمەتلىك ماشىنام بولۇشنى ئارزۇ قىلىمەن!».

تەڭرى ئۇنىڭ ئارزۇسىنىڭ ئەمەلگە ئېشىشىغا دۇئا بەردى.

نۇرغۇن يىللاردىن كېيىن ھېلىقى بالا چوڭ بولدى، ئۇ مۇلايىم، گۈزەل ئايالغا ئۆيلەندى، ئەمما ئايالىنىڭ بويى پاكار ئىدى؛ ئۇماق ئۈچ پەرزەنتلىك بولدى، ئەمما ئۇلار ئوغۇل بولماستىن، ھەممىسى قىز ئىدى؛ ئۇ يامان ئەمەس بىر ئۆيگە ئىگە بولدى، ئەمما ئۇ داچا بولماستىن، ئادەتتىكى بىر قەۋەتسىز ئۆي ئىدى؛ ئۆيىنىڭ كەينى گۈللۈك بولماستىن، بەلكى ئايالى ئاچقان خېلى چوڭ بىر پارچە كۆكتاتلىق ئىدى؛ ئۇنىڭ ماشىنىسىمۇ بار بولدى، بىراق ئۇ ئۇنىڭ ئارزۇسىدىكىدەك كاتتا مۇسابىقە ماشىنىسى بولماستىن، بەلكى كىشىلەرنىڭ يۈكىنى توشۇپ بېرىدىغان چوڭ يۈك ماشىنىسى ئىدى.

تەڭرى ئۇنىڭغا ئۇ ئارزۇ قىلغان نەرسىلەرنى بەرمىدى، شۇڭا ئۇ قاتتىق غەزەپلىنىپ، تەڭرى بىلەن زاكونلاشماقچى بولدى.

ئۇ تەڭرىدىن سورىدى:

— سەن نېمىشقا ماڭا مەن ھەقىقىي ئارزۇ قىلغان نەرسىلەرنى ئاتا قىلمايسەن؟

— ھە؟ — دېدى تەڭرى ئۇنىڭغا ھەيران بولۇپ، — مەن پەقەت سېنى تاسادىپىي خۇشال قىلىۋېتەي دېگەنىدىم، شۇڭا سەن ئويلىمىغان نەرسىلەرنى ئاتا قىلغان. ئۇنىڭ ئۈستىگە سەنمۇ ماڭا مەن سەندىن ھەقىقىي ئېرىشىشنى ئارزۇ قىلغان نەرسەمنى بەرمىدىڭغۇ؟

— سېنىڭمۇ ئېھتىياجىڭ بارمىدى؟ سەن نېمىگە ئېرىشىشنى ئارزۇ قىلىسەن؟ — دېدى ئەر ئىنتايىن ھەيران بولۇپ.

— مەن سىزنىڭ مەن ئاتا قىلغان نېمەتلەردىن خۇشال بولۇشۇڭنى ئار-زۇ قىلاتتىم، — دېدى تەڭرى.

ئەر تەڭرىنىڭ نېمە دېمەكچى ئىكەنلىكىنى ۋە تۇرمۇشنىڭ ھەقىقىي ما-ھىيىتىنى تۇيۇقسىزلا چۈشىنىپ يەتتى - دە، شۇنىڭدىن كېيىنكى ھەربىر كۈننى خۇشاللىق ئىچىدە ئۆتكۈزدى.

**ھېكمەت:**

ئارزۇ بىلەن رېئاللىق ئوتتۇرىسىدا مەڭگۈ ئارىلىق ۋە پەرق بولىدۇ، بۇ دەل تەڭرىنىڭ ئەقىللىق ۋە نادان كىشىلەرنى بىر - بىرىدىن پەرقلەندۈ-رۈشتىكى ئۆلچىمى. ئەقىللىق كىشىلەر مىننەتدارلىق بىلەن رېئال تۇرمۇشتىن بەھرىلىنىدۇ، نادان كىشىلەر بولسا قولىدىكى خۇشاللىقنى خالىغانچە تاشلى-ۋېتىدۇ.

## 12

## ئالقانغا قاراپ رەم ئېچىش

ئۇ ئايالنى تۇنجى كۆرگەن چېغىمدا ئۇنىڭ كىيىملىرى رەتسىز، چىرايى سولغۇن بولۇپ، تۇرمۇشنىڭ ئادىل ئەمەسلىكىدىن ۋايساپلا تۇراتتى. ئۇنىڭغا نەسىھەت قىلىپ قويۇشنى ئويلىدىم.

ئۇنىڭ تەقدىرگە ئىشىنىدىغانلىقىنى بىلگەن چېغىمدا، كاللامدا بىر ئوي پەيدا بولدى ـ دە، ئۇنىڭ قولىنى تۇتۇپ تۇرۇپ:

ـــ كېلىڭە، قولىڭىزنى كۆرۈپ باقاي، ـــ دېدىم.

ئويلىمىغان يەردىن ئۇ قولىنى تارتىۋېلىپ:

ـــ ياق بولمايدۇ، قەتئىي بولمايدۇ، ـــ دېدى.

ـــ نېمە بولدى؟ ـــ دەپ سورىدىم مەن.

ـــ 20 يىلنىڭ ئالدىدا بىر پالچى قولۇمغا قاراپ مېنىڭ تەقدىرىمنى ياخشى بولمايدىكەن، دېگەنىدى. شۇنىڭدىن باشلاپلا مېنى نەس باسقىلى تۇرغان. ئەينى چاغدا مەن ناھايىتى مۇنەۋۋەر بىر يىگىت بىلەن مۇھەببەتلىشىۋاتاتتىم، بىراق مەن نەس تەقدىرىمنىڭ مېنى ئۇنداق بەختكە ئېرىشتۈرىدىغانلىقىغا ئىشەنمىدىم، شۇنىڭ بىلەن ئۇ يىگىتتىن ئايرىلىپ، ھازىرقى ئېرىمگە تەگدىم. ئويلىمىغان يەردىن مېنىڭ ئېچىنىشلىق تۇرمۇشۇم مانا شۇنىڭ بىلەن باشلاندى. شۇنداق سەت ھەم گاداي بىر ئادەم ھە دېسىلا ماڭا ۋارقىراپ ـ جارقىرايدۇ، تېخى مېنى ئۇرۇپمۇ سالىدۇ! ـــ ئۇ كوتۇلداپلا كەتتى.

مەن ئۇنىڭ گېپىنى ئۈزۈۋېلا، قولىنى مەجبۇرىي تارتىپ ئالقىنىنى ئاچتىم، ئاندىن قەستەنگە ناھايىتى ھەيران قالغان قىياپەتتە توۋلاپ:

ـــ ۋاي تەڭرىم! ھېلىقى پالچى قولىڭىزنى قانداق كۆرۈپ رەم باققان بولغىيتتى، سىزنىڭ تەقدىرىڭىز يامان ئەمەسكەن، 40 ياشتىن كېيىن ئامەتىڭىز كەلگۈدەك! ـــ دېدىم.

ـــ راستىما؟ ـــ دېدى ئۇ بىردىنلا خۇشال بولۇپ، ـــ مەن بۇ يىل 40

ياشقا كىردىم، ئەجەبا كېلەر يىلى ھەممە ئىشلىرىم ياخشىلىنىپ كېتەرمۇ؟

— چوقۇم شۇنداق بولىدۇ. مەن ئالقانغا قاراپ رەمل سېلىشنى تەتقىق قىلىۋاتقىلى ئون نەچچە يىل بولدى، ماڭا ئىشەنسىڭىز خاتالاشمايسىز، — دېدىم مەن ئىنتايىن ئىشەنچ بىلەن.

..........................

يېرىم يىلدىن كېيىن ئۇنى قايتا ئۇچرىتىۋىدىم، ئۇ سەل سەمرىپ قاپتۇ، كىيىم - كېچەكلىرىمۇ شۇنداق رەتلىك، چىرايىدىن تەبەسسۇم جىلۋىلىنىپ، خۇددى ئون ياش ياشىرىپ قالغاندەكلا كۆرۈندى.

**ھېكمەت:**

يېتەرلىك ئۇزۇقلۇق، سۇ قاتارلىق ماددىي بۇيۇملار بىزنىڭ ھايات كەچۈرۈشىمىزنىڭ ئاساسى، ساغلام روھ ۋە مىجەز - خاراكتېر بولسا خۇشاللىقىمىزنىڭ ئاساسى. تەرسالىق بىلەن قەلبىڭىزنى قاراڭغۇلۇققا ئەسىر قىلىۋالسىڭىز، يورۇقلۇقنى قانداق ھېس قىلالايسىز؟

13

## سىزىپ چىققان دېرىزە

خۇاڭ يۇڭيۇ مەملىكىتىمىزنىڭ ئاتاقلىق رەسسامى بولۇپ، كىچىكىدىنىلا رەسىم سىزىشنى ياخشى كۆرەتتى، ئۆسمۈرلۈك چاغلىرىدا ياغاچ ئويما ئە-سەرلىرى بىلەن رەسساملىق ساھەسىدە شۆھرەت قازىنىپ، «جۇڭگودىكى ئۈچ بالا ئەۋلىيانىڭ بىرى» دېگەن شەرەپلىك نامغا ئېرىشكەن. ئەمما، سىز بۇ داڭلىق رەسسامنىڭ يەنە بىر «كەيپىيات» ئۇستىسى ئىكەنلىكىنى ئويلى-مىغان بولۇشىڭىز مۇمكىن.

شۇ يىلى بېشىدىن كۆپ ئىسسىق - سوغۇقلار ئۆتكەن خۇاڭ يۇڭيۇ بېيجىڭغا كېلىپ، بۇگۇنكى كۇندە ئۇ «قىچا تالقىنى» دەپ نام بەرگەن كونا ئۆيىگە چۈشتى. بۇ تۆتىلا تەرىپى تاملىق كونا ئۆي بولۇپ، تار ئىشىكتىن باشقا بىرەر دېرىزىسىمۇ يوق ئىدى. ئەگەر ئىشىكنى يېپىۋەتسىلا ئۆي ئىچى خۇددى يېرىم كېچىگە ئوخشاش، قولنى كۆتۈرسە بەش بارماقنى بىلگىلى بولمىغۇدەك قاراڭغۇلىشىپ كېتەتتى. ئەمما ئويلىمىغان يەردىن چىققىنى، خۇاڭ يۇڭيۇ ئادەمنىڭ ئىچىنى سىقىدىغان بۇ ئۆيدىن بىزار بولماقتا يوق، ئەكسىچە قاقاھلاپ كۈلۈپ كەتتى. ئۇ كۆلگىنىچە بىر پارچە ئاق قەغەزنى ئېلىپ تامغا چاپلىدى، ئاندىن قەغەزگە رەسىم سىزىشقا باشلىدى. ھايال بولماي قەغەز يۈزىدە خۇددى راستتەكلا بىر دېرىزە پەيدا بولدى - دە، شۇ-ئان خۇددى سىرتتىكى قۇياش نۇرى بۇ كىچىك ئۆيگە بىراقلا چۈشكەندەك ئۆي ئىچى يورۇپ كەتتى. ئۆيدىكىلەرنىڭ ھەممىسى ھەيران قېلىشتى، ئان-دىن تەرەپ - تەرەپتىن چاۋاك چېلىشىپ، «ياخشى، ياخشى» دەپ چۇقان سېلىشتى.

مېنىڭچە، كىشىلەرنىڭ «ياخشى، ياخشى» دەپ قايىل بولۇشىدىكى سە-ۋەب خۇاڭ يۇڭيۇنىڭ ئادەمنىڭ روھىنى لال قىلغۇدەك كامالەتكە يەتكەن رەسساملىق ماھارىتىدىن باشقا، تېخىمۇ مۇھىمى، ئۇنىڭ «ئۆزىگە بىر دېرىزە سىزىپ بېرەلىشى»دەك كەڭ قورساق كىشىلىك تۇرمۇش پوزىتسىيەسى بو-

لۇشى مۇمكىن.

**ھېكمەت:**

مەيلى قانداق زەربە ياكى قىيىنچىلىققا ئۇچرايلى، پەقەت قەلبىمىزدە قۇ-ياش نۇرىنى قوبۇل قىلالىغۇدەك دەرىزىلا بولىدىكەن، رېئاللىقتىكى قاراڭغۇ-لۇقتىن بۆسۈپ چىقىپ، دەرىزە سىرتىدىكى ئاشۇ يورۇق مەنزىرىنى كۆرە-لەيمىز.

## 14
## كوتۇلداپ ئۇلتۇرۇشقا ۋاقتىم يوق

كىچىك ۋاقتىمدا يېزىدا مومام بىلەن بىللە تۇراتتىم. ئۇ چاغدا مومام بىر كىچىك دۇكان ئاچاتتى، دۇكاننىڭ ئالدىدا ئازراق بوش يەر بار ئىدى. كەنتنىڭ يېرى ئاز بولغاچقا كىشىلەر بېرىپ ئوينىغۇدەك يەرمۇ يوق ئىدى، شۇڭا مومامنىڭ دۇكىنىنىڭ ئىچى - سىرتى كىشىلەر بىكار چاغلىرىدا يىغىلىشىپ پاراڭلىشىدىغان سورۇنغا ئايلىنىپ قالغانىدى.

شۇ كۈنلەردە بەزى كىشىلەرنىڭ مومامغا توختىماي كوتۇلدايدىغانلىقى ھېلىمۇ ئېسىمدە تۇرۇپتۇ — «مېنىڭ كېلىنىم يەنە تەتۈر قاراپ يۈرىدۇ، ۋاي تەڭرىمەي، مەندەك قېيىنانىغا ئۇۋال»؛ «مىڭ بىر مۇشەققەتتە تېرىغان كېۋەزىمگە ئۆزۈم قول سالماي تۇرۇپلا، ئوغرى قول سايتۇ، ئەجەپ تېرىكتۈردى ئادەمنى»...

مەن مومامنىڭ چىرايىغا دىققەت قىلاتتىم، ھەر قېتىم بۇنداق گەپلەرنى ئاڭلىغاندا مومامنىڭ چىرايىدا ھېچقانداق ئىپادە بولمايتتى ياكى بولمىسا مىيىغىدىلا كۈلۈپ قوياتتى. كىشىلەر ھەرقانچە قىيىن، ھەرقانچە ئېچىنىشلىق ئىشلارنى دېگەن تەقدىردىمۇ ئۇ پەقەت «ھىم» ياكى «ھە» دەپلا تۈگىتەتتى ياكى بولمىسا ئاڭلىمىغان بولۇۋالاتتى. شۇڭا، مەن ئىزچىل تۈردە مومامنى «ھېسداشلىق قىلىشنى بىلمەيدىغان ئادىمگەرچىلىكى يوق موماي» دەپ كەلگەنىدىم.

مەلۇم بىر كۈنى پەقەت تاقەت قىلالماي مومامدىن سورىدىم:

— موما، نېمىشقا ئۇلارغا قوشۇلۇپ ئازراق سۆزلەپ قويمايسەن؟

موما ماڭا بىر قارىۋېتىپ جاۋاب بەردى:

— كوتۇلدىشىپ بېرەمدىم؟ مېنىڭ ئۇنىڭغا ۋاقتىم يوق، — موماممېنىڭ چۈشەنمەيۋاتقان ھالىتىمنى كۆرۈپ، ماڭا چۈشەندۈرۈشكە باشلىدى، — دۇنيا شۇنداق چوڭ، ھەر كۈنى ئادەملەر ئۆلۈپ تۇرىدۇ. ئىنساننىڭ ھاياتى شۇنداق قىسقا، خۇشال - خورام ئۆتۈشكىمۇ ئۈلگۈرەلمەيۋاتقاندا، كوتۇلداش-

قا نەدىكى ۋاقىت دەيسەن. ئەگەر سەن ھەممىلا ئىشتىن رازى بولمىساڭ، يا ئۇنى ئۆزگەرتەلمىسەڭ، ئۇنداقتا باشقىچە پوزىتسىيە بىلەن قاراپ بېقىشىڭ كېرەكتە.

ئەسلىدە كوتۇلداپ ئولتۇرمىسمۇ بولىدىكەن، ئەقىللىق ئادەملەر بۇنى قىلالايدۇ! مەن ئاخىرى مومامنىڭ «سوغۇق مۇئامىلە»سىنى چۈشەندىم.

**ھېكمەت:**

ناۋادا سىزنى غەمگە پاتۇرغان چوڭ مۇھىتنى ئۆزگەرتىش مۇمكىن بولمىسا، ئۇنداقتا ئۆزىڭىزنىڭ ئۇنىڭغا تۇتقان پوزىتسىيەڭىزنى ئۆزگەرتىڭ. ھايات شۇنچە قىممەتلىك ۋە قىسقا تۇرسا، نېمىشقا خۇشاللىق بىلەن چىقىشالمايمىز؟ نېمىشقا ئۆزىمىز بىلەن چىقىشالمايمىز؟

## 15

## ئۆمۈچۈكنىڭ ئادەمگە بەرگەن ئىلھامى

قاتتىق بوران - چاپقۇندىن كېيىن ئۆمۈچۈكنىڭ مىڭ بىر جاپادا توقۇ- غان تورى بۇزۇلۇپ كەتتى. ئامال يوق، ئۆمۈچۈك يەنە بىرنى توقۇشقا مەجبۇر بولدى. بۇ قېتىم ئۇ قارىماققا بىرقەدەر پۇختىراق كۆرۈنگەن تام بۇ- لۇڭىنى تاللىدى.

ئۆمۈچۈك بىر تالدىن - بىر تالدىن مەشۇت چىقىرىپ ھارغىنىنى بىلمەي توقۇۋېتتى، بىراق ئەمدى يېرىمىنى توقۇپ بولغاندا تام بۇلۇڭىدا ساڭگىلاپ تۇرغان شاخ يامغۇردىن كېيىنكى شامالدا پۇلاڭشىپ، ئەمدىلا شەكىلگە كىرگەن تورنى بۇزۇۋەتتى. شۇنداق قىلىپ، ئۆمۈچۈك يەنە - يەنە توقۇ- ۋەردى، دەرەخ شېخى يەنە - يەنە پۇلاڭلاپ بۇزۇۋەردى، بىرنەچچە سائەت ئۆتۈپ كەتتى، ئۆمۈچۈك تورنى تېخىچىلا پۈتتۈرەلمىدى.

بۇ جەرياننى بۇ يەردىن ئۆتۈپ كېتىۋاتقان ئۈچ ئادەم كۆردى.

بىرىنچى ئادەم كۈلۈپ تۇرۇپ: «تازىمۇ ھاماقەت ئۆمۈچۈككىنا، تام ئۆ- لۈك، سەن تىرىك تۇرساڭ، بۇ يەر بولمىسا باشقا يەرگە بارمامسەن، ئۇۋى ئىچىگە توقۇساڭمۇ بولاتتىغۇ! مەن كېيىن ھەرقانداق ئىش ۋە مۇئامىلىدە ھەرگىزمۇ سەندەك ئەخمەقلىق قىلمايمەن» دەپ ئويلىدى. بىرنەچچە يىلدىن كېيىن بۇ ئادەم بىر داڭلىق سودىگەرگە ئايلاندى، باشقىلار ئۇنىڭدىن پۇل تېپىشنىڭ سىرىنى سورىغاندا، ئۇ ئاددىيلا قىلىپ: «نەدە پۇل تاپقىلى بولسا، شۇ يەرگە بېرىش، ھاماقەت ئۆمۈچۈكتەك بىر تام بۇلۇڭىنىلا ساقلاپ يات- ماسلىق» دەپ جاۋاب بەردى.

ئىككىنچى ئادەم بولسا ھەيران بولۇپ: «تۇۋا، كىچىككىنە بىر ئۆمۈچۈك جېنىدا ئۇڭۇشسىزلىق ئىچىدە يەنە مەغلۇب بولسا يەنە كۈرەش قىلىۋاتقان يەردە، مەن بىر قېتىملىق خىزمەت پۇرسىتىدىن ئايرىلىپ قالغىنىم ئۈچۈن بۇنچىۋالا چۈشكۈنلىشىپ كەتسەم قانداق بولغىنى!» دېگەنلەرنى ئويلاپ، قەيسەر بولۇشقا بەل باغلىدى. نەتىجىدە ئۇ راستىنلا قەيسەر بىر ئادەمگە

ئايلاندى.

ئۇچىنچى ئادەم ئېغىر ئۇھسىنىپ: «ھەي، مەن مۇشۇ ئۆمۈچۈككە ئوخشايمەنغۇ، گەرچە ئالدىراپ - تېنەپ يۈرسەممۇ ھېچقانداق نەتىجىگە ئېرىشەلمەيمەن» دېدى. شۇنىڭ بىلەن ئۇ كۈندىن - كۈنگە چۈشكۈنلىشىپ كېتىۋەردى.

**ھېكمەت:**

تۇرمۇش ھەممە ئادەمگە ئادىل، ئەمما كىشىلەر ئۇنىڭغا ئوخشاشمىغان روھىي ھالەتتە قارىغاندا، ھامان ئوخشاشمىغان يەكۈنگە ئېرىشىدۇ ھەم شۇ سەۋەبلىك، يا مۇۋەپپەقىيەت قازىنىدۇ، يا مەغلۇب بولىدۇ.

## 16

## ئىنتىقام ئېلىش

نۇرغۇن يىللار ئىلگىرى بىر رەسسام ئۇردىدىكى بىر ۋەزىرنىڭ چىشىغا تېگىپ قويغانلىقتىن، ۋەزىر كۆكلىدە غوم ساقلاپ، پۇرسەت تېپىپ ئۇنى قەستلەپ ئۆلتۈرۈۋەتكەنىدى. نۇرغۇن يىللاردىن كېيىن ئاشۇ رەسسامنىڭ ئوغلىمۇ ئاتا كەسپىگە ۋارىسلىق قىلىپ ئۇستا رەسسام بولۇپ قالدى. بىراق، ئۇ ھېلىقى ۋەزىرنىڭ تا ھازىرغىچە ئاتىسىغا ئۆچمەنلىك ساقلاپ يۈرگەنلىكىنى بىلگەچكە، ئۆزىگە پايدىسىزلىقىدىن ئەنسىرەپ، ھەر كۈنى ئادەتتىكىدەك رەسىملەرنى سىزىپ رەسىم بازىرىدا سېتىپ تۇرمۇش كەچۈردى.

ئۇشتۇمتۇت بىر كۈنى ھېلىقى ۋەزىرنىڭ ئوغلى رەسىم بازىرىنى ئارىلاۋېتىپ ئۇنىڭ بىر پارچە رەسىمىنى ياقتۇرۇپ قالدى، بىراق رەسسامنىڭ ئوغلى ھاكاۋۇرلۇق بىلەن بىر پارچە رەختنى ئېلىپ ئۇ رەسىمنى يېپىپ قويۇپ، ساتمايدىغانلىقىنى ئېيتتى. ۋەزىرنىڭ ئوغلىنىڭ ئۈمىدسىزلەنگەن ھالدا قايتقىنىنى كۆرگەن رەسسامنىڭ ئوغلى ئۆچ ئېلىشىنىڭ پەيزىنى سۈرگەندەك بولدى.

بىرنەچچە كۈندىن كېيىن ھېلىقى ۋەزىر ئۇلارنىڭ ئۆيىگە كېلىپ ھېلىقى رەسىمنى سېتىپ بېرىشنى، قانچىلىك پۇل تەلەپ قىلسا بېرىدىغانلىقىنى، چۈنكى ئوغلىنىڭ شۇ رەسىمنىڭ غەلۋىسىنى قىلىۋاتقىنىغا نەچچە كۈن بولغانلىقىنى ئېيتتى. بىراق، رەسسامنىڭ ئوغلى يەنىلا رەت قىلدى، ئۇ تويمىغۇرلۇق بىلەن بۇ خىل ئىنتىقام ئېلىشىنىڭ پەيزىنى سۈرۈپ، ئۆزۈن يىللاردىن بۇيان كۆكلىدە ساقلىنىپ كېلىۋاتقان ئۆچمەنلىكىنىڭ ئاخىرى خېلى بوشاپ قالغانلىقىنى سەزگەندەك بولۇۋاتاتتى.

شۇ كۈنى سەھەردە رەسسامنىڭ ئوغلى بىر ئىلاھنىڭ سۈرىتىنى كۆڭۈل قويۇپ سىزىۋاتاتتى — بۇ ئۇنىڭ ئادىتى بولۇپ، ھەر كۈنى سەھەردە ئورنىدىن تۇرۇپلا ئالدى بىلەن ئۆزى چوقۇنىدىغان ئىلاھنىڭ سۈرىتىدىن بىرنى سىزاتتى. ئۇ سىزىپ - سىزىپ ئىلاھنىڭ كۆزىگە سەپ سېلىپ قارىدى

- دە، ئۆز - ئۆزىگە پىچىرلىدى: «غەلىتە ئىش، بۇ ئىلاھنىڭ رەسىمى نې-مانداق بىر ئادەمگىلا ئوخشايدۇ؟ زادى كىم بولغىيتتى ئۇ؟» رەسسامنىڭ ئوغلى ئۇزۇن ئويلىنىپ تۇرۇپ، تۇيۇقسىزلا ھەيران بولۇپ ۋاقىرىۋەتتى: «تەڭرىم، ئەسلىدە ئۇ ئىكەنغۇ، ھېلىقى ئاتامنى قەستلەپ ئۆلتۈرگەن ۋە-زىر!»

ئۇ خۇددى سارائلاردەك رەسىمنى يىرتىپ پارە - پارە قىلىپ تاشلىدى - دە، ۋارقىرىدى: «مېنىڭ ئۆچمەنلىكىم ئاخىرى مېنىڭ ئۆزۈمدىن ئۆچ ئال-دى!».

**ھېكمەت:**

ئۆچمەنلىك كىشى قەلبىدىكى ئوت مەنبەسى، ناۋادا ئۇنى تۇتاشتۇرۇپ باشقىلارنى كۆيدۈرمەكچى بولسىڭىز، ئۆزىڭىزگە ئاۋۋال تۇتىشىدۇ. ئۆزىڭىز ئۆلگەن تەقدىردىمۇ، قارشى تەرەپ يەنىلا ساق - سالامەت قېلىشى مۇم-كىن.

## 17

# زۇمرەت كۆزلۈك ئۆزۈك

شەھەردىكى ئەڭ چوڭ ئۈنچە ـ مەرۋايىت دۇكىنىغا تۆنۈگۈن كەچتە ئوغرى چۈشۈپ، نۇرغۇنلىغان قىممەت باھالىق ئەتىۋارلىق بۇيۇملار ئىز ـ دېرەكسىز يوقالدى. بىراق، ساقچىلار تەكشۈرۈپمۇ ھېچقانداق يىپ ئۇچىغا ئېرىشەلمىدى، پەقەت ئامانلىق سىستېمىسىنىڭ بۇزۇلۇشى، بىخەتەرلىك ساندۇق قۇلۇپىنىڭ ئېچىۋېتىلىشى، ئۆزئارا ماسلىشىش ۋە كۆزەتچىلىك قاتارلىقلاردىكى ئەتراپلىق ھەمكارلىققا قاراپ: «دېلو سادىر قىلغۇچىلار بىر جىنايەتچىلەر گۇرۇھى، ھەرگىزمۇ بىر ئادەم ئەمەس» دەپ ھۆكۈم چىقاردى.

باشقا ئامال بولمىغاچقا ئۈنچە ـ مەرۋايىت دۇكىنى بايلىقنى تېپىشىپ بەرگەنلەرنى تارتۇقلاش ئېلانى چىقاردى. دۇكان خوجايىنى مۇخبىرلارنىڭ زىيارىتىنىمۇ قوبۇل قىلىپ، ئاپپارات ئالدىدىلا ناھايىتى ئەپسۇسلانغان ھالدا پېشانىسىگە شاپىلاقلاپ تۇرۇپ:

— ھەي، ئالتۇن ـ كۈمۈش، ئالماسلىرىم يىتكەن بولسا ئۈنچىۋالا ئېچىم ئېچىشمىغان بولاتتى، مېنىڭ چىدىماي قالغىنىم ھېلىقى زۇمرەت كۆزلۈك ئۆزۈك! بىلەمسىز، ئۇ دېگەن مېنىڭ ئاتا ـ بوۋامدىن قالغان تەۋەررۈك گۆھەر بولۇپ، قىممىتى بىباھا ئىدى! ئەسلىدە مەن ئۇنى سېتىپ يەنە بىر تارماق دۇكان ئاچماقچىدىم، ئويلىمىغان يەردىن ئوغرى ئالدى، ھەقىقەتەنمۇ يۈرىكىم ئېچىشىپ ئۆلگۈدەك بولدۇم! — دېدى.

ئەلۋەتتە، بۇ پىروگراممىنى ئۇ ئوغرىلارمۇ كۆرۈۋاتاتتى، بىراق دۇكان خوجايىنىنىڭ سۆزى ئەمدىلا تۈگىشىگە، ئۇلارنىڭ ھەممىسىنىڭ نەزىرى «چوڭ قارا» لەقەملىك بىرىگە ئاغدى ـ دە، «سەن تېخى بىر تال گۆھەرنى تىقىۋېلىشقا پېتىندىڭمۇ» دېگىنىچە، ئۇنى تەرەپ ـ تەرەپتىن بوران ـ يامغۇر كەبى مۇشتلاشقا باشلىدى.

«چوڭ قارا» ئېچىنىشلىق ئىڭرىغىنىچە ئۆزىنى ئاقلىدى:

— مەن تىقىۋالمىدىم، ماڭا ئىشىنىڭلار، مەن راستلا تىقىۋالمىدىم.

— مالنى باشتىن - ئاياغ سەن يالغۇز تۇتقان تۇرساڭ، سەن ئالمىساڭ كىم ئالىدۇ! — ئۇغرىلار تېخىمۇ غەزەپلىنىپ «چوڭ قارا»نى تازا سالدى...

ئىككىنچى كۈنى ساقچى ئۇنچە - مەرۋايىت دۇكىنىنىڭ خوجايىنىغا تېلېفون قىلىپ، دېلونىڭ پاش بولغانلىقىنى، كېلىپ يىتكەن ماللىرىنى ئېلىپ كېتىشىنى، ئەپسۇس ئۇ ئېيتقان ھېلىقى زۇمرەت كۆزلۈك ئۈزۈكنىڭ تېپىلمىغانلىقىنى ئېيتتى.

دۇكان خوجايىنى ماللارنى تەكشۈرۈپ ئۆتكۈزۈۋالغاندىن كېيىن، ساقچىغا مۇنداق دېدى:

— مەن مۇشۇ نەرسىلەرنىلا يىتتۈرگەن، نەدىمۇ زۇمرەت كۆزلۈك ئۈزۈكۈم بولسۇن. مەن دەماللىققا ئېلىشىپ كېتىپ، قالايمىقان سۆزلەپ قويۇپتىمەن.

ساقچى ئاۋۋال داڭ قېتىپ تۇرۇپ قالدى، ئارقىدىنلا ھەممىنى چۈشەنگەندەك بولۇپ قاقاھلاپ كۈلۈپ كەتتى.

**ھېكمەت:**

«رەزىللىك ئادالەتنى باسالمايدۇ» دېگەندەك، ئەسكى ئادەملەرمۇ ياخشى ئادەمنىڭ يالغان گېپىگە ئىشىنىدۇكى، ئەسكى ئادەمنىڭ راست گېپىگە ئىشەنمەيدۇ. بۇ نۇقتىدىن ياخشى پايدىلانساق، گاھى چاغلاردىكى يامان ئىشنى ياخشى ئىشقا ئايلاندۇرالايمىز.

## 18

## بەختكە يارىشا

دۇنيادا مۇنداقمۇ قاپيۇرەك ئوغرىنىڭ بارلىقىنى ئويلىمىغان بولغىيتتىڭىز، ئۇ ئادەم يوق پۇرسەتتىن پايدىلىنىپ ئامېرىكا پرېزىدېنتى فرانكلىن روزىۋېلتنىڭ ئۆيىنى قۇرۇقداپ قويدى! كەچتە روزىۋېلت ئۆيىگە قايتىپ كېلىپ نۇرغۇنلىغان پۇللۇق، كېرەكلىك نەرسىلىرىنىڭ ئوغرىلانغانلىقىنى بايقىدى.

روزىۋېلتنىڭ بۇنىڭدىن خەۋەر تاپقان بىر دوستى دەرھال ئۇنىڭغا خەت يېزىپ تەسەللى بەردى، ئۇ خېتىدە مۇنداق يازدى: «قەدىرلىك پرېزىدېنت ئەپەندى، ئاڭلىسام ئۆيىڭىزگە ئوغرى كىرىپتۇ، سىزدىن بەكمۇ ئەنسىرىدىم. تەڭرى ھەقىقەتەن ئادالەتسىز ئىكەن، ئۇ نېمىشقا سىزگە ئوخشاش بىر ئۇلۇغ زاتقا بۇنداق بەختسىزلىك كەلتۈرىدۇ!

مەيلى نېمىڭىز يىتكەن بولۇشىدىن قەتئىينەزەر، جىسمانىي ۋە روھىي ساغلاملىقىڭىزنى ئايىشىڭىزنى ئۈمىد قىلىمەن، بۇ ئىشقا بەك كۆڭلىڭىز چېچىلىپ، سالامەتلىكىڭىزگە تەسىر يەتمىگەي. كۆڭلىڭىزنىڭ بالدۇرراق ئېچىلىشىنى تىلەيمەن!»

روزىۋېلت خەتنى ئوقۇپ بولۇپلا قولىغا قەلەم ئېلىپ جاۋاب يازدى: «قەدىرلىك دوستۇم، ماڭا خەت يېزىپ تەسەللى بەرگىنىڭىزگە تەشەككۈر. مەن ھازىر ئىنتايىن خاتىرجەم، مەيلى تەن سالامەتلىكىم ياكى روھىي ھالىتىم بولسۇن، ئىنتايىن ياخشى، شۇڭا مەندىن ئەنسىرىشىڭىزنىڭ ئورنى يوق. تەڭرى ھەقىقەتەن ئادىل ئىكەن، تۆۋەندىكى ئۈچ سەۋەبتىن، مەن تەڭرىدىن چەكسىز مىننەتدارمەن:

بىرىنچى، ئوغرى پەقەت مېنىڭ مېلىمنىلا ئوغرىلاپ كەتتى، مېنىڭ تېنىمگە زەخىم يەتكۈزمىدى؛

ئىككىنچى، ئوغرىنىڭ ئېلىپ كەتكىنى پەقەت مېنىڭ بىر قىسىملا مال ـ مۈلكۈم، مال ـ مۈلكۈمنىڭ بارلىقى ئەمەس؛

ئۈچىنچى، بۇ ئەڭ ئاخىرقى، شۇنداقلا مېنىڭچە ئەڭ خۇشاللىنىشقا ئەر-

زىيدىغان بىر نۇقتا، ئۇ بولسىمۇ، ئوغرىلىق قىلغان ئادەمنىڭ مەن ئەمەس، بەلكى ئۇ (باشقا بىرى) بولغىنى!

**ھېكمەت:**

«ئا كيۇ» روھىنىڭ ھەممىسىلا قېتىپ كەتكەن دەرت ـ ھەسرەت ئەمەس، ئۇنى قارا بولۇتلارنى قايرىۋېتىپ نۇرلۇق ئاينى كۆرۈشكە بولغان ئۇمىدۋارلىق دېيىشكىمۇ بولىدۇ. ئامالسىز قالغاندا، ئۆزىمىزگە ئىنتايىن پايدىسىز شارائىتتىمۇ، روھىي غالىبىيەتچىلىكتىن پايدىلىنىپ ياخشى، پارلاق تەرەپنى تېپىپ چىقىشنىڭ ئۆزى بىر تۈرلۈك ئاقىلانىلىق بولۇپلا قالماستىن، بەلكى زۆرۈرىيەتتۇر.

# 19

## ھەممە تومسالغۇلارنى بىتجىت قىلىشىمەن

دۇنياغا داڭلىق يازغۇچى بالزاك ئالىي مەكتەپكە ئىمتىھان بەرگەن چېغىدا تېخى ئىش كۆرمىگەن بالا ئىدى. دادىسىنىڭ ئۇنى بىر ئادۋوكات قىلىش ئارزۇسى بولغاچقا، ئۇ دادىسىغا بوي سۇنۇپ مەلۇم ئالىي مەكتەپنىڭ قانۇنچىلىق كەسپىگە ئىمتىھان بەردى.

تۆت يىللىق ئالىي مەكتەپ ھاياتى بالزاكنى ناھايىتى تېز يېتىلدۈردى، شۇنىڭغا ئەگىشىپ ئۇنىڭ ئىدىيەسىدىمۇ ناھايىتى چوڭ ئۆزگىرىش بولدى. ئۇ مەكتەپ پۈتتۈرگەندىن كېيىن كەسپىنى تاشلاپ ئۆزى ياخشى كۆرىدىغان ئەدەبىيات مۇنبىرىگە يۈرۈش قىلدى. بالزاكنىڭ بۇ ئىشى پۈتۈن ئەس - يادى ئۇنى داڭلىق ئادۋوكات قىلىشتا قالغان دادىسىنىڭ قاتتىق ئاچچىقىنى كەلتۈردى. دادىسى غەزەپلىنىپلا قالماي، يەنە ئۇنى «توغرا كەسىپ بىلەن شۇغۇللانمىدى» دەپ ئەيىبلىدى، تېخى ئۇنىڭغا خاتالىقىنى تونۇپ تۈزەتمىسە، ئەمدى ئۇنى ھېچقانداق تۇرمۇش راسخوتى بىلەن تەمىنلىمەيدىغانلىقىنى جاكارلىدى.

بالزاك «ئاچ قېلىش» خەۋپىگە نىسبەتەن جىممىدە كۈلۈپ قويۇپ، بېشىنى كۆتۈرمەي يازىدىغىنىنى يېزىۋەردى. بەلكىم تەڭرى راستىنلا بۇ «ۋاپاسىز» بالىنى جازالىدىمۇ قانداق، ئۇ بىر مەھەل مىققا ئۇسۇپلا يۈردى. ئارقا - ئارقىدىن قايتۇرۇۋېتىلگەن ئارگىناللار بالزاكنىڭ تۇرمۇشىنى قىيىنلاشتۇرۇپ، ئۇنى قەرزگە بوغۇشقا باشلىدى. ئېيتىشلارغا قارىغاندا، ئەڭ جاپالىق چاغلاردا ئۇ پەقەت قايناقسۇ بىلەن قۇرۇق بولكا يەپ قورساق تويغۇزغان. ياخشى يېرى، ئۇ ئۈمىدۋار بولغاچقا بۇ جاپالارغا باش ئەگمىدى، ئۇ دائىم غىزالانغاندا ئۈستىگە «كولباسا»، «كالا قوۋۇرغىسى» دېگەندەك خەتلەر يېزىلغان قۇرۇق تەخسىلەرنى ئالدىغا تىزىپ قويۇپ، تەسەۋۋۇرىدىكى ئېسىل مەزىلەردىن بولغۇدەك ھۇزۇرلىناتتى.

بىرنەچچە يىلدىن كېيىن قەھرىتان قىشتەك قاتتىق كۈنلەر ئۆتۈپ كەت-

تى، بالزاك ئاخىرى ئۆزىنىڭ ئەدەبىي ھاياتىنىڭ باھارىنى كۈتتۈۋالدى. ئەگەر سىز ئۆنىڭ نېمىگە تايىنىپ شۇنچە جاپالارنى يەڭگىنىنى بىلمەكچى بولسىڭىز، ئۇنداقتا سىز ئۇنىڭ ئەڭ جاپالىق كۈنلەردە قولىدىكى ھاسىسىغا ئويۇۋالغان «مەن ھەممە توسالغۇلارنى بىتچىت قىلىۋېتىمەن» دېگەن خەتكە قاراڭ.

**ھېكمەت:**

ئەگەر سىز ئۆزىڭىزنىڭ زادى نېمىگە ئېرىشمەكچى ئىكەنلىكىڭىزنى چۈشەنسىڭىز ھەم مەقسەتكە يەتمىگۈچە توختىمايدىغان قەتئىي ئىرادىڭىزنى ئىپادىلىيەلىسىڭىز، ئۇنداقتا دۇنيانىڭ سىزگە يول قويماقتىن باشقا ئامالى يوق.

# 20
## ئالاھىدە سوۋغات

ئامېرىكىلىق موناخ تېرېسا ئۆمرىدە نۇرغۇن جەبىر - جاپانى باشتىن كەچۈرگەن بولسىمۇ، ئەزەلدىن قىيىنچىلىققا باش ئەگمىگەن. ئۇ بۇنىڭدىكى سىرنى مۇنداق بايان قىلغان: «دۇنيادىكى جاپا - مۇشەققەت ھەر تۈرلۈك بولىدۇ، بىراق ئۇنىڭغا يۈزلەنگەندە گاھى ئادەملەر ئازابلىنىدۇ، گاھى ئادەملەر خۇرسەن بولىدۇ، مېنىڭچە، بۇ شۇ ئادەمنىڭ روھىي ھالىتى بىلەن زىچ مۇناسىۋەتلىك. مەسىلەن، ئەگەر ئۇنى تەڭرى ئاتا قىلغان ئالاھىدە سوۋغات دەپ قارىساق، بىزنىڭ تۇرمۇشىمىزدىكى نۇرغۇن غەم - قايغۇ ئازىيىپ، ئۇنىڭ ئورنىغا نۇرغۇن خوشاللىق قوشۇلۇشى مۇمكىن...»

«تەڭرى ئاتا قىلغان ئالاھىدە سوۋغات» دېگەن بۇ سۆز خۇددى توختام سۇغا تاشلانغان تاشتەك، قەلبىمدە قاتمۇقات لەرزان دولقۇن پەيدا قىلدى، مەن بۇنىڭدىن كېيىن ئادەمنى خاپا قىلىدىغان ئىشلارغا يولۇقۇپ قالسام قانداق قىلىش كېرەكلىكىنى بىلىۋالدىم.

ئۆزۈن ئۆتمەي مەن ئايروپىلاندا نيۇيوركقا بېرىپ بىر يىغىنغا قاتناشماقچى بولدۇم، ئۇيلىمىغان يەردىن ئايروپىلان ھاۋا رايى سەۋەبلىك يېرىم يولدا قونۇپ، تۆت سائەت توختايدىغان بولدى. شۇ چاغدا بەك بىئارام بولدۇم، ھەم مەيۇسلەندىم، ھەم تىتىلداپ تۇرالماي كەتتىم، ئەمما تۇيۇقسىز تېرېسانىڭ سۆزىنى ئېسىمگە ئالدىم - دە، شۇئان تىنتىلىقىم خېلى بېسىقىپ قالغاندەك بولدى — توغرا، قانچە كەيپسىزلەنگەن بىلەنمۇ بەرىبىر پايدىسى يوق بولغاندىكىن، نېمىشقا بۇنى تەڭرى ماڭا ئاتا قىلغان ئالاھىدە سوۋغات دەپ بىلمەيمەن؟ ئادەتتە دەم ئېلىشقىمۇ ۋاقتىم يەتمەيتى، بۇ تۆت سائەتلىك ئارام ۋاقتى ناھايىتى تەستە كەلدى، بۇ دەل «ئاتا قىلىش» شەرتىگە ئۇيغۇن ئەمەسمۇ؟ — ئويلاپ شۇ يەرگە كەلگەندە، ئىختىيارسىز كۈلۈمسىرىدىم - دە، سومكامدىن بىر ژۇرنالنى چىقىرىپ، ئالدىرىماي ئوقۇشقا باشلىدىم.

شۇنىڭدىن كېيىن، ھەر قېتىم قىيىنچىلىق ياكى ئوڭۇشسىزلىققا ئۇچرى-

غاندا دائىم ئۆزۈمگە «مەن يەنە بىر ئالاھىدە سوۋغاتقا ئېرىشتىم» دەيدىغان بولدۇم، بارا - بارا كۆلۈمسىرەش مېنىڭ ئادىتىمگە ئايلىنىپ قالدى.

**ھېكمەت:**

ناۋادا سىزنىڭ ئۇنىڭغا تۇتقان روھىي ھالىتىڭىزدە ئۆزگىرىش بولسىلا، تۇرمۇشتىكى جاپا - مۇشەققەت ۋە ئوڭۇشسىزلىقنىڭ ھەممىسىلا بەختنى نابۇت قىلىدىغان ئالۋاستى ئەمەس. ئۆزىڭىزنى «ئالاھىدە پۇقرا» دەپ بىلىڭ، بارلىق ئوڭۇشسىزلىقلارنى تەڭرى ئاتا قىلغان «ئالاھىدە سوۋغات» دەپ بىلىڭ، شۇنداق قىلالىسىڭىزلا خۇشاللىق سىزگە مەڭگۈ يار بولىدۇ.

# 21

## نىكسوننىڭ ئۆكۈنۈشى

پرېزىدېنت نىكسون تىلغا ئېلىنسا، ئۇنىڭ زور نەتىجىلىرى ئامېرىكىلىقلارغىلا ئەمەس، جۇڭگولۇقلارغىمۇ ناھايىتى تونۇش، ئەقەللىيسى، جۇڭگو - ئامېرىكا مۇناسىۋىتىنىڭ ئىشىكىنى ئۇ ئۆزى ئاچقان.

نىكسون ۋەزىپە ئۆتەۋاتقان مەزگىلىدە نەتىجىسى كۆرۈنەرلىك بولغانلىقتىن ئامېرىكا خەلقىنىڭ كۆڭلىنى ئۇتۇۋالغان، شۇڭا 1972 - يىلى ئۇنىڭ تۇنجى نۆۋەتلىك ۋەزىپە ئۆتەش مۇددىتى توشقاندا، كۆپ ساندىكى كىشىلەر «ئۇنىڭ قايتا سايلىنىشى مۇۋەپپەقىيەتلىك بولىدۇ» دەپ ئويلىغانىدى. بولۇپمۇ رىقابەتچىسى بىلەن سېلىشتۇرغاندا، رىقابەتچىسىنىڭ تارىخدىن تارتىپ ئابرۇيىغىچە نىكسونغا يەتمەيتتى، بۇ ئۇنىڭ مۇتلەق ئەۋزەللىكىنى تېخىمۇ گەۋدىلەندۈرۈپ تۇراتتى.

بىراق، ھېچكىمنىڭ خىيالىغا كەلمەيدىغىنى، بۇ خىل ئەۋزەللىككە ئەڭ ئىشەنچىسى يوق ئادەم نىكسوننىڭ ئۆزى بولۇپ چىقتى. نىكسون ھەقىقەتەن ئۆزىگە ئىشەنمەيتتى، چۈنكى ئۇنىڭدا ئىلگىرىكى نەچچە قېتىملىق مەغلۇبىيەتنىڭ زەربىسى بار ئىدى، شۇڭا ئۇ ھەرقانچە قىلىپمۇ بۇ پىسخىكىلىق كۆلەڭگىنىڭ ئاسارىتىدىن قۇتۇلالمىدى.

سايلام ۋاقتى كېلەيلا دەپ قالغانىدى، نىكسون بارغانسېرى تاسادىپىي مەغلۇب بولۇشتىن ئەنسىرەۋاتاتتى، ئۇ ئاخىرى شۇ خىل يوشۇرۇن ئاڭنىڭ تۈرتكىسىدە ئۆزىنى ئۆمۈر بويى پۇشايمان يېگۈزىدىغان ئەخمىقانە بىر ئىشنى قىلدى — رىقابەتچىسىنىڭ باش ئىشتابىغا ئادەم ئەۋەتىپ، ئۇنىڭ ئىشخانىسىغا مەخپىي تىڭشىغۇچ ئورناتقۇزدى.

بۇ ئىش يۈز بەرگەندە نىكسون سايلامدا غەلىبە قىلغانىدى، بىراق غەزەپلەنگەن قارشى تەرەپ بۇنىڭ بىلەن ئۇنى قويۇۋەتمىدى، بەلكى ئۇنىڭ بۇ «سەتچىلىكىنى» داۋراڭ سېلىپ پۇر قىلىۋەتتى. بۇ خەۋەر پۈتۈن ئامېرىكا خەلقىنى چۆچۈتتى. كېيىن، پرېزىدېنت نىكسون بارلىق ئاماللار بىلەن

تەكشۈرۈشكە توسقۇنلۇق قىلدى ۋە مەسئۇلىيەتنى باشقىلارغا دۆڭگىدى، ئۇنىڭ بۇ پوزىتسىيەسى كۆپچىلىكنى يەنە بىر قېتىم ناھايىتى ئۈمىدسىزلەندۈردى.

پرېزىدېنت نىكسون سايلامدا غەلىبە قىلىپ ئۇزۇن ئۆتمەي، ئاخىرى جامائەت پىكرىنىڭ بېسىمىدا ئىستېپا بېرىشكە مەجبۇر بولدى، بۇ ئۇنىڭ ئۆمرىدىكى ئەڭ چوڭ ئۆكۈنۈشى بولۇپ قالدى.

**ھېكمەت:**

مۇۋەپپەقىيەتنىڭ ئەڭ مۇستەھكەم ئاساسى ساغلام، نورمال پسىخىكىلىق ھالەتتۇر. ئەگەر پسىخىكىلىق روھىي ھالىتىدە نورمالسىزلىق ياكى غەيرىي تۈيغۇ بولىدىكەن، ئۇنداقتا بۇنداق ئادەمنىڭ دانالىقى ۋە ئىستېداتى زور دەرىجىدە تۆۋەنلەپ كېتىدۇ.

## 22

## يەنە بىر قۇردىن باشلاش

سىنىپ مەسئۇلى لىن مۇئەللىم بىر غەلىتە ئەھۋالنى بايقىدى: كۈندە ئە-تىگەندە سىنىپقا بىرىنچى بولۇپ كېلىدىغىنى دائىملا ئاشۇ نانا ئىسىملىك قىزچاق ئىكەن.

ئاخىرى بىر كۈنى لىن مۇئەللىم قىزىقىسىنىپ نانادىن سورىدى:

— سىز نېمىشقا ھەر كۈنى مەكتەپكە بۇنداق ئەتىگەن كېلىسىز؟

— چۈنكى مەن «بىرىنچىلىك»نىڭ تەمىنى ياخشى كۆرىمەن، — دېدى نانا ئېغىزىنى ئۈمچەيتىپ قورۇنۇش بىلەن كۈلۈمسىرەپ.

— «بىرىنچىلىك»نىڭ تەمى؟ — لىن مۇئەللىم تازا ئاڭقىرالماي قالغان-دى.

— ھەئە، — دېدى نانا چۈشەندۈرۈپ، — مەن چىرايلىق ئەمەس، ئۆ-گىنىش نەتىجەممۇ ئادەتتىكىچە، تەنتەربىيەدىمۇ ئانچە ياخشى ئەمەس، ئۆيدە ئاچا - سىڭىللىرىمنىڭ ئوتتۇرانچىسى، شۇڭا ئەزەلدىن «بىرىنچىلىك»نىڭ تەمىنىڭ قانداقلىقىنى بىلمەيتتىم. تۇيۇقسىز بىر كۈنى سىنىپقا بىرىنچى بو-لۇپ كېلىپ، ئاشۇ «بىرىنچىلىك»نىڭ تەمىنى ھېس قىلدىم. بەك خۇش بولدۇم، شۇڭا شۇ كۈندىن باشلاپ ھەر كۈنى سىنىپقا بىرىنچى بولۇپ كې-لىدىغان بولدۇم. بۇ ئوي مېنى ھەر كۈنى ھاياجان ۋە ئۈمىد تۇيغۇسىغا تولدۇرىدۇ، مەن كۈنلىرىمنىڭ تولىمۇ شادلىقتا ئۆتۈۋاتقانلىقىنى ھېس قىلى-مەن.

لىن مۇئەللىم بۇنى ئاڭلاپ خۇش بولۇپ قاقاھلاپ كۈلۈپ كەتتى.

ئەمما، لىن مۇئەللىم تۇيۇقسىزلا بىر كۈنى نانانىڭ چىرايىنىڭ غەمكىنلە-شىپ قالغىنىنى بايقاپ قالدى.

— نېمە بولدى نانا؟ — لىن مۇئەللىم ئۇنىڭدىن سورىدى.

— ۋاڭ گاڭ مېنىڭ بىرىنچىلىكىمنى تارتىۋالدى، ئەسلىدە بىز بىللە كەلگەن، بىراق كېيىن ئۇ مېنىڭدىن ئېشىپ كېتىش ئۈچۈن يۈگۈرۈپ كەت-

تى، ــ دېدى نانا غوْدوْراپ.
ــ هە، كېرەك يوق. قاراڭ، مەيلى يانچە تىزايلى ياكى ئۆزۈنىغا تىزاي-لى، يەنىلا سىز بىرىنچى ئەمەسمۇ؟ ــ دېدى لىن مۇئەللىم قولى بىلەن نانا-نى باش قىلىپ باشقا بىر قۇر رەتكە تىزغاننى كۆرسىتىپ.
ــ ۋىييەي، توغرا، ــ دېدى نانا بىردىنلا خوْشال بولۇپ.
شۇنىڭدىن كېيىن لىن مۇئەللىم نانانىڭ باشقىچىلا بىر بالىغا ئۆزگىرىپ قالغىنىنى بايقىدى، ئۇ ئۆزىگە ئىشىنىدىغان، خۇشخۇي بولۇپ قالغانىدى. بەلكىم ئاشۇ «يەنە بىر قۇردىن باشلاش» ئەقلى ئۇنى ئۆزى ئارزۇ قىلغان نۇرغۇنلىغان «بىرىنچى»لىككە ئېرىشتۇرگەن بولۇشى مۇمكىن.

**هېكمەت:**

بىرىنچى بولۇشنى خالىمايدىغان ئادەم يوق، بىراق بىرىنچىلىك پەقەت بىرلا ئادەمگە مەنسۇپ بولىدۇ. شۇڭا، بىرىنچى بولالمىغانلىقتىن ئۈمىدسىزلە-نىپ كەتكەندىن كۆرە، «يەنە بىر قۇردىن باشلاپ»، ئۆزىدىكى ئالاھىدە «بىرىنچى»لىكنى ئىزدىگەنگە يەتمەيدۇ. بۇ بىر تۈرلۈك ئەقىل - پاراسەت، شۇنداقلا بىر تۈرلۈك تۇرمۇش سەنئىتى.

## 23
## ئۈچ كۈن ساقلاش

يەكشەنبە چۈشتىن كېيىن سەيلە قىلىپ كېتىۋېتىپ، قىزىقسىنغىنىمدىن كىشىلەر ئىبادەت قىلىۋاتقان بىر چېركاۋغا كىردىم ھەم كۆپچىلىككە ئوخشاش ئىشىككە قارايدىغان موناخىنىڭ يېنىغا كەلدىم.

— مەن ھەر قېتىم كەلسەم سىزنىڭ ئىشىك تۈۋىدە كۈلۈمسىرەپ تۇرغىنىڭىزنىلا كۆرىمەن. سىز خىزمىتىڭىزنى مەنىسىز، زېرىكىشلىك ھېس قىلمامسىز؟ — دەپ سورىدى بىرەيلەن موناختىن.

— ياق، ئازراقمۇ ئۇنداق بىلىنمەيدۇ، تەڭرى ماڭا ئامراقكەن، ماڭا مۇشۇنداق يېنىك بىر خىزمەتنى ئاتا قىلىپتۇ، — دېدى موناخ كۈلۈمسىرەپ، ئۇنىڭ كۆزلىرى شۇنچە نۇرلۇق، شۇنچە سۆزلۈك ئىدى.

— ۋاي، ئۇنداقتا سىز ھەرقانداق ئىچ پۇشۇقىغىمۇ كۆنۈپ كېتىدىكەنسىز، — دېدى بايىقى كىشى ئۇنى ماختاپ.

— ئەمەلىيەتتە ھېچقانداق ئادەم ئىچ پۇشۇقىغا كۆنۈپ كېتەلمەيدۇ، پەقەت سىز ئۇنى ئىچ پۇشۇقى دەپ بىلمىسىڭىز، ئۇ باشقا گەپ، مەن شۇنداق قىلىمەن، — دېدى موناخ يەنىلا ساپ، غۇبارسىز تەبەسسۇمى بىلەن.

كۆپچىلىك ئۇنىڭ جاۋابىغا «پاھ، پاھ» دېيىشىپ چۇقان سېلىشتى، بۇ گەپ راستىنلا بەك قالتىس بولدى!

— ئۇنداقتا، — دېدى يەنە بىرەيلەن، — سىز قانداق قىلىپ ئادەمنىڭ ئىچىنى پۇشۇرىدىغان ئىشنى كۆڭۈللۈك ئىش دەپ بىلىسىز؟

— بۇ ئاسانغۇ. قاراڭ، جۈمە كۈنى بىزنىڭ شەپقەتلىك تەڭرى ئاتىمىز ئەيسانىڭ ئاپەتكە ئۇچرىغان كۈنى، پۈتۈن دۇنيادىكى ئەڭ ئازابلىق بىر كۈن، ئەمما ئۈچ كۈندىن كېيىن ھەممە ئادەم خۇشال - خورام ئويناپدىغان پاسخا بايرىمى. شۇڭا، ھەر قېتىم ئاۋارىچىلىققا يولۇققاندا، ئۆزۈمگە: «ئۈچ كۈن ساقلىغىن، ئۈچ كۈندىن كېيىن ئاندىن قايغۇر» دەيمەن، ئەمما ئۈچ كۈندىن كېيىن ئۇ خاپىلىقلارنىڭ ئۆزلۈكىدىن غايىپ بولغىنىنى بايقايمەن،

— دېدى موناخ.

«ئۈچ كۈن ساقلاڭ!» كىشىلەر قىستا، ئەمما چوڭقۇر مەنىلىك بۇ سۆزنى تەكرارلاشتى. ھەقىقەتەن شۇنداق، مۇشۇ سۆز بولسىلا بىز خاپىلىق ۋە ئازابلارنى كەينىمىزگە تاشلاپ، پۈتۈن كۈچىمىز بىلەن خۇشاللىققا ئېرىشەلەيمىز.

**ھېكمەت:**

ئۆزىمىزدىكى بەختسىزلىككە بىر ۋاقىت چېكى بەلگىلەيلى، شۇ چەكتىن ئۆتكەندىن كېيىنلا ئۇلارنىڭ بارىنى بىكار قىلىۋېتەيلى. ئۇنىڭدىن باشقا، مۇشۇ دەقىقىدە مەيلى قانداق كۆڭۈلسىزلىك بولۇشىدىن قەتئىينەزەر، ھامان بىر كۈنى كۆڭلىمىز كۆتۈرۈلۈپ شادلىنىدىغان كۈنمۇ كېلىدۇ، بۇنى بىلىۋالغاندىن كېيىن، خۇشاللىقنى ئىمكان بار بالدۇرراق كەلتۈرەيلى.

# 24

## دا چیڭ بلەن شیاۋ ما

دا چیڭ بلەن شیاۋ ما ئیككسی مەلۇم ئالي مەكتەپ گۈزەل ـ سەنئەت فاكۇلتیتىنىڭ ئوقۇغۇچسی ئىدی. تۆت یىل ئوقۇش جەریانىدا، دا چیڭ تىرىشچانلىق بىلەن جاپالىق مەشىق قىلغاچقا، ئەسەرلىرىمۇ نەچچە قېتىم مۇكاپاتقا ئېرىشتی، ساۋاقداشلىرىمۇ ئۇنی «ئۇستام» دەیدىغان بولۇشتی. شیاۋ ما بولسا كۆڭ بويی لاغایلاپ بىكار تەلەپلىك بىلەن ئۆتتی، ھەتتا ئوقۇش پۈتتۈرۈش رەسىمىنىمۇ باشقىلارغا پۇل خەجلەپ سىزدۇردی.

ئىقتىداری مۇشۇنداق روشەن پەرقلىق بولغان ئىككەیلەنىڭ تەقدىرىمۇ ئەلۋەتتە پەرقلىق بولۇشی كېرەك ئىدی، بىراق ئەمەلیيەت كۆپچىلىكنىڭ ئويلىغىنىغا ئانچە ئوخشاش بولماي قالدی ـــ مەكتەپ پۈتتۈرگەندە، شیاۋ ما ئاتىسىنىڭ ھوقۇقىغا تایىنىپ، شۇ يەردىكی بىر گېزىتخانىدا ئایدا نەچچە مىڭ يۈەن مائاش ئالىدىغان گۈزەل ـ سەنئەت مۇھەررىری بولدی؛ ئارقا تېرىكی بولمىغان دا چیڭ پەقەت ئېیىغا 7 ـ 8 يۈز يۈەنلا مائاش ئالىدىغان ۋاقىتلىق خەلق ئوقۇتقۇچسی بولۇپ، تۇرمۇشنی قامدایدىغان بولدی.

ئىشلارنىڭ ئويلىغىنىدەك بولمىغىنىدىن ئىچی پۇشقان دا چیڭنىڭ مىجەزی بارغانسىری تەرسالىشىپ كەتتی، ئۇ ھەر قېتىم گېزىتتىن شیاۋ مانىڭ ئىسمىنی كۆرگەندە غەزىپىنی باسالماي قالاتتی، جەمئىيەتنىڭ ئادالەتسىزلىكىدىن شىكایەت قىلاتتی، ئەڭ یامىنی، تىرىشچانلىقنی قەستەن تەرك ئەتتی ـــ ئىش قىلىپ، بۇ كەسىپنىڭ نېنىنی یېیەلمىگەندىكىن، یەنە تىرىشقانىنىڭ پایدىسی نېمە!

ئەسلىدىكی ئۆگىنىش نەتىجىسىنی دا چیڭ بىلەن سېلىشتۇرغىلی بولمایدىغان شیاۋ ما بولسا، گېزىتخانىغا كىرگەندىن كېیىن تۇيۇقسىز تىرىشىپ ئالغا ئىلگىرلىدی، گېزىتخانىنىڭ مۇھىتىمۇ یاخشی بولۇپ، ئۇ دائىم بەزی یاخشی ئەسەرلەر بىلەن ئۇچرىشىپ تۇرغانلىقتىن بولسا كېرەك، ئۇنىڭ سەۋیيەسىمۇ تېز ئۆستی.

بىرنەچچە يىلدىن كېيىن دا چېك ئىشلەۋاتقان مەكتەپ ئىشتاتلىق ئو-قۇتقۇچى تەكلىپ قىلىپ، دا چېكنى ئىشتىن بوشاتقاندا، شياۋ ما ئۆزىنىڭ رەسساملىقتىكى ئۆزگىچە ئۇسلۇبى بىلەن گۈزەل - سەنئەت تەھرىر بۆلۈمى-نىڭ مۇدىرلىقىغا تاللاندى.

دا چېك ئەمدى شياۋ مانى كۆزگە ئىلماسلىققا پېتىنالمايتى، چۈنكى شياۋ مانىڭ ئەسەرلىرىدىن قارىغاندا ئۇنىڭ سەۋىيەسى ھەرگىزمۇ ئۆزىدىن تۆۋەن تۇرمايتتى.

قارىغاندا، مەغرۇرلۇقلا كىشىنى ئارقىدا قالدۇرۇپ قويماي، يەنە ھەممىلا نەرسىدىن ئاغرىنىۋېرىشمۇ كىشىنى ئارقىدا قالدۇرىدىكەن.

**ھېكمەت:**

ھەممە ئادەمنىڭ پۇتۇنلەي ئادىل كۆرەش قىلغىنىدىن باشقا، دۇنيادا مۇتلەق ئادىللىق مەۋجۇت ئەمەس. شۇڭا، تالانتىمنى ئىشلىتىدىغان يەر چىقمىدى، دەپ ئاغرىنىپ ئولتۇرماي، ئۆز تالانتىڭىزنى قانداق تونۇتۇشنى ئويدان ئويلىنىڭ.

# 25
## تالىپنىڭ چۈشى

ئەتە بېيجىڭغا كىرىپ ئىمتىھان بېرىدىغان كۈن ئىدى، نەچچە يىل جاپا-لىق تەييارلىق قىلغان تالىپ ئۈيان - بۇيان ئۆرۈلۈپ ئۇخلىيالماي، ئاران دېگەندە كۆز يۇمغانىدى، ئارقا - ئارقىدىن چۈش كۆرۈشكە باشلىدى. بى-رىنچى چۈشىدە، ئېگىز تامدا كۆكتات تېرىۋاتقۇدەك؛ ئىككىنچى چۈشىدە، ھاۋا ئوچۇق بىر كۈنى كۈنلۈك كۆتۈرۈۋالغۇدەك؛ ئۈچىنچى چۈشى تېخىمۇ غەلىتە بولۇپ، ئۆزىنىڭ ئامراق قېيىنسىڭلىسى بىلەن بىر كارىۋاتتا، ئەمما بىر - بىرىگە دۈمبىسىنى قىلىپ ياتقۇدەك.

ئەتىسى ئويغانغاندىن كېيىن، تالىپ ھەرقانداق قىلىپمۇ بۇ ئۈچ چۈشى-نىڭ نېمىدىن بېشارەت ئىكەنلىكىنى بىلەلمىدى، شۇنىڭ بىلەن شۇ كەنتتى-كى بىر رەمچىدىن چۈشكە تەبىر بېرىشنى ئۆتۈندى. رەمچى ئەپەندى بار-ماقلىرىنى ساناپ بېقىپ تالىپقا:

— بولدى، سەن بارمىغىن، بۇ قېتىمقى ئىمتىھاندىن سەن ئۆتەلمەيسەن، — دېدى. تالىپ بۇنى ئاڭلىغاندىن كېيىن ئالدىراپ:

— نېمىشقا؟ — دەپ سورىدى.

رەمچى چۈشەندۈرۈپ:

— بىرىنچى چۈشۈڭ، ئېگىز تام ئۈستىگە كۆكتات تېرىش، بۇ بىكار ئاۋارە بولغانلىق ئەمەسمۇ؟ ئىككىنچى چۈشۈڭدە، ھاۋا ئوچۇق كۈنى كۈن-لۈك تۇتۇپسەن، بۇ ئارتۇقچە ئىش قىلغانلىقمۇ؟ ئۈچىنچى چۈشۈڭدە، ئامراق ئايال بىلەن بىللە يېتىپسەنۇ، دۈمبىسىگە دۈمبەڭنى قىلىپسەن، ئىش پۈتمەي-دۇ، دېگەن گەپ ئەمەسمۇ؟ — دېدى.

تالىپ بۇنى ئاڭلاپ، ئۇنىڭ سۆزلىرىنى ئورۇنلۇق ھېس قىلىپ، سالپى-يىپ ئۆيىگە قايتىپ كەلدى. شۇ چاغدا ئۆزىنى ئۇزىتىش ئۈچۈن كەلگەن بىر قورۇدىكى كونا تالىپنى ئۇچرىتىپ قېلىپ، كۆڭلىدىكى بىئاراملىقنىڭ ھەممىسىنى ئۇنىڭغا ئېيتتى. ھەممىنى تولۇق ئاڭلىغان كونا تالىپ قاقاھلاپ

كۆلۈپ كېتىپ، ئۇنىڭغا مۇنداق دېدى:

— بۇ قېتىمقى ئىمتىھانغا چوقۇم بار، بۇ ئۈچ چۈشۈڭ ياخشىلىقنىڭ بېشارىتىكەن! قارا، تام ئۈستىگە كۆكتات تېرىش «يۇقىرىغا ئۆرلەش سېلىش»تىن بېشارەت، ھاۋا ئوچۇق كۈنى كۈنلۈك كۆتۈرۈش «سۇ كەلگۈچە توغان تۇتۇش، يەنى ئالدىن تەييارلىق»تىن بېشارەت، ئۈچىنچى چۈشۈڭگە كەلسەك، «كەينىگە ئۆرۈلسەڭلا ئېرىشىسەن» دېگەن گەپ ئەمەسمۇ؟

بۇنى ئاڭلىغان تالىپ بۇ تەبىرلەرنىڭ رەمچىنىڭكىدىنمۇ ئورۇنلۇق ئىكەنلىكىنى ھېس قىلدى، شۇنىڭ بىلەن ئۇنىڭ روھى كۆتۈرۈلۈپ ئىمتىھانغا قاتناشتى، نەتىجىدە ئۇ ئىمتىھاندىن 3 - بولۇپ ئۆتتى!

**ھېكمەت:**

ئىش قىلىش پوزىتسىيەسى ئىشنىڭ نەتىجىسىنى بەلگىلەيدۇ، مۇۋەپپەقىيەت قازانماقچى بولىدىكەنسىز، ئاكتىپ روھىي ھالەت كەم بولسا بولمايدۇ. ئەگەردە باشلىنىشىدىلا تۆۋەنگە پەسلەش پوزىتسىيەسىدە بولسىڭىز، تەبىئىيكى، سىزنىڭ دۆڭگە چىقىشىڭىز مۇمكىن بولمايدۇ.

## 26

## مۇۋەپپەقىيەت قازىنىش تەسەۋۋۇرىڭىزدىكىدەك تەس ئەمەس

كورىيەلىك مەلۇم بىر ياش 20 ـ ئەسىرنىڭ 60ـ يىللىرى كامبىرىچ ئۇنىۋېرسىتېتىنىڭ پسىخىكا كەسپىدە ئوقۇۋاتقانىدى. ئۇ دائىم بىكار چاغلىرىدا مەكتەپ چايخانىسىدا مۇۋەپپەقىيەت قازانغان ئەربابلارنىڭ پاراڭلىرىنى ئاڭلايتتى. مۇۋەپپەقىيەت قازانغان بۇ كىشىلەر نوبېل مۇكاپاتىغا ئېرىشكۈچىلەر، مەلۇم ساھەنىڭ نوپۇزلۇقلىرى ياكى بەزى ساھەلەردە مۆجىزە ياراتقانلار ئىدى. ۋاقىت ئۇزارغانسىرى كورىيەلىك بۇ ياش چۈشىنىش قىيىن بىر ھادىسىنى بايقىدى: مۇۋەپپەقىيەت قازانغان بۇ زاتلار يۇمۇرلۇق، ئۆزىنى تەبىئىي ئازادە تۇتىدىغان، مۇۋەپپەقىيەت قازىنىشنى تەبىئىي شۇنداق بولىدۇ، دەپ بىلىدىغان كىشىلەر بولۇپ، ھەرگىزمۇ بەزى ئەربابلارغا ئوخشاش، مۇۋەپپەقىيەت قازىنىشنى «جەبىر ـ جاپاغا چىداپ ئىزدىنىش»، «كەچ يېتىپ سەھەر تۇرۇش»، «چېچىنى لىمغا ئىلىپ قويۇپ، تېنىگە تىكەن سانجىپ ئۇيقۇنى قاچۇرۇش» دېگەنلەر بىلەن مۇقەررەر باغلىنىشلىق، دېمەيدىكەن.

«ئەجەبا بىز ئالداندۇقمۇ؟ ئاشۇ كىشىلەر ئۆزلىرىنىڭ مۇۋەپپەقىيەت قازىنىش جەريانىدىكى سەرگۈزەشتىلىرى بىلەن بىزدەك تېخى مۇۋەپپەقىيەت قازانمىغانلارنى قورقۇتقان بولغىيمىدى؟» كورىيەلىك ياشنىڭ كۆڭلى گۇمان ـ شۈبھىگە تولدى.

بۇ تېما ئۇنى قاتتىق قىزىقتۇردى، شۇنىڭ بىلەن ئۇ چوڭقۇر ھەم ئەمەلىي تەكشۈرۈپ تەتقىق قىلدى. نەتىجە شۇنى ئىسپاتلىدىكى، ئۇ توغرا پەرەز قىلغانىدى. ئۇنىڭ «مۇۋەپپەقىيەت قازىنىش تەسەۋۋۇرىڭىزدىكىدەك تەس ئەمەس» ناملىق ئوقۇش پۈتتۈرۈش ئىلمىي ماقالىسىنى 1970 ـ يىلى ئۇنىڭ يېتەكچى ئۇستازى — ھازىرقى زامان ئىقتىسادىي پسىخىكا ئىلمىنىڭ ئىجادچىسى پىروفېسسور ۋىل برادىن «پسىخولوگلارنىڭ يېڭى بايقىشى» دەپ قارىدى ھەمدە بۇنىڭ پۈتۈن كورىيەدە زىلزىلە خاراكتېرلىك تەسىر قوزغايدىغانلىقىنى مۆلچەرلىدى.

دەرۋەقە، بىرنەچچە يىلدىن كېيىن، بۇ كىتاب كورىيە ئىقتىسادىنىڭ ئېـ-
شىشىغا ئەگىشىپ ئۆزلۈكسىز داڭ چىقاردى. ئۇ مۇۋەپپەقىيەت قازىنىش يـو-
لىدا كۆرەش قىلىۋاتقانلارغىلا ئىلھام بولۇپ قالماستىن، بەلكى يەنە «مـۇۋەپ-
پەقىيەت قازىنىش» دېگەن سۆزدىن خۇددى يولۋاسنىڭ گېپى چىقسا چىرا-
يى ئۆڭۈپ كېتىدىغانلاردەك قورقىدىغانلارنىمۇ سەگەكلەشتۈردى. بۇ كىتاب-
نى يازغان ھېلىقى كورىيەلىك ياش كـېيىن يـەنە زور مۇۋەپپـەقىيەت قـازى-
نىپ، كورىيەدىكى پەنسانايى ماشىنا شىركىتىنىڭ باش لېـدىرى بولۇپ قـال-
دى.

قارىغاندا، تەڭرى بىزگە بەرگەن ئەقىل ـ پاراسەت بىلەن ۋاقىت بىزنىڭ
بىر ئىشنى تولۇق پۈتتۈرۈشىمىزگە يېتەرلىك ئىكەن. پەقـەت سىز مەلـۇم
كەسىپكە قىزىقسىڭىز ھەم ئەمەلىيەتتە ئۆزىڭىزنى ئۇنىڭدا چىڭ تۇرسىڭىزلا،
ئاخىرى سىز چوقۇم مۇۋەپپەقىيەت قازىنىشنىڭ تەسەۋۋۇرىڭىزدىكىدەك
تەس ئەمەسلىكىنى بىلىپ قالىسىز.

**ھېكمەت:**

دۇنيادىكى نۇرغۇن مۇۋەپپەقىيەت تـەسەۋۋۇرىمىزدىكىدەك قـىيىن ئـە-
مەس، بىراق قول سېلىپ ئىشلەپ باقمىسىڭىز، ئۇنىڭ قانچىلىك ئاسانلىقىنى
مەڭگۈ بىلەلمەيسىز. نىشانىنى تاللاپ، بەل قويۇۋەتمەي تىرىشسىڭىزلا، يـارات-
قۇچىنىڭ دۇنيا ئىشلىرىدىكى ئورۇنلاشتۇرۇشىنى، ۋاقتى كەلگەندە ھەر ئىش-
نىڭ يولى چىقىدىغانلىقىنى بىلىپ قالىسىز.

## 27
## ئۈمىدۋار كىشى

كونىلاردا «يىراقنىڭ غېمىنى يېمىگەن ئادەم چوقۇم يېقىنىنىڭ غېمىنى يەيدۇ» دېگەن گەپ بار. بۇنىڭ مەنىسى، ئادەم دۇنيادا ياشىغانىكەن، مەيلى قانداق ۋاقىتتا بولسۇن، ھامان ئادەمنى غەم قىلدۇرىدىغان ھەم تەشۋىشلەندۈرىدىغان ئىش بولىدۇ، دېگەنلىك. بىراق شياۋ ۋاڭ بۇنداق ئەمەس، ئەزەلدىن ھېچكىم ئۇنىڭ تەشۋىشلەنگىنىنى كۆرۈپ باقمىغان دېيىشكە بولىدۇ. ئەكسىچە، ھەرقانداق ئادەم ئۇنى ئۇچرىتىپ قالسا، ئۇنىڭ كۈلۈمسىرەپ تۇرغان چىرايىنىلا كۆرىدۇ، ئۇ دائىم ھە دېگەندىلا ئاغزىنى يوغان ئېچىپ قاقاھلاپ كۈلۈپ كېتىدۇ.

ئۇنىڭ تۇرمۇشىدا خۇشاللىقلار نېمىشقا بۇنچە كۆپتۇر؟ قارىماققا ئۇنىڭ ئائىلە ئەھۋالى، ئائىلىسىدىكىلەر، خىزمىتى دېگەنلەرنىڭ ھەممىسى ئۇنچىۋالا كۆڭۈلدىكىدەكمۇ ئەمەس ئىدى. مۇشۇنداق گۇماندا ئۇنىڭ بىلەن پاراڭلىشىشقا باشلىدىم:

— شياۋ ۋاڭ، ناۋادا بىرمۇ دوستىڭىز بولمىسا، يەنە خۇشال يۈرەلەمسىز؟

— ئەلۋەتتە، مەن خۇشال ھالدا: ھەر نېمە بولسا يوق بولغىنى دوستۇم ئىكەن، مەن ئەمەسكەنمەن، دەپ ئويلايمەن.

— ناۋادا ھازىر خوتۇنىڭىز ئاغرىپ قالسا، يەنە خۇشال يۈرەلەمسىز؟

— ئەلۋەتتە، مەن خۇشال ھالدا: تەلىيىمگە ئۇ پەقەت ئاغرىپلا قالدى، ئۆلۈپ كەتمىدى ياكى مېنى تاشلاپ كەتمىدى، دەپ ئويلايمەن.

— ئۇنداقتا ئەگەر ئۇ سىزنى تاشلاپ كەتسىچۇ؟

— ئۇنداقتا مەن تېخىمۇ خۇشال بولمامدىمەن، تەلىيىمگە پەقەت شۇ بىرلا خوتۇنۇم بار ئىكەن، ھېلىمۇ بىرنەچچىسى يوق ئىكەن.

مەن يا كۈلۈشۈمنى، يا يىغلىشىمنى بىلەلمەي، يەنە سورىدىم:

— ئەگەر سىز كېچىلىك نۆۋەتچىلىكتىن قايتىپ كېلىۋاتقاندا بۇلاڭچىغا

يولۇقۇپ، راسا دۇمبالانسىڭىز، يەنە خۇشال يۈرەلەمسىز؟

— ئەلۋەتتە، مەن خۇشال هالدا: تەلىيىمگە ئۇلار مېنى پەقەت بىر قەپەس ئۇرۇۋەتتى، ئۆلتۈرۈۋەتمىدى، دەپ ئويلايمەن.

— ئەگەر چاچ ياستۇقىڭىزدا، ساتىراش بىخەستەلىك قىلىپ قېشىڭىزنى چۈشۈرۈپ تاشلىغان بولسا، يەنە خۇشال يۈرەلەمسىز؟

— ئەلۋەتتە، مەن خۇشال هالدا: هەر نېمە بولسا چاچ ياستۇقتىمەن، ئوپېراتسىيە قىلدۇرماپتىمەن، دەپ ئويلايمەن.

سوراپ شۇ يەرگە كەلگەندە سوراشتىن ۋاز كەچتىم، چۈنكى مەن ئۇنىڭ نېمە ئۈچۈن كۈن بويى خۇشال - خورام يۈرەلەيدىغانلىقىنى چۈشەنگەندىم. سەۋەب، ئۇنىڭ لۇغىتىدە «هەر نېمە بولسا» دېگەن بۇ سۆز بار ئىكەن، ئۇنىڭ ئۈستىگە ئۇنى دائىم ئىشلىتىدىكەن.

**هېكمەت :**

ئەگەر سىز كۆڭلىڭىزنى خۇشاللىق ۋە بەخت بىلەن تولدۇرمىسىڭىز، ئازاب ۋە خاپىلىق چاقىرمىسىڭىزمۇ ئۆزلۈكىدىن كىرىۋالىدۇ. قانداق قىلىپ كۆڭۈل بېغىڭىزنى شادلىق گۈللىرى بىلەن تولدۇرۇشىڭىزغا كەلسەك، بۇنىڭدا سىزنىڭ «بىر قەدەم چېكىنىپ ئويلاش»نى بىلىش - بىلمەسلىكىڭىزگە قاراش كېرەك. مەسىلەن، «هەرنېمە بولسا» دېگەن سۆزنى كۆپرەك ئىشلىتىش — نېمىلا دېگەن بىلەن ئەڭ چاتاق ئەهۋالدىن ياخشى - دە.

# 28

## قارا چېكىت بىلەن ئاق چېكىت

يېڭى ئوقۇش مەۋسۇمى باشلاندى، مۇئەللىم ئاۋۋال ئوقۇغۇچىلارغا بىر سائەت كىشىلىك تۇرمۇش دەرسى ئۆتمەكچى بولدى. ئۇ سىنىپقا كىرىپ، قولىغا بىر ۋاراق ئاق قەغەز ئېلىپ، ئۇنىڭ ئوتتۇرىسىغا يوغان بىر قارا چېكىتنى سىزىپ كۆپچىلىكتىن سورىدى:

— ساۋاقداشلار، قېنى ئېيتىڭلارچۇ، سىلەر نېمىنى كۆردۈڭلار؟

سىنىپتىكى ئوقۇغۇچىلارنىڭ ھەممىسى ئاق قەغەزگە بىر ھازا قاراپ تۇرغاندىن كېيىن، ھېچنېمىنى چۈشىنەلمەي بىرلىكتە توۋلىدى:

— بىر قارا چېكىتنى كۆردۇق، ئەجەبا يەنە باشقا نەرسە بارمىدى؟

ئوقۇتقۇچى چۆچۈپ كەتكەن قىياپەتتە دېدى:

— تەڭرىم، شۇنچە يوغان بىر پارچە ئاق قەغەزنى كۆرمەي پەقەت ئۇنىڭ ئوتتۇرىسىدىكى بۇ چېكىتنى كۆرۈپسىلەر - دە. ياخشى، سىلەر قارا چېكىتنى كۆرگەندىكىن كۆرىۋېرىڭلار، مۇشۇ قارا چېكىتكە قادىلىپ قاراڭلار، ئۈچ مىنۇت ئىچىدە باشقا يەرگە قارىماڭلار، قېنى نېمىنى بايقايسىلەركىن، كۆرۈپ باقايلى.

ئوقۇغۇچىلار بۇنى ئاڭلاپ، دەرھال قىزىقىپ قادىلىپ قاراشقا باشلىدى، ئۇلار مۇئەللىمنىڭ بۇنداق دېيىشىدە چوقۇم بىر كارامەت بار، دەپ ئويلاشتى.

— ئەمدى دەپ بېقىڭلارچۇ، قارا چېكىتتە قانداق ئۆزگىرىش بولدى؟

— دەپ سورىدى ئوقۇتقۇچى بۇ چاغدا.

— قارا چېكىت يوغىناپ كەتكەندەك قىلىدۇ، — ئوقۇغۇچىلار گۇمان بىلەن جاۋاب بېرىشتى.

— توغرا! — مۇئەللىم بېشىنى لىڭشىتىپ مۇئەييەنلەشتۈردى، — كىشىلىك تۇرمۇشتىكى يورۇقلۇقنى كۆرمەي پەقەت قاراڭغۇلۇقنىلا كۆرىدىغان ئادەمنىڭ ئۆمرى ناھايىتى بەختسىز ئۆتىدۇ. چۈنكى، ئەگەر كۆزىمىزنى قارا

چېكىتكە تىكىپ قاراۋېرىدىغان بولساق، قارا چېكىت بارغانسېرى يوغىناپ، ئاخىرى بىزنىڭ پۈتكۈل دۇنيايىمىزنى قاراڭغۇلۇققا ئايلاندۇرۇۋېتىدۇ.

ئوقۇغۇچىلار بۇ سۆزنى ئاڭلاپ ھاڭقېتىپ قالدى، پۈتۈن سىنىپ تىمتاسلىققا چۆمگەنىدى.

بۇ چاغدا ئوقۇتقۇچى بىر ۋاراق قارا قەغەزنى ئېلىپ، ئۇنىڭ ئوتتۇرىسىغا بىر ئاق چېكىت سىزىپ، ئاندىن ئوقۇغۇچىلاردىن نېمە كۆرگەنلىكىنى سورىدى، ئەمدى ئوقۇغۇچىلارنىڭ كاللىسى ئېچىلغانىدى:

— بىر ئاق چېكىتنى كۆردۇق، ئەگەر ئۇنىڭغا قاراۋەرسەك ئۇمۇ يوغىناپ كېتىدۇ، — ئوقۇغۇچىلار تەڭلا جاۋاب بېرىشتى.

— ناھايىتى ياخشى! — دېدى مۇئەللىم جاراڭلىق ئاۋازدا، — ناۋادا قاراڭغۇلۇق ئىچىدىن يورۇقلۇقنى كۆرەلىسەڭلار، چەكسىز گۈزەل كېلىچەك سىلەرنى كۈتىدۇ، يەنە كېلىپ ئاشۇ يورۇقلۇققا تىكىلىپ قارىساڭلار، دۇنيايىڭلار ھامان بىر كۈنى پۈتۈنلەي يورۇپ كېتىدۇ.

**ھېكمەت:**

خۇشاللىق ۋە بەختكە ئېرىشىش ئەمەلىيەتتە ئىنتايىن ئاددىي، پەقەت نەزىرىڭىزنى خۇشاللىق ۋە بەخت ئۈستىدە توختىتالىسىڭىزلا بولىدۇ. ناۋادا پەقەت ئازاب ۋە قايغۇغىلا قادىلىپ تۇرۇۋالسىڭىز، بۇ ئىككىسى ھامان بىر كۈنى ئەسلىدە كۆپ قىسمىنى ئىگىلىگەن يورۇقلۇقنىمۇ يۇتۇپ كېتىپ، تۇرمۇشىڭىزنىڭ بارلىقى بولۇپ قالىدۇ.

## 29

# تۇز سۈيىدىن كەلگەن ئىلھام

كەينى - كەينىدىن كېلىۋاتقان كۆڭۈلسىزلىكلەرگە چىدىيالمىغان كىچىك راھىپ ھەممىدىنلا ۋايساشقا باشلىدى. ئاخىرى بىر كۈنى قېرى راھىپ شاگىرتىنىڭ توختىماستىن ۋايساشلىرىغا چىدىماي خاپا بولدى، شۇنىڭ بىلەن شاگىرتىنى بىر چىنە سۇ ۋە بىر سىقىم تۇز ئېلىپ كېلىشكە بۇيرۇدى. كىچىك راھىپ گەرچە بۇنىڭ سەۋەبىنى ئاڭقىرالمىسىمۇ، يەنىلا ئۇستازىنىڭ دېگىنى بويىچە سۇ بىلەن تۇزنى ئېلىپ كىردى.

— تۇزنى چىنىگە قۇيۇپ ئېلىشتۇرغىن، — دېدى قېرى راھىپ كىچىك راھىپقا.

كىچىك راھىپ ئۇنىڭ دېگىنىنى قىلدى.

— تەمىنى تېتىپ باق، قانداقكەن، — دېدى قېرى راھىپ.

كىچىك راھىپ ھەيران بولۇپ ئۇستازىغا قارىدى، ئاندىن تۇز سۈيىدىن ئازراقلا يۇتتىيۇ، شۇئان بېشىنى چايقاپ تۈكۈرۈۋەتتى:

— بەك ئاچچىق، بەك قىرتاقكەن.

— ئەمدى بېرىپ بىر كوزا سۈزۈك سۇ بىلەن بىر سىقىم تۇز ئېلىپ كەل، — دېدى قېرى راھىپ كىچىك راھىپقا. ئاندىن ئالدىنقى قېتىمقىغا ئوخشاش كىچىك راھىپقا تۇزنى كوزىغا قۇيۇپ ئېلىشتۇرغۇزغاندىن كېيىن تەمىنى تېتىتقۇزدى.

بۇ قېتىم كىچىك راھىپ تۇز سۈيىنى دەرھال تۈكۈرۈۋەتمىدى، بەلكى قوشۇمىسىنى تۈرۈپ يۇتۇۋېتىپ، ئۇستازىغا دېدى:

— گەرچە بىراز تۇزلۇق بولسىمۇ، ئەمما چىدىغۇسىز ئەمەسكەن.

بۇ گەپنى ئاڭلىغاندىن كېيىن قېرى راھىپ كۈلۈپ كەتتى، ئۇ شاگىرتىغا تۇزنى كۆتۈرگۈزۈپ، ئۇنىڭ بىلەن كۆل بويىغا ئاپاردى.

كىچىك راھىپ كۆل بويىغا كەلگەندىن كېيىن ئۇستازىنىڭ بۇيرۇقى بىلەن تۇزنى كۆلگە تۆكۈپ، كۆل سۈيىنى تېتىپ كۆردى.

— يەنىلا شۇنداق تاتلىق، ئازراقمۇ تەمى قىلماپتۇ، — دېدى ئۇ ئۇس-
تازىغا جاۋابەن.

بۇ چاغدا قېرى راھىپ كىچىك راھىپنىڭ دولىسىغا شاپىلاقلىدى:

— سەن يېقىندىن بۇيان يولۇققان ئاشۇ ئىشلار خۇددى مۇشۇ تۇراقلىق مىقداردىكى تۇزغا ئوخشايدۇ، ئۇنى «روھىي كەيپىياتىمغا تەسىر يەتكۈزمە-سۇن» دېسەڭ، ئۆزۈڭنىڭ كۆتۈرۈشچانلىقىڭنى ئاشۇرۇشۇڭ كېرەك، كوڭ-لۈڭ ئازلا سۇ پاتىدىغان بىر چىنىگە ئوخشاش ئەمەس، بەلكى كۆلگە ئوخ-شاش بولسۇن.

بۇ سۆز «غەپلەت ئۇيقۇسى»دىكى كىچىك راھىپنى ئويغاتتى.

**ھېكمەت:**

ئادەم ھاياتىدىكى ئازاب - ئوقۇبەتنىڭ سانى چەكلىك بولىدۇ، سىزنىڭ ئازابىڭىزنىڭ ئېغىر - يېنىكلىكى كۆتۈرۈشچانلىقىڭىزنىڭ قانچىلىكلىكى بى-لەن مۇناسىۋەتلىك. شۇڭا، كۆتۈرەلمىگۈدەك ھالغا كېلىپ قالغان بولسى-ڭىز، كۆتۈرۈشچانلىقىڭىزنى يەنىمۇ ئاشۇرۇڭ.

# 30
# تىلەمچى بىلەن سودىگەر

ئىككىلا پۇتى مېيىپ ئوتتۇرا ياشلىق بىر ئەر كىشى قايناق پويىز ئىستانسىسىنىڭ يېنىدا يايما يېيىپ قېرىنداش سېتىۋاتاتتى. ئۇنىڭ كىيىملىرى جۇلجۇل بولغانلىقتىن ئۆتكەن - كەچكەنلەر ئۇنى تىلەمچى دەپ بىلىپ، يانچۇقلىرىدىكى پارچە - پۇرات پۇللارنى ئۇنىڭ ئالدىغا تاشلاپ ئۆتۈشمەكتە ئىدى. خېلى ئۇزاق ۋاقىت ئۆتۈپ كەتتى، ئۇنىڭ قولىدىكى قەلەمدىن بىرىمۇ سېتىلمىدى، ئەمما يەردىكى پارچە پۇللار بىر دۆۋە بولۇپ كەتكەنىدى.

بۇ چاغدا بۇ يەردىن بىر سودىگەر ئۆتۈپ قالدى، ئۇمۇ كۆپچىلىككە ئوخشاش ھېچنېمىنى ئويلىمايلا بىر يۈەن پۇلنى ئۇنىڭ ئالدىغا تاشلاپ ئۆتۈپ كەتتى. بىراق، بىرنەچچە مىنۇت ئۆتمەي ھېلىقى سودىگەر يەنە قايتىپ كەلدى -دە، تېزلىكتە مېيىپ ئەرنىڭ قولىدىن بىر تال قەلەمنى ئالدى ھەم ئارقا - ئارقىدىن كەچۈرۈم سورىدى:

— كەچۈرۈڭ، سەت بوپتۇ، سىز بىر سودىگەر ئىكەنسىز، ئەمما مەن سىزنى «تىلەمچى» دەپ قاپتىمەن ئەمەسمۇ، مېنى كەچۈرۈڭ.

يىراقلاپ كېتىۋاتقان سودىگەرنىڭ كەينىدىن قاراپ قالغان مېيىپ ئەر بىر نەرسىنى ئويلىغاندەك بولدى.

بىرنەچچە يىلدىن كېيىن ھېلىقى سودىگەر يەنە شۇ پويىز ئىستانسىسىدىن ئۆتۈپ كېتىۋاتقاندا، بىر ئاشپۇزۇلنىڭ خوجايىنى بوسۇغىدا كۈلۈمسىرەپ ئۇنىڭغا سالام قىلدى:

— سىزنى ئاخىرى يەنە ئۇچراتتىم، مەن سىزنىڭ كېلىپ قېلىشىڭىزنى ئىزچىل كۈتكەنىدىم — دېدى خوجايىن.

— سىز؟ — سودىگەر ھېچنېمىنى ئاڭقىرالماي قالغانىدى.

— مەن بىرنەچچە يىل ئىلگىرى مۇشۇ يەردە سىزگە قەلەم ساتقان «سودىگەر»، — ئاشپۇزۇل خوجايىنى «سودىگەر» دېگەن سۆزنى ئالاھىدە

ئۇرغۇلۇق ئېيتقانىدى، — سىزنى ئۇچرىتىشتىن ئىلگىرى مەن ئىزچىل تور-
دە ئۆزۈمنى «تىلەمچى» دەپ كەلگەنىكەنمەن، سىز ماڭا مېنىڭ ئەسلىدە بىر
سودىگەر ئىكەنلىكىمنى ھېس قىلدۇرغان. قاراڭ، ھازىر مەن راستتىنلا بىر
سودىگەر بولۇپ قالدىم.

**ھېكمەت:**

ھەرقانداق ئادەمنىڭ يوشۇرۇن ئىقتىدارى چەكسىز بولىدۇ، ئەگەر سىز
ئۆزىڭىزنى «قىممەتلىك» دەپ بىلسىڭىز، سىزدىكى قىممەتلىك يوشۇرۇن
ئىقتىدار قېزىپ چىقىرىلىدۇ. ئەمما، ئەڭ مۇھىمى، باشقىلارنىڭ بىزنى بايقى-
شىنى كۈتۈپ تۇرماي، ئۆزىمىزنى ئۆزىمىز بايقاشقا ماھىر بولۇشتۇر.

31

## ئىككى ئايال

بۇ ئىككى ئايالنىڭ بىردىنلا بالىسى بولۇپ، بىرىنىڭ ئوغۇل، يەنە بىرىنىڭ قىز ئىدى. بىر كۈنى ئۇلار ئۇچرىشىپ قېلىپ بالىلىرى توغرىلىق پاراڭلاشتى.

— ئوغلىڭىز قانداقراق؟ كېلىنىڭىز بىلەن ياخشىمۇ؟ — دەپ سورىدى قىزى بار ئايال يەنە بىرىدىن.

— ۋىييەي، نېمىسىنى دەي، مېنىڭ ئۇ ئەتىۋارلىق ئوغلۇم بەك بەختسىز كەن، — دېدى ئايال ئېغىر ئۇھسىنىپ، — ئۇنىڭ ئالغان خوتۇنى بەك ھۇرۇن، كۈن بويى ھېچ ئىش قىلمايدۇ. تاماق ئېتىش، كىر - قات يۇيۇش، پول سۈرتۈش، بالا بېقىش دېگەندەك ئىشلارنىڭ ھەممىسىنى ئوغلۇم قىلىدۇ. ئۇ كۈن بويى ئۇخلاشنى، تېلېۋىزور كۆرۈشنى، تاماق يېيىشنىلا بىلىدۇ. بەزى چاغلاردا ئۇنىڭ ئەتىگەن ئورنىدىن تۇرغۇسى كەلمىسە، ئوغلۇم ناشتىلىقنى ئۇنىڭ كارىۋىتىغا ئەكىلىپ يېگۈزۈپ قويىدىكەن تېخى! سىزنىڭ قىزىڭىزچۇ قانداقراق؟ ئېرى ئۇنىڭغا كۆيۈنەمدۇ؟ — ئۇ ئايال بىر ھازا قاقشىغاندىن كېيىن، قارشى تەرەپنىڭ ئەھۋالنى سوراشنى ئېسىگە ئېلىپ، قىزى بار ئايالدىن سورىدى.

— مېنىڭ قىزىمنىڭ پېشانىسى ئوڭ ئوخشايدۇ، — دېدى قىزى بار ئايال گۈلقەقەلىرى ئېچىلىپ، — ئۇ ناھايىتى ياخشى بىر ئەرگە تەگدى، كۈيئوغلۇم ئۇنى ئەزەلدىن ھېچقانداق ئىشقا سالمايدۇ. تاماق ئېتىش، كىر - قات يۇيۇش، پول سۈرتۈش، بالا بېقىش دېگەندەك ئىشلارنىڭ ھەممىسىنى ئۆزى قىلىدۇ. قىزىم كۈن بويى ئۇخلاپ، تېلېۋىزور كۆرۈپ، تاماق يەپ ئولتۇرىدۇ، گاھى چاغلاردا ئەتىگىنى تۇرغۇسى كەلمىسە، ئېرى ناشتىلىقنى ئۇنىڭ كارىۋىتىغا ئەكىلىپ يېگۈزۈپ قويىدۇ.

### ھېكمەت:

بەخت بىلەن بەختسىزلىك ئەمەلىيەتتە بىر گەۋدە، پەقەت سىزنىڭ قاي-

سى نۇقتىدا تۇرۇپ كۆزىتىشىڭىزگە باغلىق. باشقىلارنىڭ مەيدانىدا تۇرۇپ قارايدىغان بولسىڭىز، بەلكىم پوزىتسىيەڭىزدە ئۆزگىرىش بولۇشى مۇمكىن.

## 32

## مىسپ ئەسكەرنىڭ ئارزۇسى

ئائىلاشلارغا قارىغاندا، فرانسىيەنىڭ چەت بىر كىچىك بازىرىدا بىر خا-سىيەتلىك فونتان بولۇپ، ئۇنىڭدا دائىم ھەر تۈرلۈك مۆجىزىلەر يۈز بېرىپ تۇرىدىكەن. بۇ فونتاننىڭ سۈيى كۆپ خىل كېسەللىككە شىپا بولۇپ، نۇر-غۇن ئادەمنىڭ ئارزۇسىنى ئەمەلگە ئاشۇرىدىكەن. شۇڭا، ھەر كۈنى دۆلەت ئىچى ۋە سىرتىدىكى ھەرقايسى جايلاردىن بۇ يەرگە كېسەل داۋالاتقىلى، تىلەك تىلىگىلى كېلىدىغانلارنىڭ ئايىغى ئۈزۈلمەيدىكەن.

ئىككىنچى دۇنيا ئۇرۇشىدا ئوڭ پۇتىدىن ئايرىلىپ قالغان توماس بۇ-نىڭدىن خەۋەر تاپقاندىن كېيىن، قىزىقىپ بۇ يەرگە يېتىپ كەلدى. بىراق، ئۇ ھاسىغا تايىنىپ، كىچىك بازارنىڭ ئۇزۇن يولىدا ئاقساپ مېڭىپ، تىلەك تىلىمەكچى بولغان فونتان قېشىغا يېتىپ كەلگەندە، ئەتراپتىكى كىشىلەر ئۇ-نىڭغا ھەيرانلىق نەزىرى بىلەن قاراشتى، ھەتتا بەزىلەر ئۇنىڭغا ئىچ ئاغرىتىپ ئۆزئارا پىچىرلاشتى:

— بىچارە بايقۇش! ئۇ نېمىگە كەلگەندۇر؟

— مېيىپ پۇتۇم ساقىيىپ قالار، دەپ ئويلىغاندۇر؟ ياكى تەڭرىدىن ئۆزىگە يەنە بىر پۇت بېرىشنى تىلەپ كەلگەنمىدۇر؟

بۇ گەپلەرنى ئاڭلاپ قالغان توماس ھەرگىز خاپا بولمىدى، ئۇ كۈلۈمسىرەپ كەينىگە ئۆرۈلۈپ:

— مەن تەڭرىدىن يېڭى بىر پۇت تىلەپ كەلمىدىم، بەلكى بىر پۇتىدىن ئايرىلىپ قالغاندىمۇ يەنە بىر پۇتى بىلەن قانداق ياشاش كېرەكلىكىنى ئۆگىنىش قوۋۇشنى تىلەپ كەلدىم، — دېدى.

ئەتراپتىكى كىشىلەر بىردىنلا داڭ قېتىپ تۇرۇپ قېلىشتى، بىر ئازدىن كېيىن ئۇلار توماسقا قىزغىن ئالقىش ياڭراتتى.

**ھېكمەت:**

ئىشلاردا بۇرۇلۇش بولۇش پۇرسىتى كەلگەندە تىرىشىپ چىڭ تۇتۇشى-

مىز كېرەك: بولىدىغان ئىش بولۇپ بولغاندا، قانداق قىلىپ قوبۇل قىلىش بىلەن شۈكۈر قىلىشنى ئۆگىنىۋېلىشىمىز ھەم ئۇنىڭ كەينىدىكى خۇشاللىقنى ئاكتىپلىق بىلەن ئىزدىشىمىز كېرەك. بىلىشىڭىز كېرەككى، پەقەت سىز خالىسىڭىزلا، مەيلى قانداق بولۇشىدىن قەتئىينەزەر، سىز ھەمىشە خۇشال - خورام ياشىيالايسىز.

## 33

## ساھىبجامالنى يۇدۇپ كىچىكتىن ئۆتۈش

چوڭ راھىب كىچىك راھىبنى ئېلىپ سىرتقا ئىش بىجىرگىلى چىققان-دى، يولدا بىر كىچىككە توغرا كېلىپ قالدى. ئۇستاز بىلەن شاگىرت پۇش-قاقلىرىنى تۈرۈپ كىچىكتىن ئۆتمەكچى بولۇپ تۇرغاندا، كەينىدىن بىرىنىڭ چاقىرغان ئاۋازى ئاڭلاندى:

— ئۇستاز مەنمۇ ئۆتمەكچىدىم، بىراق سۇ كىچىشتىن قورقىمەن، ماڭا ياردەم قىلالارسىزمۇ؟ — بۇ بىر ئايالنىڭ ئاۋازى ئىدى.

شاگىرت بىلەن ئۇستاز كەينىگە قارىدى، ئۇلارنىڭ كەينىدە ياش بىر ساھىبجامال تۇراتتى. كىچىك راھىب ئۇستازىغا قاراپ كۆڭلىدە: «ئايال زاتىغا تېگىپ كېتىش پەرھىز قىلىنغان، بىراق ئۇنىڭغا ياردەم قىلماسلىق بىزنىڭ ساۋابلىق ئىش قىلىشتەك ئېتىقاد قائىدىمىزگە خىلاپ، ئەمدى قانداق قىلسەنكىن، قېنى بىر كۆرەي!» دەپ ئويلىدى. ئويلىمىغان يەردىن چوڭ راھىب ھېچنېمە دېمەستىنلا ساھىبجامالنى يۇدۇپ كىچىكتىن ئۆتكۈزۈپ قو-يۇپلا يولىغا راۋان بولدى.

كىچىك راھىب يول بويى ئۇستازىنىڭ كەينىدىن ماڭغاچ كۆڭلىدە بىر نېمىلەرنى غۇدۇرايتتى: «بۈگۈن ئۇستازىمغا نېمە بولغاندۇر؟ پەرھىز قىلىنغ-نىنىغا قارىماي، ئايال كىشىنى يۇدۇپ كىچىكتىن ئۆتكۈزۈپ قويدىغۇ». ئۇ ئۇيان ئويلاپ، بۇيان ئويلاپ ئاخىرى چىدىيالمىدى:

— ئۇستاز، بايا پەرھىزنى بۇزدىلا، — دېدى ئۇ چوڭ راھىبقا.

— قانداق پەرھىزنى بۇزدۇم؟ — چوڭ راھىب چۈشىنەلمەي كەينىگە قاراپ ياندۇرۇپ سورىدى.

— سىلى شەھۋەت پەرھىزنى بۇزدىلا، بىز بۇددىستلار ئايال كىشىنى يۇدۇپ كىچىكتىن ئۆتسەك بولمايتتى، — دېدى كىچىك راھىب ئۆزىچە كۆرەڭلەپ.

چوڭ راھىب ئۇھسىنىپ جاۋاب بەردى:

— مەن ئۆنى يەرگە قويغىلى نەۋاق، سەن نېمىشقا تا ھازىرغىچە ئۆنى يەرگە قويالمايسەن؟

بۇ بىر ئېغىز سۆز كىچىك راھىبنى ھاڭ - تاڭ قالدۇردى.

**ھېكمەت:**

كۆڭلى - كۆكسى كەڭ، كاللىسى سەگەك، بىر ئىشقا دۇچ كەلسە ھەم ئالالايدىغان، ھەم قويالايدىغان ئادەملا ھەقىقىي ئەركەك ھېسابلىنىدۇ. تىلى بىلەن دىلى بىر بولمىغان، ساختا سالاپەت بىلەن قېتىۋالىدىغان كىشىلەر ئالىجاناب سىياقىدا كۆرۈنسىمۇ، ئۇلار بەربىر شەرمەندە پەسكەشلەردۇر.

## 34
## ناخشا چولپىنىنىڭ توڭكاي چىشى

كەيسى دالى ئامېرىكىنىڭ كىنو ۋە تېلېۋىزىيە ساھەسىدە تونۇلغان ئالدىنقى قاتاردىكى چولپىنى. ئۇ مۇۋەپپەقىيەت قازىنىشتىن بۇرۇن توڭكاي چىشى سەۋەبىدىن بىر تالاي ئەگرى - توقايلىقنى باشتىن كەچۈرگەن.

ئۇ چاغدا ئۇ يېڭى جېرسى ئىشتاتىدىكى بىر كېچىلىك بەزمىخانىدا ناخشا ئېيتاتتى، ئۇنىڭ توڭكاي چىشى ئەسلىدىنلا ئانچە چىرايلىق بولمىغان جامالىنى تېخىمۇ سەت كۆرسەتكەچكە، ئۇ ھەر قېتىم ئويۇن قويغاندا، ئامالنىڭ بارىچە ئۈستۈنكى كالپۇكىنى پەسكە سوزۇپ، توڭكاي چىشىنى يېپىپ، چىرايلىقراق كۆرۈنۈشكە تىرىشاتتى. بىراق، نەتىجىسىچۇ؟ ئۇ دائىم شۇ سەۋەبلىك قاتتىق كۈلكىگە قالاتتى ھەم كۆپچىلىكنىڭ ئۆزىگە باھا بېرىشىگە قاتتىق تەسىر يەتكۈزەتتى.

تاماشىبىنلار ئارىسىدا ئولتۇرغان بىر مۇزىكانت ئۇنىڭ قابىلىيىتىنى بايقىدى ھەم ئۇنىڭ تەبىئىي بولالمايۋاتقانلىقىنى چۈشەندى، شۇڭا ئۇنىڭغا ئۇدۇللا:

— مەن سىزنىڭ نېمىنى يوشۇرماقچى بولغانلىقىڭىزنى چۈشەندىم، توڭكاي چىشىڭىزنى، شۇنداقمۇ؟ بىلىشىڭىز كېرەككى، تاماشىبىنلارنىڭ ھۇزۇرلىنىدىغىنى سىزنىڭ ناخشىڭىز، سىز ناخشىنى ياخشى ئېيتسىڭىزلا بولدى، باشقا ئىش بىلەن كارىڭىز بولمىسۇن، — دېدى. بۇ گەپ ئۇنى بەك بىئارام قىلدى، گەرچە شۇنداق بولسىمۇ، ئۇ يەنىلا قاتتىق ھاياجانلاندى، شۇڭا ئۇ توڭكاي چىشىنى ئۇنتۇپ، ئاۋازىنى قويۇۋېتىپ بىر ناخشا ئېيتىپ بېقىپ، نەتىجىنىڭ قانداق بولىدىغانلىقىنى بىلىپ بېقىش قارارىغا كەلدى.

تاماشىبىنلارنى ھەيران قالدۇرغىنى، بۇ «قىزىقچى سەت» ئۆزىنى ئۇنتۇغان ھالدا ناخشا ئېيتقاندا، ئۇنىڭ ئاۋازى شۇنداق قىزغىن ھەم لەرزان چىقتىكى، كارامەت خاسلىقنى نامايان قىلدى! بىردىنلا مەيداندىكى پۈتكۈل تاماشىبىن لەرزىگە كەلدى، بۇ كەيسىنى بىر كېچىدىلا ئامېرىكا سەنئەتكارلار

ساھەسىدە داڭ چىقارغۇزدى. ئۇنىڭ ئۆزى باشقىلارغا كۆرسەتكىلى بولمايدۇ، دەپ كەلگەن ھېلىقى بىرنەچچە تال توڭكاي چىشمۇ ئۇنىڭ ئەڭ ئۆزگىچە خاسلىقىغا ئايلىنىپ، چوقۇنغۇچى ھەۋەسمەنلىرىنىڭ قىزغىن ماختىشىغا ئېرىشتى.

**ھېكمەت:**

كاللا قاتۇرۇپ چىرايلىق نىقاپ ياساپ چىققاندىن كۆرە، ئەسلىي قىياپەتنى كەڭ كۇشادە نامايان قىلغان ئەۋزەل، چۈنكى ئالدىنقىسىغا قارىغاندا، كېيىنكىسى سىزنى ئارزۇ قىلغان نەرسىڭىزگە تېخىمۇ ئاسان ئېرىشتۈرىدۇ.

## 35

# تىلەمچىلىك لوگىكىسى

بۇ قېرى تىلەمچى باشقا تىلەمچىلەرگە سېلىشتۇرغاندا ھەقىقەتەنمۇ تەلەيلىك ئىدى — ئۇ تولىمۇ شەپقەتلىك بىر باينىڭ قوشنىسى بولۇپ، ئۇ باي پات - پاتلا ئۇنىڭغا ئىقتىسادىي ياردەم قىلاتتى، بولۇپمۇ چاغان كەلگەندە باي ئۇنىڭ چاغان ئۆتكۈزۈشى ئۈچۈن سېخىيلىق بىلەن ئىككى ئالتۇن تىللا بېرەتتى.

قەمەرىيەنىڭ 12 - ئېيى كىرىپ چاغانغا ئازلا قالغانلىقىنى بىلگەن تىلەمچى باينىڭ نېمىشقا تېخىچە ئۆزىگە ئالتۇن تىللانى بەرمەيۋاتقانلىقىدىن گۇمانلىنىشقا باشلىدى، ئۇ تېخى شۇ پۇل بىلەن چاغاننى ئوبدان ئۆتكۈزمەكچى بولۇۋاتاتتى. ئۆپكىسىنى باسالمىغان تىلەمچى ئاخىرى باينىڭ ئىشىكىنى قاقتى، ئىشىكنى ئاچقىنى دەل باينىڭ ئۆزى ئىدى.

— سىلى نېمىشقا تېخىچە ئالتۇن تىللانى ماڭا بەرمەيلا؟ ئىلگىرى بۇنداق چاغقىچە بېرىپ بولاتتىلىغۇ. ھازىر يىل ئاخىرى بولۇپ قالدى، مەن تېخى چاغانلىقمۇ تەييارلىمىدىم! — دېدى تىلەمچى كوتۇلداپ.

باينىڭ قاپاقلىرى تۈرۈلدى:

— ئوھوي، مۇنداق دەڭ، بۇ يىل مېنىڭ ئەھۋالىم ناھايىتى ناچار، دېڭىز تىرانسپورتىدا زىيان تارتتىم، يەردىن چىققان ھوسۇلمۇ ياخشى بولمىدى، ئۇنىڭ ئۇستىگە يىل بېشىدا ئۆيلەنگەنىدىم، ھازىر تېخى بالىلىقمۇ بولدۇم، بۇلارنىڭ ھەممىسىگە پۇل خەجلەيدىغان گەپكەن.

— ئۇ ئۆزلىرىنىڭ ئىشى، سىلى ئىشلىرىنىڭ كۆڭۈلدىكىدەك بولمىغانلىقىنى دەپ مېنى چاغان ئۆتكۈزگىلى قويمىسىلا بولماس! — دېدى تىلەمچى كىرىلگەن ھالدا.

باينىڭ سەل ئاچچىقى كەلدى، ئۇ يانچۇقىدىن بىر تىللانى چىقىرىپ بۇ تىلەمچىنى يولغا سېلىۋېتىش ئۈچۈن سۇندى:

— بۇ يىل ساڭا پەقەت يېرىمىنىلا بېرەلىگۈدەكمەن.

— ۋاي تەڭرىم، خوتۇن - بالىلىرىنى مېنىڭ پۇلۇمغا باقسىلا قانداق بولىدۇ ئەمدى! — دېدى تىلەمچى ناھايىتى خاپىلىق بىلەن ۋارقىراپ، — ھەي، بولدى، بولدى! ئىلگىرى ماڭا ياخشى مۇئامىلە قىلغانلىقلىرىنىڭ يۈزىدىن نېسى قىلىپ تۇراي، ئەسلىرىدە بولسۇن، كېلەر يىلى چاغاندا قوشۇپ بېرىۋېتەلا!

باي بۇ گەپنى ئاڭلاپ قاتتىق ئاچچىقلاندى - دە، باشتا بەرگەن تەڭگىنى دەرھاللا قايتۇرۇۋالدى ھەم دەرۋازىنى تاراققىدە ياپتى.

تىلەمچىنىڭ بىر تىيىنمۇ پۇلى بولمىغاچقا، چاغان كېچىسى ھەم سوغۇق، ھەم ئاچلىقتىن ئۆلۈپ قالغىلى تاسلا قالدى. ئۇنىڭ لوگىكىسى بويىچە بولغاندا، بۇ ئىشتا كىمدىن ئاغرىنىشنى بىلگىلى بولمايتى.

**ھېكمەت:**

نەپسى بالالىق شۇكۇر - قانائەتنىڭ ئورنىنى ئېلىۋالسا، ھەرقانداق قىلسىمۇ رازى بولمىسا، باشقىلارنى ئۆزىگە قەرزداردەكلا ئويلىسا، ئۇنداقتا ھامان بىر كۈنى تەڭرى ئۆزى بەرگەن نەرسىلىرىنىمۇ قايتۇرۇۋالىدۇ.

## 36

## قىيىنچىلىققا ئىسىم قويۇش

ئاتاڭ ناھايىتى ئەقىللىق چال ئىدى، سەن ئىزچىل تۈردە شۇنداق ئويلاپ كەلگەن، ئەمەلىيەتمۇ بۇنى ئىسپاتلىغانىدى.

بىرنەچچە يىل ئىلگىرى، سەن پۈتۈن يۈرەك قېنىڭنى سەرىپ قىلىپ قۇرۇپ چىققان كارخاناڭ تۇيۇقسىز ئوڭۇشسىزلىققا ئۇچراپ قىيىنچىلىققا پېتىپ قالغانىدى، قانداق قىلارىڭنى بىلمەي تېڭىرقاپ تۇرغىنىڭدا، ئاتاڭ چوڭ خەت يېزىلغان بىر پارچە قەغەزنى كۆتۈرگىنىچە ئىشخاناڭغا كىرىپ كەلدى. سەن ئاتاڭنىڭ ئادەتتە ھۆسنخەت يېزىشقا ئامراقلىقىنى بىلەتتىڭ، بىراق ئۇ بىئەپ چاغدا كەلگەنىدى. ئەمما، ئۇ سېنىڭ قوشۇماڭنى تۈرۈشۈڭنى ساقلىمايلا ئاغزىڭنى ئەتتى:

— بالام، ئاۋارىچىلىققا يولۇققىنىڭنى بىلدىم، شۇڭا ئالايىتەن بۇ خەتنى ساڭا ئېلىپ كەلدىم، — دېدى ئۇ.

ئاتاڭ قەغەزنى ئۆرۈۋىدى، سەن ئۇنىڭغا يېزىلغان «قىر» دېگەن خەتنى كۆردۈڭ.

— بۇ قىيىنچىلىق ئەمەلىيەتتە بىر قىرغۇ، دېگىنە، بۇ دۇنيادا ئۆتكىلى بولمايدىغان قىر بارمۇ؟ — دېدى ئاتاڭ.

— يوق، — دېدىڭ سەن، ھەقىقەتەن يوق ئىدى. پەقەت بىر ئايدىن كېيىن ئۇ ئەرز ئىشىنى ناھايىتى ئاسانلا ھەل قىلىۋەتكىنىڭ ئۈچۈن، شىركەت يەنە بۇرۇنقى ھاياتىي كۈچىگە تولدى.

كېيىن يەنە سەن باشقا شېرىكلىرىڭ بىلەن ئازراق زىددىيەتلىشىپ قالدىڭ، خېلى ئۇزۇنغىچە سېنىڭ ئەھۋالىڭ تازا ياخشى بولمىدى، «تەرەققىي قىلىش»تا قىيىنچىلىقلار قاتمۇقاتتەك قىلاتتى. بۇ چاغدا ئاتاڭ يەنە ساڭا خەت ئېلىپ كەلدى، بۇ قېتىم ئۇ «پۇرژىنا» دېگەن خەتنى يېزىپ كەلگەنىدى.

— قىيىنچىلىق پۇرژىنىغا ئوخشايدۇ، سەن كۈچەيسەڭ ئۇ ئاجىزلايدۇ،

ئاجىزلىساڭ ئۇ كۆچىيىدۇ، — دېدى ئاتاڭ. سەن كۆلدۈڭ، شۇنىڭدىن كېيىن ئۇنىڭ ئالدىدا «قىيىنچىلىق» دېگەن سۆزنى قىلمايدىغان بولدۇڭ، چۈنكى سەن «كۆچ»لىنىشنى ئۆگىنىۋالغانىدىڭ.

ئون يىلدىن كېيىن ئۆزۈڭ ئايرىم شىركەت قۇردۇڭ. ئاتاڭنىڭ چوڭقۇر تەسىرىگە ئۇچرىغان سەن «كىچىككىنە ئىش» دېگەن خەتنى ھەممە ئىشخانىلارغا ئاستىڭ، بارا ـ بارا بارلىق ئىشچى ـ خىزمەتچىلەر «قىيىنچىلىق»نىڭ ئورنىغا «كىچىككىنە ئىش» دەيدىغان بولدى.

بىر قېتىم شىركەت ناھايىتى چوڭ بىر تىوختام تاپشۇرۇۋالدى، بىراق قارشى تەرەپنىڭ تەلىپى ئىنتايىن قاتتىق بولۇپ، بىر ئاي ئىچىدە مال تاپشۇرۇشنى تەلەپ قىلغانىدى. ئەمما، ئۇ ئادەتتە ئىككى ئايدا تۈگەتكىلى بولىدىغان ۋەزىپە ئىدى. سەن بۇ خەۋەرنى خىزمەتچىلەرگە ئۇختۇرۇپ، بۇنىڭ ھۆددىسىدىن چىقالايدىغانلىقىنى سورىغىنىڭدا، ئۇلار تەڭلا: «چاتاق يوق، ‹كىچىككىنە ئىش›» دېيىشتى. شۇنىڭ بىلەن سەن كۈلدۈڭ.

كېيىنكى ئەمەلىيەت ئىسپاتلىدىكى، راستلا «كىچىككىنە ئىش» ئىكەن.

**ھېكمەت:**

قىيىنچىلىقنىڭ ئورتاق ئۆلچىمى يوق، بۇ ھەقتە ھەر ئادەمنىڭ ئۆزگىچە قارىشى بولىدۇ. ئەمما، ئەگەر سىز ئۇنى قىيىنچىلىق دەپ قارىمىسىڭىز، ئۇنىڭغا تاقابىل تۇرۇش تەدبىرىنى تاپالايسىز؛ ئەگەر قىيىنچىلىق دەپلا تونۇۋالسىڭىز، سىزگە پەقەت غەم ـ قايغۇلا بار.

# 37

## روھنىڭ قۇدرىتى

دوختۇر مارتىن گارنا ئىلگىرى داڭلىق پسىخولوگ ئىدى، ئۇ دوختۇرلۇق قىلغان نەچچە يىل جەريانىدا، ھەر خىل ساقايماس كېسەلگە مۇپتىلا بولغان بىمارلارغا ھەقىقىي ئەھۋالنى بىلدۈرۈشكە ئىزچىل قارشى تۇرۇپ كەلگەندى. چۈنكى، ئۇنىڭ قارىشىچە، پۈتۈن ئامېرىكىدىكى ساقايماس كېسەلگە گىرىپتار بولغان بىمارلارنىڭ 80% ى قورقۇشتىن، قالغانلىرى ھەقىقىي كېسەلدىن ئۆلۈپ كېتىدىكەن.

ئۇ ئىلگىرى بۇنى ئىسپاتلاش ئۈچۈن بىر سىناق قىلغان: ئۆلۈمگە ھۆكۈم قىلىنغان بىر مەھبۇسنى كارىۋاتقا ياتقۇزۇپ، ئۇنىڭغا ئۆلۈم جازاسىنىڭ ھازىرلا ئىجرا قىلىنىدىغانلىقىنى ئېيتىپ، ياغاچ ياپراقچىسى بىلەن بېغىشىغا بىرنى سۈركەپ قويغان. ئارقىدىنلا ئالدىن تەييارلاپ قويغان سۇ تۇرۇبىسىنى ئېچىپ، ئۆلۈمگە ھۆكۈم قىلىنغان مەھبۇسنىڭ كارىۋىتى ئاستىدىكى قاچىغا ئېقىتقان. سۇ ئېقىمى تېزلىكتىن ئاستىلاپ، ئاخىرى توختىغاندا، ھېلىقى مەھبۇس ھوشسىزلىنىپ ئۆلۈپ بولغان. بىراق، ئەمەلىيەتتە ئۇنىڭ بېغىشى ساقمۇساق ئىدى.

دوختۇر مارتىن بۇ سىناق ئارقىلىق كىشىلەرگە پاكىت بىلەن شۇنى ئېيتماقچىكى، ھاياتلىقنىڭ ھەقىقىي ئۇمۇرتقىسى روھ. بىر ئادەمنىڭ روھى گۇمۇرۇلىدىكەن، ئۇنىڭ ھاياتىمۇ چوقۇم شەكىل ئۆزگەرتىدۇ.

كېيىن مارتىن دوختۇرلۇقتىن ئىستېپا بېرىپ ئامېرىكا 3 V كۇلۇبىدا پسىخىكا تەربىيەچىسى بولدى. ئۇنىڭ يېتەكچىلىكىدە بولەيئو ئىسىملىك بىر يىگىت قولۋاق بىلەن ئۆزى يالغۇز فىرانسىيەدىكى برېستتىن يولغا چىقىپ، ئاتلانتىك ئوكيان ۋە تىنچ ئوكيانلاردىن ئۆتۈپ، يېرىم يىلغا يېقىن ۋاقىتتىن كېيىن ئاۋستىرالىيەنىڭ بولىسبان دېگەن يېرىگە يېتىپ كېلىپ، يالغۇز قولۋاق بىلەن ئاتلانتىك ئوكياننى كېسىپ ئۆتۈش بويىچە جىنىس رېكورتىنى ياراتتى.

ئەينى چاغدا كۆپچىلىك ئارقا ـ ئارقىدىن مارتىنىنىڭ بىر تەنھەرىكەتچىنى سىناق قىلغانلىقىدىن گۇمانلانغانىدى، مارتىن بۇنىڭغا رەددىيە بېرىپ «بولەيئو ئەزەلدىن تەنھەرىكەتچى بولۇپ باقمىغان، بۇ پائالىيەتمۇ قانداقتۇر بىر سىناق ئەمەس، مەن پەقەت روھنىڭ قۇدرىتىنى ئىسپاتلاي دېدىم» دېگەن.

**ھېكمەت:**

رېئاللىقتا كۆپ ساندىكى كىشىلەر دۇچ كېلىدىغان ھالاكەت گىردابىنىڭ ھەممىسى فىزىئولوگىيەلىك مەۋجۇتلۇقتا تاقىلىدىغان ھالاكەت گىردابى ئەمەس، بەلكى روھنىڭ ھالاكەت گىردابى. پەقەت سىزنىڭ روھىڭىز بەربات بولمىسىلا، ھەرقانداق سىرتقى نەرسە سىزنى يىقىتالمايدۇ.

# 38

## تامچى

مەلۇم بىر ئۇتۇقشۇناسلىق مۇتەخەسسىسى «روھىي ھالەت ۋە تەقدىر» توغرىسىدا تەكشۈرۈپ تەتقىق قىلىۋاتاتتى. بۇ كۈنى ئۇ بىر قۇرۇلۇش مەيدانىغا بېرىپ، بىرنەچچە قۇرۇلۇش ئىشچىسىدىن ئايرىم - ئايرىم ھالدا ئوخشاش بىر مەسىلىنى سورىدى.

— سىز نېمە قىلىۋاتىسىز؟ — ئۇ تام قوپۇرۇۋاتقان بىر ئىشچىدىن سو-رىدى.

— كۆرمىدىڭىزمۇ؟ مەن تام قوپۇرۇۋاتىمەن، — ھېلىقى ئىشچى ئۇنىڭ-غا بىر ئالىيىپ، خاپا بولغاندەك جاۋاب بەردى. ئېنىقكى، ئىشچى ئۇنىڭ قى-لىۋاتقان ئىشىغا دەخلى يەتكۈزگىنىگە خاپا بولغانىدى.

ئۇتۇقشۇناسلىق مۇتەخەسسىسى كۈلۈپ قويۇپ، يەنە بىر تامچى ئۇستام-نىڭ يېنىغا بېرىپ سورىدى:

— سىز نېمە قىلىۋاتىسىز؟

ئۇ كىشى ئۇنىڭغا تەئەججۈپ بىلەن بىر قارىۋەتكەندىن كېيىن، ئىش باشلاپ بولغان قۇرۇلۇشنى كۆرسىتىپ تۇرۇپ:

— بىز بىر بىنا سېلىۋاتىمىز! — دېدى.

بۇ ئىككى ئىشچىنىڭ جاۋابى مۇتەخەسسىسنى ناھايىتى ئۈمىدسىزلەن-دۈردى، بىراق ئۇ كەينىگە ئۆرۈلۈپ كەتمەكچى بولۇپ تۇرغاندا، بىر ناخشا ئاۋازى ئۇنىڭ دىققىتىنى تارتتى. ئالدىراشلىقتىن باش - كۆزىنىڭ تەرىنى ئېيتىشقىمۇ يېتىشەلمەيۋاتقان قۇرۇلۇش مەيدانىدا تېخى ۋاقىت چىقىرىپ ناخشا ئېيتىۋاتقان بىرىمۇ بار ئىكەن - دە! مۇتەخەسسىس قاتتىق شۈبھە بى-لەن ناخشا ئاڭلانغان تەرەپكە ئىزدەپ ماڭدى، ناخشا ئېيتىۋاتقىنى ئەسلىدە كۆزلىرى چاقناپ تۇرىدىغان بىر ياش يىگىت ئىكەن. ئۇ بىر ياقتىن چەبى-دەسلىك بىلەن تامغا خىش قويسا، يەنە بىر ياقتىن مودىدىن قالغان كونا ناخشىلارنى غىڭشىماقتا ئىدى.

— سىز نېمە قىلىۋاتىسىز؟ — دەپ سورىدى مۇتەخەسسىس ئۇنىڭدىن-مۇ ئوخشاشلا.

— بىز بىر يېڭى شەھەر قۇرۇۋاتىمىز، — دەپ جاۋاب بەردى ئۇ شادى-يانە ئاۋازدا.

ئۇن يىلدىن كېيىن ئۇتتۇقشۇناسلىق مۇتەخەسسىسى يەنە بىر تەتقىقات تېمىسى بىلەن ھېلىقى قۇرۇلۇش مەيدانىغا تەكشۈرۈپ تەتقىق قىلىشقا كەل-دى. تولىمۇ توغرا كېلىپ قالغىنى شۇ بولدىكى، ئۇ ئۆزىنى ھاياجانلاندۇر-دىغان بىر ئىشنى بايقىدى: ئۇن يىل بۇرۇنقى ھېلىقى ئۈچ ئادەم، بىرىنچىسى يەنىلا قۇرۇلۇش مەيدانىدا تام قوپۇرىۋېتىپتۇ، ئىككىنچىسى چېرتيوژ لايىھە-لىگۈچى بوپتۇ، ئۈچىنچىسى ئۇ ئىككىسىنىڭ خوجايىنى بوپتۇ.

**ھېكمەت:**

ھەرقانداق بىر كىچىك ئىشمۇ قىلچە ئەھمىيەتسىز بولمايدۇ، قولىڭىزدىكى شۇ كىچىك خىزمەت بەلكىم چوڭ بىر ئىشىڭىزنىڭ باشلىنىشى بولۇشى مۇمكىن. بۇ نۇقتىنى تونۇپ يېتىش - يېتەلمەسلىكىڭىز، سىزنىڭ كەلگۈ-سىدە بىرەر چوڭ ئىشنى ۋۇجۇدقا چىقىرىش - چىقىرالماسلىقىڭىزنى بەلگى-لەيدۇ.

## 39

## ساقىلىڭىزنى نەگە قويىسىز

بىر بوۋاي ساقىلىنى بەكمۇ قەدىرلەيتتى، ساقال قويغىلى بىرنەچچە يىل بولسىمۇ قىرقىپ باقمىغانىدى. 80 ياشقا كىرگەندە ئۇنىڭ ساقىلى ئۆسۈپ يېرىم مېتىرچە بولدى. ئۇ ھەر قېتىم باشقىلارنىڭ ھەۋەس ۋە ھەيرانلىق بىلەن قاراشلىرىنى كۆرگەندە، ناھايىتى خۇرسەن بولۇپ كېتەتتى، شۇڭا گەرچە تەن سالامەتلىكى خېلىلا ناچار بولسىمۇ، كۈنلىرى بۇ ساقىلى بىلەن ناھايىتى مەنىلىك ئۆتىۋاتاتتى.

قىشتا ئۇ كوچىغا ئورۇندۇق ئېلىپ چىقىپ، ئولتۇرۇپ ئاپتاپسىنىشنى ياخشى كۆرەتتى. بازاردىكى باللارنىڭ ھەممىسى ئاپپاق ئۇزۇن ساقاللىق بۇ بوۋايغا ئىنتايىن ئامراق بولۇپ، دائىم ئۇنىڭ ئەتراپىغا ئولىشىۋېلىپ ئۇنى - بۇنى سورىشاتتى. بىر قېتىم بىر كىچىك بالا ئۇنىڭ ئۇزۇن ساقىلىغا قىزىقىپ بىر ھازا سىلىغاندىن كېيىن، تۇيۇقسىزلا كۆزلىرىنى چىمچىقلىتىپ سورىدى:

— بوۋا، ئاخشىمى ئۇخلىغاندا ساقىلىڭىزنى يوتقاننىڭ ئىچىگە تىقىۋالامسىز ياكى سىرتىغا چىقىرىپ قويامسىز؟

بوۋاي داڭ قېتىپ تۇرۇپلا قالدى، ئۇ ئۆزىمۇ بۇنىڭغا دىققەت قىلىپ باقمىغانىدى. شۇڭا ئۇ:

— بۇ مەسىلىگە بۈگۈن كېچە ئۆتسە، ئاندىن جاۋاب بېرەلەيمەن، — دېدى بالىغا جاۋاب بېرىپ.

شۇ كۈنى كەچتە بوۋاي كارىۋاتقا چىقىپ ياتقاندىن كېيىن ساقىلىنى كۆزىتىشكە باشلىدى. بىراق، نېمىشقىكىن، ساقىلىنى يوتقانغا تىقىۋالسىمۇ ياكى سىرتقا چىقىرىۋالسىمۇ ئوڭشاشلا ئەپسىز تۇيۇلدى، شۇنىڭ بىلەن نەچچە ئون قېتىم گاھى ئىچىگە، گاھى سىرتىغا قويۇپ باقتىيۇ، يەنىلا بىرەر قارارغا كېلەلمىدى. شۇنداق قىلىپ، مۇشۇ ئىش ئۈچۈن بىر كېچە ئۆرۈلۈپ - بۆرۈلۈپ زادىلا ئۇخلىيالمىدى. ئامال يوق، ئەتىسى

ئاپتاپسىنىپ ئولتۇرغاندا، ئۇ ھېلىقى بالىغا:

— بۇ مەسىلىگە ئەتە جاۋاب بېرەلەيمەن، — دەپ قوتۇلدى.

بىراق، كەچتە ئۇ يەنە ھېلىقىدەك قانداق قىلسا ياخشى بولىدىغىنىنى بىلەلمەي، يەنە بىر كېچە ئۇخلىيالمىدى.

ئۈچىنچى كۈنى كەچتە ئىككى كېچە - كۈندۈز ئۇخلىيالمىغان بوۋاي يېتىپلا ئۇخلاپ قالدى. تاڭ ئاتقاندىن كېيىن ئۇ تۇيۇقسىز ئۆزىنىڭ ساقاللىرىنىڭ بەزىلىرىنىڭ يوتقاننىڭ ئىچىدە، بەزىلىرىنىڭ يوتقاننىڭ سىرتىدا تۇرغانلىقىنى بايقىدى. ئۇ بىردىنلا جاۋاب تاپتى.

ئەسلىدە گاھى ئىشلارنى ئالايىتەن قىلسا ياخشى بولۇپ كېتىشى ناتايىن ئىكەن، ھەممە ئىشنى تەبىئىي قانۇنىيەتكە قويۇپ بەرسە «ھېچقانچە كۈچىمەيلا ئېرىشىش»كە بولىدىكەن.

**ھېكمەت:**

دۇنيادا ئەسلىي ھېچ ئىش يوق، كالتە پەملىك ئۆزىگە ئۆزى ئىش تاپىدۇ. كىشىلەرنىڭ كۆپ قىسىم قايغۇسىنىڭ ھەممىسى ئەمەلىيەتتە ئۆز پايدا - زىيىنىنىڭلا غېمىنى يېيىشتىن ياكى ئەرزىمەس ئۇششاق ئىشلارغا ئوششۇقچە كىرىشىۋېلىشتىن كېلىدۇ. ئېسىڭىزدە بولسۇنكى، ھەممە ئىش تەبىئىي بولغاندا ئەڭ ياخشى بولىدۇ.

## 40
## تەسەۋۋۇردىن كەلگەن ئاپەت

جاڭ سەن ئۇخلاي دېگەندە كارىۋىتىنىڭ بىر پۇتىنىڭ سۇناي دەپ قال-غانلىقىنى بايقىدى، ئامال يوق، ئۇ ھەرە تېپىپ ئۇنى ھەرىدىۋېتىپ، ئورنىغا بىرنەچچە پارچە كېسەك قويۇپ تۇرۇپ، ئەتىسى رېمونت قىلىۋالماقچى بول-دى. بىراق، ئۇيان ئىزدەپ - بۇيان ئىزدەپ، ئۆزىنىڭ ھېلىقى كىچىك ھە-رىسىنى تاپالمىدى. قانداق قىلىش كېرەك؟ كارىۋاتنى ياسىمىسا ئۇخلىيالماي-دىغانلىقىنى ئويلاپ، كەنتتىكى جاڭ ياغاچچىنىڭ ئۆيىدىن ھەرە ئارىيەت ئې-لىپ كېلىش قارارىغا كەلدى.

جاڭ سەن يولدا كېتىۋاتقاچ ئويلىنىپ قالدى: «بۇنداق كېچىدە ياغاچچى جاڭ ئۇستام ماڭا ئىشىك ئېچىپ بېرەرمۇ؟ ئاڭلاشلارغا قارىغاندا، ئۇ ئىنتايىن پىخسىق ئادەممىش، ئەگەر ئۇ ھەرە يوق، دەپ تۇرۇۋالسا قانداق قىلارمەن؟ ھەرىسى بولسىمۇ ئۆتنە بەرمەيمەن، دېسە قانداق قىلىش كېرەك؟ مەندىن بىرنەچچە يۈەن ئىشلىتىش ھەققى تەلەپ قىلسىچۇ؟»

مانا شۇنداق تەسەۋۋۇر بىلەن قانچە ئويلىغانسېرى جاڭ سەننىڭ شۇنچە ئاچچىقى كېلىشكە باشلىدى، جاڭ ئۇستامنىڭ ئىشىكىگە كەلگەن چېغىدا ئۇنىڭ غەزىپى تېشىپ، ئاچچىقىغا ھاي بېرەلمەيلا قالدى. شۇنىڭ بىلەن ئۇ دەرۋازىنى قاتتىق تېپىپ «ئىشىكنى ئاچ» دەپ ۋارقىرىدى. ئۆي ئىچىدىكى جاڭ ئۇستام بۇ قاتتىق ئاۋازنى ئاڭلاپ سىرتتا بىرەر ۋەقە يۈز بەردىمۇ قانداق، دەپ ئويلاپ، يۈگۈرۈپ چىقىپ ئىشىكنى ئاچتى. ئۇ ئىشىكتىن بې-شىنى ئەمدىلا چىقىرىشىغا جاڭ سەن ئۇنىڭ بېشىغا كېلىشتۈرۈپ بىر مۇشت سالدى - دە، ۋارقىرىدى:

— ئاناڭنى، ئۇ ئەسكى ھەرەڭنى ساقلاپ نېمە قىلاتتىڭ ئەمىسە؟

بۇ بىر مۇشت جاڭ ياغاچچىنىڭ ئەرۋاھىنى قىرىق گەز ئۇچۇرغانىدى، ئۇ شۇئان ئىشىك يېنىدا تۇرغان بىر كالتەكنى ئېلىپ جاڭ سەنگە قاراپ ئېتىلدى. شۇنداق قىلىپ، جاڭ سەن بىكاردىن - بىكارغا خەقنىڭ تايىقىنى

يېدى، ئەلۋەتتە، ھېلىقى ھەرىنىمۇ ئارىيەت ئالالمايدۇ ـ دە.

**ھېكمەت:**

ئەگەر «ئۆزىنى ئۆزى مەغلۇپ قىلىش» تەپەككۇر ئەندىزىسىگە ئېسىلىۋالساق، ئۆزىمىزگە پايدىسىز بىر قاتار تەسەۋۋۇرلارنى ئويلاپ چىقىرىمىز ھەم ئەڭ ئاخىرى ئىشىنىڭ ئۆزىمىز تەسەۋۋۇر قىلغان تەرەپكە قاراپ تەرەققىي قىلىشىغا سەۋەب بولۇپ قالىمىز.

# 41

## دېھقاننىڭ بەختى

بۇ دېھقاننىڭ ئوبدان ئىككى ئېغىز ئۆيى، پەزىلەتلىك بىر ئايالى، ساغلام بىر ئوغلى ۋە نەچچە مو مۇنبەت ئېتىزى بولۇپ، كۈنلىرى باياشاد ھەم بەختلىك ئۆتۈۋاتاتتى. ئىككى ئالۋاستى بۇ دېھقاننى كۆرگەندىن كېيىن، تەڭلا ھەيرانلىقتا ئۇھسىنىپ: «ئادەمزاتى ئارىسىدا بۇنداق بەختلىك ئادەمنىڭ بارلىقىنى ئويلىمىغانىكەنمىز، ئۇنداق بولسا بولمايدۇ، بىز بېرىپ ئازراق قالايمىقانچىلىق چىقىرايلى، بولمىسا ئۇ بىز ئالۋاستىلارنىڭ مەۋجۇتلۇقىمىزنى بىلمەيدۇ» دېيىشتى.

دېھقان يەر ئاغدۇرۇۋاتقاندا قارا ئالۋاستى كېلىپ بىر پۈۋلەپ دېھقاننىڭ مۇنبەت يېرىنى ئادەتتىن تاشقىرى قاتتىق قىلىۋەتتى، دېھقان بۇنىڭدىن ئاغرىندى. ئەمما، دېھقان ئۈندىمەستىن يەرنى تېخىمۇ كۈچەپ ئاغدۇرىۋەردى. قارا ئالۋاستى ئامالسىزلىقتىن سېھىرىنى توختاتتى.

كەچتە دېھقان ئۆيىگە قايتىپ كەلگەندە، قارا ئالۋاستى ئۇنىڭ مېھرىبان ئايالىغا سېھىر ئىشلىتىپ، ئەزەلدىن ئېرى بىلەن ئۇرۇشۇپ باقمىغان ئايالنى ئۇنىڭ بىلەن تازا ئۇرۇشقا سالدى.

— خوتۇن، بۇنچىۋالا خاپا بولغىنىڭغا قارىغاندا، مەن چوقۇم بىر ئىشنى خاتا قىلغان ئوخشايمەن، بۇنىڭدىن كېيىن ساڭا تېخىمۇ ياخشى مۇئامىلە قىلىمەن، — دېدى دېھقان. شۇنىڭ بىلەن ئەر - خوتۇن ئىككىسى يەنە بۇرۇنقىدەك ئىجىللىشىپ كەتتى. قارا ئالۋاستى سۈيىقەستىنىڭ يەنە ئەمەلگە ئاشمىغىنىنى كۆرۈپ ئۈمىدسىزلىنىپ كېتىپ قالدى.

— مېنىڭكىنى كۆر، مېنىڭ ئۇنى ئەمدى بەختلىك بولالمايدىغان قىلىۋېتىدىغانغا ئامالىم بار، — دېدى قارا ئالۋاستىنىڭ «قىسمەت»لىرىنى ئاڭلىغان ئاق ئالۋاستى كۆزلىرىنى ئوينىتىپ.

ئىككىنچى كۈنى دېھقان يەر ئاغدۇرۇۋاتقاندا بىر كومزەك ئالتۇن تېپىۋالدى. بىراقلا بېيىپ كەتكەن دېھقان بەكمۇ خۇشال بولدى. ئۇ چىرايلىق

قەسىر سالدۇرۇپ، مالايلارنى سېتىۋالدى، تېخى چىرايلىق كىچىك خوتۇنىمۇ ئالدى. ئۇيلىمىغان يەردىن، ئۇزۇن ئۆتمەيلا دېھقان تۇرمۇشىنىڭ ئۆزگىرىۋاتقانلىقىنى بايقىدى: مالايلارنىڭ پۇلغا خىيانەت قىلىشىدىن ساقلىنىش ئۈچۈن ھەر ۋاقىت ھوشيار تۇرمىسا بولمايتى: مەدىكارلارنىڭ ياخشى ئىشلىمەسلىكىدىن ئەندىشە قىلىپ، ئۇلارنى قانداق نازارەت قىلىشقا باش قاتۇراتتى؛ ئىككى خوتۇنىنىڭ كۈندەشلىك قىلىشىپ ئۇرۇشۇپ كەتمەسلىكى ئۈچۈن ئۇلارنىڭ ئارىلىقىدا ھالىدىن كەتكۈچە ئايلىنىپ يۈرمىسە بولمايتتى.

پۇل يوق چاغدا كۆڭلىرى تىنچ ھەم بەختلىك ئۆتەتتى؛ پۇللۇق بولغاندا بەخت كەلمەسكە كەتتى. بۇ قانداق ئىش؟ دېھقان مىڭ ئويلاپمۇ بۇنىڭ تېگىگە يېتەلمىدى. بۇنى بەلكىم نەيرەڭۋاز ئالۋاستىلا بىلىشى مۇمكىن: بىر ئادەم ئېرىشكەن نەرسە ئۇنىڭ ئېھتىياجىدىن ئېشىپ كەتكەندە، ئۇنىڭ ئەسلىيىتىدىكى ئاچكۆزلۈك ۋە نەپسانىيەت ۋەسۋەسىچىلىكىنىڭ ھەممىسى قوزغىلىدۇ.

**ھېكمەت:**

شارائىت ئۆزگەرسە، ئادەمنىڭ روھىي ھالىتىمۇ ئۆزگىرىدۇ؛ روھىي ھالەت ئۆزگەرسە، ئادەمنىڭ ئادىتىمۇ ئۆزگىرىدۇ؛ ئادەت ئۆزگەرسە، ئادەمنىڭ مىجەز - خاراكتېرىمۇ ئۆزگىرىدۇ؛ مىجەز - خاراكتېر ئۆزگەرسە، ئادەمنىڭ كىشىلىك تۇرمۇشىمۇ ئۆزگىرىدۇ.

## 42

# سەت چىراي، گۈزەل قەلب

مەكتەپتە ئىنتايىن قورقۇنچلۇق بىر خانىمنىڭ بارلىقىنى ھەممە ئوقۇغۇچىلار بىلەتتى — ئۇنىڭ سول يۈزىدە ناھايىتى يوغان بىر قارا مەڭ بولۇپ، قارىغان ئادەمنىڭ قورققۇسى كېلەتتى. ئەمما، كۆپچىلىكنىڭ ئويلىمىغان يېرىدىن چىققىنى، ئۇنىڭ ئېرى خۇش تەبىئەتلىك، تەق - تۇرقى قاملاشقان چىرايلىق يىگىت ئىدى. نۇرغۇن قىز ئوقۇغۇچىلار مەكتەپتىن قويۇپ بەرگەندە دەرھال قايتماستىن، شۇ خانىمنى ئالغىلى كېلىدىغان ئاشۇ چىرايلىق يىگىتنى بىر كۆرۈۋېلىش ئۈچۈن ساقلىشاتتى.

تولۇق ئوتتۇرىنىڭ ئىككىنچى يىللىقىدا بۇ «قورقۇنچلۇق» خانىم 6 - سىنىپقا سىنىپ مەسئۇلى بولدى. دەسلەپتە 6 - سىنىپتىكى نەچچە ئونلىغان ئوقۇغۇچى ئاغزىنى تۇتۇپ كۈلۈشتى؛ ئالدىنقى مەۋسۇمنىڭ ئاخىرىغا كەلگەندە بۇ خانىم كۆپچىلىكنىڭ ئاغزى - ئاغزىغا تەگمەي ماختىشىدىغان مەدھىيە ئوبيېكتىغا ئايلاندى؛ تولۇق ئىككىنچى يىللىقنىڭ ئوقۇشى ئاياغلاشقاندا، ئاغرىپ يېتىپ قېلىپ دەم ئېلىۋاتقان بىر ئوقۇغۇچىدىن باشقا بارلىق ئوقۇغۇچىلار بۇ خانىمنى ئۆز سىردىشى دەپ بىلىدىغان، ھەتتا ئۇزاقتىن بېرى ھېچكىمگە ئېيتماي ساقلاپ كەلگەن كۆڭۈل سىرلىرىنىمۇ ئۇنىڭغا دېيىدىغان بولۇشتى.

بۇ قانداق ئىش؟ ئەسلىدە بۇ ئىشلارنىڭ ھەممىسى ئۇ خانىمنىڭ باشتىن - ئاخىر ئوچۇق - يورۇق، ئادىل ۋە ئۈمىدۋار بولغانلىقىدىن ئىدى. ئۇ ئىلگىرى ئوقۇغۇچىلارغا ئۆزىنىڭ ئۆتمۈشى ھەققىدىكى مۇنداق بىر گەپنى دەپ بەرگەن:

— ئالىي مەكتەپكە چىقىشتىن ئىلگىرى مەن دائىم ئۆزۈمنىڭ سەت چىرايىمدىن بەك نومۇس قىلاتتىم، مىجەزىممۇ ئىنتايىن ناچار ئىدى. ئۇ چاغلاردا ھېچكىمنىڭمۇ ماڭا گەپ قىلغۇسى كەلمەيتتى. ئالىي مەكتەپنىڭ بىرىنچى يىللىقىدا، مەن تەقدىرىمنى ئۆزگەرتكەن پەلسەپە مۇئەللىمىنى

ئۆچراتتىم. تا بۈگۈنگىچە ئۇنىڭ ئاشۇ مېنىڭ كىشىلىك ھاياتىمدا بۇرۇلۇش پەيدا قىلغان بىر ئېغىز گېپى ئېسىمدە تۇرۇپتۇ، ئەمەلىيەتتە ناھايىتى ئاددىيلا گەپ، ئۇ: «چىرايلىق تۇغۇلمىغان بولساڭ، تەگرى ۋە بەندىلەردىن ئاغرىنساڭ بولىدۇ، ئەمما چىرايلىق ياشىيالمىساڭ، پەقەت ئۆزۈڭنىلا كاچاتلىساڭ بولىدۇ» دېگەنىدى.

بۇ بىر ئېغىز سۆز بىردىنلا ئەقلىمنى ئېچىپ، كۆڭلۈمنى پاللىدە يورۇتىۋەتتى. شۇنىڭدىن كېيىن مەن بۇرۇنقى تەرسالىقىمنى تاشلاپ، قىزغىن، ئۇچۇق - يورۇق ۋە تەشەببۇسكار بولۇشقا تىرىشتىم. مەكتەپ پۈتتۈرگەندە ئەلا نەتىجەم، ئۆزگىچە خاسلىقىم ۋە كۈچلۈك ناتىقلىقىم بىلەن مەكتەپتىكى ھەممەيلەننى قايىل قىلدىم، مەكتەپ مۇدىرى ھەر يىلى پەقەت بىرلا ئوقۇغۇچىغا بېرىلىدىغان «جەلپكار ستۇدېنت» مۇكاپاتىنى ئۆز قولى بىلەن ماڭا بەردى. ئاجايىپ بولغىنى، دەل شۇ مۇكاپات لوڭقىسىنى ئېگىز كۆتۈرگەن چېغىمدىكى شادلىققا تولغان چىرايىم ماڭا يەنە گۈزەل مۇھەببەت ئاتا قىلدى.

مېنىڭ ھازىر بۇلارنى كۆپچىلىككە دەپ بېرىشىم، كۆپچىلىكنىڭ «ئادەم چىرايلىق تۇغۇلمىسا بولىۋېرىدۇ، بىراق چوقۇم چىرايلىق ياشىشى كېرەك» دېگەن ھېكمەتنى مەڭگۈ ئېسىدە ساقلىشى ئۈچۈندۇر. شۇنداق قىلالىسىڭىز، دۇنيادىكى ئويلاپمۇ باقمىغان چىرايلىق ئىشلارنىڭ ھەممىسى كەينى - كەينىدىن سىزنىڭ دۇنيايىڭىزغا كېلىۋېرىدۇ. خۇددى مەن شۇنداق بەتبەشىرە تۇرۇپمۇ، يەنىلا سىلەرنىڭ گۈزەل قەلبىڭلارنى ئۇتالىغىنىمغا ئوخشاش.

**ھېكمەت:**

تاشقى گۈزەللىكىڭىز سىزگە باشقىلارنىڭ زوق - ھەۋىسىنى كەلتۈرىدۇ، قەلب گۈزەللىكىڭىز سىزگە باشقىلارنىڭ ھۆرمەت - ئېھتىرامىنى كەلتۈرىدۇ. زوق - ھەۋەسنىڭ كېيىنكى قەدىمى ھەسەت، ھەسەتنىڭ كېيىنكى قەدىمى ئۆچمەنلىك ۋە سۇندۇرۇش؛ ھۆرمەت - ئېھتىرامنىڭ كېيىنكى قەدىمى ئىشەنچ، ئىشەنچنىڭ كېيىنكى قەدىمى ئەڭ سەمىمىي مۇئامىلە. سىز قايسىسىغا ئېرىشىشنى خالايسىز؟

# 43

## پۇرسەت دېگەن نېمە ؟

ئالېن كەمبەغەل ئائىلىدىن چىققانلىقى ئۈچۈن 6 يېشىدىن باشلاپلا يېرىم كۈن ئىشلەپ، يېرىم كۈن ئوقۇپ تۇرمۇش كەچۈرۈشكە باشلىغانىدى. ئۇ-نىڭ بىرىنچى خىزمىتى قوشنىسىنىڭ دېھقانچىلىق مەيدانىدىكى قۇرۇپ قال-غان كالا تېزەكلىرىنى يىغىپ بېرىش بولدى. قوشنىسىنىڭ ئېيتىشىچە، ئۇ ئىلگىرى نۇرغۇن باللارنى بۇ ئىشنى قىلىش ئۈچۈن باشلاپ كەلگەندە، ئۇ باللار بۇ ئىشنى مەينەت كۆرۈپ قىلغىلى ئۇنىمىغانىكەن. ئالېن باشقا با-للارغا ئوخشاشمايتتى، ئۇ ئىزچىل ئەستايىدىل ئىشلەيتتى. ئۇنىڭ ئىپادىسى ياخشى بولغانلىقتىن قوشنىسى ئۇنىڭغا ئۇ ئەڭ ياقتۇرىدىغان ئات باققۇچىلىق خىزمىتىنى بەردى.

بۇ ئىش ئالېنغا چوڭقۇر تەسىر قىلدى، ئۇ بۇ ئىشتىن كېيىن، مەيلى قانچىلىك تۆۋەن خىزمەت بولۇشىدىن قەتئىينەزەر، پەقەت ياخشى ئىشلە-سىلا پۇرسەت بولىدىغانلىقىنى تونۇپ يەتتى.

ئالېن قوشنىسىغا ئىشلەپ بېرىپ تاپقان پۇللىرى بىلەن باشلانغۇچ ۋە تولۇقسىز ئوتتۇرىنى پۈتتۈردى. تولۇق ئوتتۇرىغا چىققاندا ئۇ خىزمەت ئال-ماشتۇرۇپ، بىر موزدوزخانىدا مەينەت ئاياغلارنى سۈرتۈپ مايلامچىلىق قىل-دى. بۇ ھەم مەينەت، ھەم ئادەمنىڭ كۆڭلىنى ئېلىشتۇرىدىغان خىزمەت بولسىمۇ، ئالېن كۆڭۈل قويۇپ ئىشلىدى. تولۇق ئوتتۇرىنى پۈتتۈرگەن چې-غىدا ئالېننىڭ مائاشى ئەڭ دەسلەپكى ئۈچ دوللاردىن ئون دوللارغا ئۆستۈ-رۈلدى — خوجايىن ئالېننى ئېلىپ قېلىش ئۈچۈن شۇنداق قىلماي بولمىغا-نىدى.

ئالبي مەكتەپنى پۈتتۈرگەندىن كېيىن ھەر ھەپتىلىك تۇرمۇش ئۈچۈن كېتىدىغان 20 دوللار راسخوت ئۈچۈن ئالېن جاپاغا قارىماي بىر كىچىك گېزىتكە مۇخبىر بولۇپ ئىشلىدى. ئۇنىڭدىن كېيىن، ئۇنىڭ ئەستايىدىل، مەسئۇلىيەتچانلىقى سودا ساھەسىدىكى بىر كاتتا باينى تەسىرلەندۈرگەچكە،

مۇۋەپپەقىيەتلىك ھالدا باش ئىجرائىي ئەمەلدارلىقتا تەكلىپ قىلىنىپ، يىللىق مائاشى بىر مىليون بەش يۈز مىڭ دوللارغا توختىتىلدى.

ھازىر ئالېن «بۇگۇنكى ئامېرىكا» گېزىتىنىڭ باش مۇھەررىرى. ئەگەر سىز كىچىككىنە بىر گېزىتنىڭ باش مۇھەررىرى يىللىق مائاشى بىر مىليون بەش يۈز مىڭ دوللارلىق CEO غا (باش ئىجرائىي ئەمەلدارغا) يەتمەيدۇ دەپ قارىسىڭىز، مەن سىزگە دەپ قوياي، «بۇگۇنكى ئامېرىكا» گېزىتى پۈتۈن ئامېرىكىدا تارقىلىشى ئەڭ كۆپ، ئوقۇرمەنلىرى ئەڭ كەڭ تارقالغان بىر گېزىت.

**ھېكمەت:**

ھەرقانچە پەس خىزمەت بولسىمۇ، ياخشى ئىشلەشنىڭ ھەممىسى پۇرسەت، ئۇ بەلكى مۇۋەپپەقىيىتىڭىزنىڭ پەلەمپىيى بولۇپ قېلىشى مۇمكىن. شۇڭا، مەيلى كىم بولۇڭ، ئەڭ مۇھىمى، كۆز ئالدىڭىزدىكى خىزمەتنى ياخشى ئىشلەش.

## 44

## تايغان بىلەن توشقان

ئاخۋاك ئالىي نەسىللىك تايغان، يەنى ئوۋ ئىتى بولۇپ، ئۇزۇن كۆندۈ-رۈشتىن كېيىن ئىگىسىنىڭ ياخشى ياردەمچىسى بولۇپ قالغانىدى. ئۇ ئۇس-تىخېنىنىڭ چوڭلۇقىغا قارىماي، ئوۋنى شامالدەك قوغلاپ ئىنتايىن چەب-دەسلىك بىلەن تۇتتۇۋالاتتى، سۈرئىتى چاقماقتەك تېز، ئىنكاسىمۇ ناھايىتى ئىتتىك ئىدى.

بىر كۈنى ئىگىسى ئۇنى ئېلىپ ئوۋغا چىقتى. ئۇلار ئورمانلىققا كىرىپلا، تۆكلىرى سارغىيىپ كەتكەن بىر قېرى توشقاننىڭ ئوت -چۆپ يەۋاتقانلىقىنى كۆردى - دە، تايغاننىڭ ئىگىسى ئۇنىڭغا ئوق چىقاردى. بىراق، ئوق قېيىپ كېتىپ، ئاران توشقاننىڭ بىر قۇلىقىغا تەگدى. يارىلانغان توشقان قاتتىق چۆچۈپ بەدەر تىكىۋەتتى، كۆندۈرۈلگەن ئاخۋاك ئۇنىڭ كەينىدىنلا ئىز بېسىپ قوغلاپ، ئۆزىنىڭ ئەڭ ئىشەنچلىك قوغلاپ تۇتۇش ماھارىتىنى نامايان قىلىشقا باشلىدى. گەرچە ئورمانلىق توشقاننىڭ ئۆيىدەك بولۇپ، توشقان يولغا پىششىق بولۇشتەك ئەۋزەللىككە ئىگە بولسىمۇ، چەبدەس - چاققان ئاخۋاكمۇ بوش كەلمىدى، شۇڭا قوغلاپ تۇتۇشمۇ جىددىي داۋاملاشتى.

ئاخۋاك توشقاننى چىشلىۋالاي دەپ قالغاندا، توشقان بىردىنلا جىددىي ئۆرۈلۈپ، ئاخۋاكنىڭ ئاغزىنىڭ ئاستىدىنلا قويۇق چاتقاللىق ئارىسىغا كىرىپ كەتتى. ئاخۋاك سەل تېڭىرقاپ قالدىيۇ، يەنە ئۆرۈلۈپلا قوغلىدى. بىراق، ئۇ ئۆرۈلۈۋاتقان شۇ دەقىقىدە قايرىلىپ كەتكەن بىر تال توم چاتقال ئۇنىڭ قورسىقىنى تىلىۋەتتى - دە، بىردىنلا قان ئېقىشقا باشلىدى. ئاخۋاك ئاغرىققا چىدىماي ئىڭرىۋەتتى، توشقان كۆزنى يۇمۇپ - ئاچقۇچە غايىب بولدى.

ئاخۋاك يەنە قوغلىماقچى بولدىيۇ، لېكىن بىر خىيال ئۇنىڭ پۇتىنى چۇشەپ قويدى: «ھەي، بۇنچىۋالا جېنىمنى تىكىپ نىمە كەپتۇ؟ توشقاننى قوغلاپ تۇتالمىسامۇ يا ئاچ قالمايدىغان تۇرسام!». ئۇ شۇنداق ئويلاپ توخ-

تاپ قالدى. «بولدىلا، ئىشقىلىپ هازىر ئىگەممۇ مېنى كۆرمەيدۇ، نېمە ئىش بولغىنىنىمۇ بىلمەيدۇ!».

شۇنىڭ بىلەن ئاخۇاڭ قۇرۇق قول قايتتى، بۇ چاغدا بىر شەيتان سۈپەت يىلان ئوت - چۆپلەر ئارىسىدىن بېشىنى چىقىرىپ ئاخۇاڭنى مەسخىرە قىلدى:

— ئاڭلاشلارغا قارىغاندا، ئاخۇاڭ ئاكام بۇرۇندىن تېز يۈگۈرۈش بىلەن داڭق چىقارغانمىش، بۈگۈن قارىسام تايىنلىق ئىكەنغۇ، ھەتتا بىر توشقاننىمۇ قوغلاپ تۇتالمىدى!

ئاخۇاڭ يىلانغا سوغۇق قاراپ قويۇپ:

— مەن پەقەت بىر ۋەزىپە ئۆتەۋاتىمەن، توشقان بولسا جېنىنى قۇتۇلدۇرۇش ئۈچۈن قېچىۋاتىدۇ! ئىككىمىزنىڭ مەقسىتى ئوخشاشمايدۇ! — دېدى.

**ھېكمەت:**

ئىشنى قىلىۋاتقاندىكى مەقسىتىمىزنىڭ كۈچلۈك ياكى ئەمەسلىكى ئىشنىڭ نەتىجىسىگە چوڭ تەسىر كۆرسىتىدۇ. ئەگەر قەتئىي نىيەتكە كېلىپ، پۈتۈن كۈچى بىلەن ئاتلانسا، ئۇنىڭ توقۇقۇزى غەلىبە قازىنىشتا گەپ يوق: ئەگەر ئاۋۋال باشقىچە ئويلاپ، چېكىنىش يولى قويۇپ قويسا، ئۇتۇق قازىنىش ناھايىتى قىيىن.

## 45

## ئائىلىسى كەمبەغەل بولسىمۇ، كۆڭلى باي كىشى

ئالاھىدە قىيىنچىلىقى بار ئوقۇغۇچىلارنى بېكىتىدىغان چاغدا مەن مەكتەپنىڭ يوليورۇقى بىلەن ياردەم پۇلى ئىلتىماس قىلغان ئوقۇغۇچىلارنىڭ ئۆيلىرىگە تەكشۈرۈشكە باردىم. ئۆيمۇئۆي بىر بىرلەپ كىرىپ، ئون نەچچە بالىنىڭ قۇپقۇرۇق ئۆيلىرىنى كۆرگەندىن كېيىن مېنىڭ يۈرىكىم ئېچىشىپ كەتتى. «ئاڭ زىيىڭ 209 - نومۇر»، تىزىملىكتىكى ئادرېسنى ئوقۇغاچ يەنە بىر ئوقۇغۇچىنىڭ ئۆيىگە كىردىم.

ھوي، مەن گۇمانلىنىپ قالدىم، مۇشۇ ئۆي شۇمۇدۇ؟ بۇ ئۆي زادىلا نامرات ئەمەسقۇ! كىيىنىشلىرى پاكىز، كۈلۈمسىرەشلىرى ئىللىق ئايال خوجايىنىنىڭ مۇئەييەنلەشتۈرۈشى مېنىڭ گۇمانىمنى بىكار قىلدى، «توغرا، بۇ ئاڭ يىڭيىڭنىڭ ئۆيى». شۇئان ئالدانغانلىقىمنى ھېس قىلدىم، خاپا بولغىنىم چىرايىمغىمۇ چىقىپ كەتتى بولغاي — ئۈچ كۈنلۈك تەكشۈرۈش جەريانىدا 20 دىن ئارتۇق ئوقۇغۇچىنىڭ ئۆيىنى تەكشۈرۈشۈم كېرەك، ۋاقىت ئىنتايىن قىس، ماۋۇ ئاڭ يىڭيىڭ تېخى مۇشۇنداق قىلىپ مېنىڭ خىزمەت يۈكۈمنى ئېغىرلىتىپتا!

دېرىزىلىرى پاكىز سۈرتۈلگەن ئۆيگە كىرگەندىن كېيىن مەن تۆت ئەتراپنى كۈزەتتىم. بىر كىۋادرات مېتىر چوڭلۇقتىكى دېرىزىنىڭ ھەربىر كۆزنىكى پاكىز سۈرتۈلگەن بولۇپ، ئازراقمۇ چاڭ-توزان يوق ئىدى، ئوڭ - سول ئىككى تەرىپىنىڭ ئاستىغا قۇتلۇق تىلەنگەن قەغەز ئويمىلار چاپلانغاندى. تەكچىدە بىر تەشتەك قىپقىزىل يالغان گۈل تۇراتتى. دېرىزە ئاستى شەرقتىن غەربكىچە ئۆينىڭ يېرىمىنى ئىگىلىگەن بىر كاڭ بولۇپ، كاڭدا رەتلىك يىغىلغان تۆت قۇر يوتقان - كۆرپە تۇراتتى. (نېمە؟ بۇ بىر ئۆيدىكى تۆت جان ئادەمنىڭ ئۇخلايدىغانغا پەقەت مۇشۇ بىرلا كېڭى بارمىدۇ - ھە؟) ئۆينىڭ قالغان يېرىمىغا پاكىز سۈرتۈلگەن سەككىز كىشىلىك چاسا شىرە قويۇلغان، لېكىن ئۇنىڭ نەقىشلىرى تولا سۈرتۈلۈپ ئۆچۈپ تۈزلىنىپ

كەتكەچكە، مەن ئۇنىڭ زادى قايسى دەۋردىكى شىرەلىكىنى بىلەلمىدىم. شىرە ئۈستىدە پاكىز قولياغلىق بىلەن يېپىپ قويۇلغان چەينەك ۋە ئىستاكانلار تۇراتتى، شىرەنىڭ بىر بۇلۇڭىدىكى هور چىقىپ تۇرغان چاينى ئايال خوجايىن بايىلا ماڭا دەملىگەنىدى.

بۇلارنى كۆرۈپ مېنىڭ گۇمانىم تېخىمۇ كۈچىيىپ كەتتى، ئۆي سەرەمجانلىرىدىن قارىغاندا بۇ ئائىلىدىكىلەر ھەقىقەتەن باي ئەمەستەك قىلاتتى، «بىراق، بىراق ...»، ئەمەلىيەتتە «بىراق نېمە»لىكىنى ئۆزۈممۇ دەپ بېرەلمەيتتىم، پەقەت بۇ ئائىلە باشقا كەمبەغەل ئائىلىلەرگە ئوخشاشمايتتى. شۇنىڭ بىلەن مەن تاشقىرىقى ئۆيگە، يەنى ئۇلارنىڭ ئاشخانىسىغا كىرىپ، ئۇلارنىڭ يېپىپكى كىرئالغۇسىنى سىلاپ باقتىم.

— هە؟ — مەن هاڭتاڭ قالدىم - دە، چۆچۈپ قايتىپ چىقتىم.

— توغرا، ئۇ يالغان، ئۇنى ئېرىم ياغاچ ماتېرىياللىرى زاۋۇتىدىن تېرىپ كەلگەن تاشلاندۇق ياغاچتىن ياسىغان، قارىسام بەك چىرايلىق ياسىلىپتۇ، شۇڭا بېزەك ئورنىدا شۇ يەرگە تىزىپ قويغانىدىم. ئەمەلىيەتتە، بىزنىڭ ئۆيدە نۇرغۇن يالغان نەرسە بار، تەكچىدىكى گۈلنى قەغەزدىن ياسىغان، چەينەككە يېپىپ قويغان قولياغلىقنى ئۆزۈم توقۇغان، بايا سىز ئىچكەن چاينىمۇ تاغدىكى ياۋا جوخوا گۈلىنى قورۇتۇپ تەييارلىغان ... — ئايال خوجايىن هەزىللىك بىلەن كۆزلىرىنى چىمچىقلاتتى، قارىماققا ئۇ ياش هەم خۇشال ئىدى.

بىر خىل ئاچچىق ئېچىنىش هەم تەسىرلىنىش تۇيغۇسى بىردىنلا قەلبىمنى چۇلغىۋالدى، مەن باشقا گەپ قىلماي، ئايال خوجايىنغا كۈلۈمسىرەپ باش لىڭشىتتىم - دە، ئۆرۈلۈپ سىرتقا ماڭدىم — مەن بۇ قىممەتلىك بىر سانىنى ئاڭ يىڭيىڭغا بېرىشنى قارار قىلىپ بولغانىدىم. ئانىسى قانداق بولسا قىزىمۇ شۇنداق بولىدۇ، مەن بۇ بالىنىڭ چوقۇم قاراڭغۇ تۈن ۋە سوغۇق شەبنەمدىمۇ كۈلۈمسىرەپ تۇرىدىغان كىچىك جوخوا گۈلى بولالايدىغىنىغا ئىشىنىمەن.

ھېكمەت:

بەخت ۋە بەختسىزلىك ھەر بىر ھاياتلىقنى ھەمراھ بولۇپ بىللە تۇغۇلىدۇ. ئەگەر تەقدىرگە باش ئەگسىڭىز، روھىي دۇنيايىڭىزنى ئاستا - ئاستا بەختسىزلىك ئىگىلىۋالىدۇ؛ ئەگەر قەيسەر ھەم ئۈمىدۋار بولسىڭىز، بەختسىزلىكنى ئاخىر ئۆزگەرتىۋېتەلەيسىز — تەقدىرگە يېڭىلگەن ئادەم بولمايدۇ، پەقەت بويسۇنغان ئادەملا بولىدۇ.

46

## تېز سىنىپ بىلەن ئاستا سىنىپنىڭ پەرقى

ئامېرىكىلىق مائارىپشۇناس دوكتور روسېنتال 20 ـ ئەسىرنىڭ 60 ـ يىللىرىدا كالىفورنىيە ئىشتاتىدىكى مەلۇم بىر ئوتتۇرا مەكتەپتە ناھايىتى مەشھۇر بىر سىناق ئىشلىگەنىدى: ئۇ مەۋسۇم بېشىدا مەكتەپ بۆلۈپ بولغان تېز سىنىپ ئوقۇغۇچىلىرى بىلەن ئاستا سىنىپ ئوقۇغۇچىلىرىنى باشقىلارغا تۇيدۇرماستىن ئالماشتۇرىۋېتىدۇ، ئاندىن بۇ ئىشنى بىلمەيدىغان دەرس ئوقۇتقۇچىلىرىنىڭ ھەممىسىگە:

— تېز سىنىپتىكى ئوقۇغۇچىلارنىڭ ھەممىسى مەكتەپ كۆڭۈل قويۇپ تاللاپ چىققان ئەقىللىق ئوقۇغۇچىلار، سىز ئۇلارنى چوقۇم ئوبدانىراق ئوقۇتۇڭ، بىلىشىڭىز كېرەككى، ئۇلارنىڭ ھەربىرى كەلگۈسىدە فېدېراتسىيەمىزنىڭ تۈۋرۈكلىرىدىن بولۇپ قېلىشى مۇمكىن. ئاستا سىنىپتىكىلەرنى بولسا، بۇرۇن قانداق ئوقۇتقان بولسىڭىز شۇنداق ئوقۇتىۋېرىڭ، — دەپ تاپىلايدۇ. ئوقۇتقۇچىلار ئۇنىڭغا ماقۇل بولىدۇ.

بۇ ئوقۇتقۇچىلارنىڭ ھەممىسىلا تۇنجى دەرسىدە «تېز سىنىپ»تىكى ئوقۇغۇچىلارغا قىزغىن نۇتۇق سۆزلەپ، مەكتەپ ۋە ئۆزلىرىنىڭ ئۇلاردىن كۈتىدىغان سەممىي ئۈمىدىنى بۇ «ئەقىللىق» ئوقۇغۇچىلارغا يەتكۈزىدۇ. ئەلۋەتتە، شۇنىڭغا مۇناسىپ ھالدا، ئاددىي پوزىتسىيەسىنى «ئاستا سىنىپ»قىمۇ ئىپادىلىپ كىرىدۇ ـ دە.

نەتىجىدە، ئادەمنىڭ ئەقلى يەتمەيدىغان ئەھۋال يۈز بېرىدۇ. ھېلىقى ئەسلىدە «تېز سىنىپ» ئوقۇغۇچىلىرى ئوقۇتقۇچىلارنىڭ ئاكتىپ بېشارەتلىرىدىن ئىلھاملىنىپ، ئۆزىگە قاتتىق ئىشىنىدىغان بولۇپ، ئۆگىنىشتىمۇ ئومۇميۈزلۈك ئاكتىپلىشىپ كېتىدۇ: ھېلىقى «ئاستا سىنىپ» ئوقۇغۇچىلىرىنىڭ بولسا، ئوقۇتقۇچىلارنىڭ پاسسىپ بېشارەت بېرىشى تۈپەيلىدىن، ئۆز ئىشەنچىسى قاتتىق زەربىگە ئۇچراپ، ئۆگىنىش ئاكتىپچانلىقىمۇ بەك تۆۋەنلەيدۇ.

نەتىجىدە، بىر مەزگىلدىن كېيىن «تېز سىنىپ» ئوقۇغۇچىلىرىنىڭ نە-تىجىسى زور دەرىجىدە يۇقىرى ئۆرلەپ، «ئاستا سىنىپ» ئوقۇغۇچىلىرىنىڭ نەتىجىسى بولسا ئومۇميۈزلۈك تۆۋەنلەيدۇ. مەۋسۇم ئاخىرىدا ئىككى سىنىپ-نىڭ ئوتتۇرىچە نومۇرىدا ھېچقانچە پەرق چىقمايدۇ، تېخى ئەڭ ياخشى ئو-قۇغۇچى «تېز سىنىپ»تىن چىقىدۇ. بىلىشىڭىز كېرەككى، ئۇ ئەسلىدە ئاس-تا سىنىپنىڭ ئاددىي بىر ئوقۇغۇچىسى ئىدى!

بۇ نەتىجە مائارىپ ساھەسىنى زىل - زىلىگە سالىدۇ، شۇنداقلا «تېز سىنىپ، ئاستا سىنىپ» دەپ ئۆزىچە كۆرەلىگەن ياكى ئۆزىنى كەمسىتكەن ئوقۇغۇچى ھەمدە ئۇلارنىڭ ئاتا - ئانىلىرىنىمۇ سەگىتىدۇ. ئەمەلىيەتتە، ئا-تالمىش «تېز»، «ئاستا» سىنىپلارنىڭ پەرقى تۇغما قابىلىيەتتە ئەمەس، نە-تىجىدىمۇ ئەمەس، پەقەت ئوقۇغۇچىلارنىڭ ئۆزىگە بولغان ئىشەنچى بىلەن ئاكتىپچانلىقىدا! شۇلا بولىدىكەن، ئاستا سىنىپ بەلكىم تېز سىنىپتىنمۇ تېز بولۇشى مۇمكىن؛ ئۇ بولمايدىكەن، تېز سىنىپمۇ ئاستا سىنىپتىنمۇ ئاستا قې-لىشى مۇمكىن!

**ھېكمەت:**

ئاكتىپ پسىخىكىلىق بېشارەتنىڭ كۈچى چەكسىزدۇر. ئادەتتە ئۆزىنىڭ مۇۋەپپەقىيەت قازىنالايدىغانلىقىغا قانچىكى ئىشەنگەن ئادەمنىڭ مۇۋەپپەقىيەت قازىنىش پۇرستى شۇنچە زور، مۇمكىنچىلىكىمۇ شۇنچە چوڭ بولىدۇ. شۇ-ڭا، بىز بەزى پسىخىكىلىق بېشارەتلەرنى ئاكتىپچانلىق بىلەن ئىجاد قىلىشى-مىز ۋە قوبۇل قىلىشىمىز كېرەك.

# 47

## ناپالېئوننىڭ نەۋرىسى

فرانسىيەلىك بۇ ئەر 42 ياشقا كىرىپمۇ ھېچ ئىشنى باشقا ئېلىپ چىقالمىدى. چۈنكى نەس باسقان، ئۆزىنى كەمسىتىشتە چېكىگە يەتكەن بۇ ئەر ئىزچىل تۈردە ھەممە نېمىدىن شىكايەت قىلىپلا كەلگەنىدى. دېمىسىمۇ ئۇنى بەكلا نەس باسقانىدى: ئاۋۋال ئوغلىدىن ئايرىلىپ قالدى، ئارقىدىنلا خوتۇنى ئۇنىڭ بىلەن ئاجراشتى، ئۇزۇن ئۆتمەي كىچىك ماگىزىنىمۇ ۋەيران بولدى، ئاران دېگەندە قورساق توقلىغۇدەك بىر ئىش تېپىۋىدى، ئىقتىسادىي كىرىزىس پارتلاپ، ئۇ يەنە ئىشسىزلار قوشۇنىنىڭ بىر ئەزاسى بولۇپ قالدى. شۇڭا، ئۇ ئۆزىدىن، باشقىلاردىن، ھەتتا پۈتكۈل دۇنيادىن قاتتىق نارازى بولۇپ، ئىنتايىن غەلىتە، سەپرا ۋە زەئىپ بولۇپ كەتتى.

مەلۇم بىر كۈنى ئۇ ئۆيىگە قايتىپ كېتىۋاتقاندا بىر سىېگان رەمچىگە يولۇقۇپ قالدى - دە، بىر ئىشنىپ - بىر ئىشەنمەي ئالقىنىنى ئۇنىڭغا كۆرسىتىپ باقتى. رەمچى ئۇنىڭ ئالقىنىغا بىر پەس سەپ سېلىپ قارىغاندىن كېيىن، غەلىتە بىر ئىپادە بىلەن ئۇنىڭغا قاراپ:

— ئەپەندىم، سىزگە رەم باقالىغىنىم ئۈچۈن ئۆزۈمنى ئىنتايىن شەرەپلىك ھېس قىلىمەن، — دېدى.

— نېمىشقا؟ — دېدى ئۇ قوشۇمىسىنى تۈرۈپ.

— چۈنكى، سىز قالتىس ئادەم ئىكەنسىز، بىر ئۇلۇغ زاتنىڭ ئەۋلادى ئىكەنسىز! — دېدى سىېگان تولۇق جەزملەشتۈرۈپ، — تۇغۇلغان كۈنىڭىزنى دەپ بەرسىڭىز بولامدۇ؟

ئۇ ھەيران بولغان ھالدا تۇغۇلغان ۋاقتىنى دەپ بەردى.

— ھەقىقەتەن توغرا ئىكەن! مەن راستىنلا ئىنتايىن شەرەپ ھېس قىلدىم، مەن ھەقىقەتەن ناپالېئوننىڭ نەۋرىسىگە ئۇچراپ قاپتىمەن — دەپ توۋلاپ كەتتى خۇشال بولغان سىېگان.

— سىز مېنى ناپالېئوننىڭ نەۋرىسى دېدىڭىزما؟! — ئۇتتۇرا ياشلىق بۇ

ئەر نەپەسمۇ ئالالمىغىلى تاس قالدى.

— توغرا! — سېگان يەنە بىر قېتىم جەزىملەشتۈرۈپ بېشىنى لىڭشىتتى، — بىلەمسىز؟ سىزنىڭ تېنىڭىزدە ئېقىۋاتقان قان، سىزدىكى قەيسەرلىك ۋە ئەقىل - پاراسەتنىڭ ھەممىسى ناپالېئونىدىن ئىبرسىيەت قالغان! ئۇنىڭ ئۈستىگە سىز ئۆزىڭىزنىڭ ناپالېئونغا ئوخشايدىغانلىقىڭىزنى ھېس قىلمىدىڭىزمۇ؟

ئوتتۇرا ياشلىق ئەر ئىنچىكە ئويلىنىپ، ئۆزىنىڭ ناپالېئونغا سەل ئوخشاپمۇ قالىدىغانلىقىنى ھېس قىلدى.

— بىراق، مەن بىر نەس باسقۇر، قەلەندەر، تۇرمۇش تاشلىۋەتكەن بىر ئادەم تۇرسام! — دېدى ئۇ سېگانغا ئارىسالدى بولۇپ، — مېنىڭ ئوغلۇم ئۆلۈپ كەتتى، خوتۇنۇم كېتىپ قالدى، خىزمىتىمدىنمۇ ئايرىلدىم، بارغۇدەك ئۆي - ماكانىممۇ يوق دېيەرلىك ...

— نەق شۇنداق! — سېگان بېشىنى لىڭشىتىپ ئۇنىڭ سۆزىنى قۇۋۋەتلىدى، — سىز چوقۇم شۇنداق سەرگۈزەشتىلەرنى باشتىن كەچۈرۈشىڭىز كېرەك، بولمىسا مۇۋەپپەقىيەت قازىنالمايسىز. ھازىر بۇنىڭ ھەممىسى ئۆتۈپ كەتتى، تەلىيىڭىز كېلەي دەپ قالدى. ئون يىلدىن كېيىن پۈتۈن فرانسىيەدىكى ئەڭ مۇۋەپپەقىيەت قازانغان ئادەم بولۇپ قالىسىز، چۈنكى سىز ناپالېئونىڭ بىردىنبىر نەۋرىسى!

سېگاندىن ئايرىلىپ ئۆيىگە قايتىپ كېتىۋاتقاندا، قارىماققا ئېغىر بېسىق كۆرۈنگەن بۇ ئەرنىڭ كۆڭلىدە بىر تۈرلۈك تەسۋىرلىگۈسىز گۈزەل تۇيغۇ دولقۇنلىدى، شۇنىڭ بىلەن تەڭ جىسمىدا چەكسىز كۈچ - قۇۋۋەت ئۇرغۇغاندەك بولدى.

— ئەسلىدە ناپالېئونىڭ نەۋرىسى ئىكەنمەن - دە! مەن چوقۇم بىۋاسىدەك شان - شەرەپ قۇچىمەن، — ئۇ ئىشەنچ بىلەن ئۆزىگە - ئۆزى پىچىرلىدى.

بارا - بارا ئۇ ھەممە ئىشنىڭ ئۆزگىرىۋاتقانلىقىنى بايقىدى: كىشىلەر ئەمدى ئۇنىڭدىن ئۆزىنى قاچۇرمايدىغان بولدى، ئەمدىلا باشلىغان ئىشمۇ

ئىنتايىن ئوڭۇشلۇق يۇرۇشمەكتە. «ناپالىيوننىڭ نەۋرىسى»نىڭ ئەسلىي مۇنداقمۇ سېھرىي كۈچى بار ئىكەن - دە! ئۇنىڭ روھى كۆتۈرۈلۈپ، خىيال-لىرى قاناتلىناتتى.

13 يىلدىن كېيىن، 55 ياشقا كىرگەن «ناپالىيوننىڭ نەۋرىسى» مىليار-دېر بولۇپ، فرانسىيەدىكى داڭدار شەخسكە ئايلاندى. بىراق، ئۇ زادى ناپال-يوننىڭ نەۋرىسىمۇ - ئەمەس؟ ئۇنىڭ بىلەن نېمە كارىمىز، ھازىر بۇ مەسىلە ئۇنچە مۇھىم ئەمەس، شۇنداق ئەمەسمۇ؟

**ھېكمەت:**

دۇنيا ئىنچىل سىز ئارزۇ قىلغان يۆنىلىشكە قاراپ تەرەققىي قىلىدۇ — ئەگەر سىز چۈشكۈنلەشسىڭىز، ئۆزىڭىزنى كەمسىتسىڭىز، ئۇ خارابلىشىدۇ؛ ئەگەر سىز ئاكتىپ، ئۈمىدۋار بولسىڭىز، ئۇ قۇياشتەك ئىللىپ كېتىدۇ. شۇڭا دېيمىزكى، سىز پۈتۈن دۇنيانى ئۆزگەرتەلەيسىز. ئەگەر سىز ئۆزىڭىز-نى ئۆزگەرتەلىسىڭىز، يەنە كېلىپ، سىز پەقەت ئۆزىڭىزنى ئۆزگەرتكەندىلا، سىزنىڭ دۇنيايىڭىز ئاندىن شۇنىڭغا ئەگىشىپ ئۆزگىرىدۇ.

## 48
# هايۋانلاردىن ئۆگىنىش

ئادەم بولغانلىقىمىز ئۈچۈن ھامان نۇرغۇن مەسئۇلىيەت، ئازاب ۋە نارازىلىقىمىز بولىدۇ. پۇلىمىز مەڭگۈ يەتمەيدىغاندەك، جان تىكىپ پۇل تېپىشقا مەجبۇر بولىمىز، كۈنگە ئون نەچچە سائەت، ھەتتا يىگىرمە سائەتلەپ ئىشلەشتىنمۇ يانمايمىز؛ پەرزەنتىمىز مەڭگۈ مۇنەۋۋەر بولالمايدىغاندەك، پۈتۈن ۋۇجۇدىمىز بىلەن ئۇنى ھەر تۈرلۈك ئىشتىن سىرتقى كۇرسلارغا بېرىشكە مەجبۇر بولىمىز، ئائىلە ئوقۇتقۇچىسى تەكلىپ قىلىمىز؛ ئاۋارىچىلىقلارنى مەڭگۈ ھەل قىلىپ بولالمايدىغاندەك، بۇنداق ياكى ئۇنداق ئىشلارنى قانداق بىر تەرەپ قىلىش توغرىلىق كاللا قاتۇرۇشقا مەجبۇر بولىمىز؛ قوشنىلار بىلەن مەڭگۈ ياخشى بولالمايدىغاندەك، ئۇنداق قىلمىساق بولمايدۇ، بۇنداق قىلمىساق بولمايدۇ ... ھاردۇق! ھەقىقەتەن ھاردۇق! ئەگەر ئىنسانلارمۇ ھېچنېمىنى ئويلىمايدىغان ھايۋانلاردەك قورسىقى تويسا ئۇخلىسا، ئۇخلاپ قانغاندا ئوينىسا نېمىدىگەن ياخشى بولاتتى ـ ھە!

كۆپچىلىكنىڭ بۇ دەرتلىرىنى ئاڭلىغان ئامېرىكا يېڭى جېرسى ئىشتاتىدىكى داڭلىق ھايۋانات دوختۇرى مولى مۇنداق دەيدۇ:

ــ چاتاق يوق، سىلەر ئەلۋەتتە شۇنداق قىلالايسىلەر، نېمىشقا بولمىغۇدەك؟ سىلەر پەقەت ھايۋانلاردىن شۇ خىل روھىي ھالەتنى ئۆگىنىۋالساڭلارلا بولىدۇ.

شۇنىڭدىن كېيىن دوختۇر مولى بىزگە بىرنەچچە ھايۋاننى مىسالغا ئېلىپ بەردى.

مۈشۈك: مۈشۈك ئەزەلدىن ھېچقانداق ئىشقا قايغۇرمايدۇ. ئەگەر بىرئاز تىنچسىز بولسا ياكى بىرئاز جىددىيلەشسە، دەرھال بېرىپ راسا بىر ئۇخلىۋالىدۇ، شۇنداق قىلىپ تىنچسىزلىقنى تۈگىتىدۇ.

ئىت: ئىت ئۇنتۇغاق ھايۋان. مەيلى ئىلگىرى قانداق ئازابقا ئۇچرىغان بولۇشىدىن قەتئىينەزەر، قىسقا ۋاقىتتىلا ھەممىنى ئۇنتۇپ، كۆز ئالدىدىكى

خۇشاللىقتىن بەھرىمەن بولىدۇ، تاپالىغان سۆڭەكنى مەززە قىلىپ غاجايدۇ ياكى ئوتلاقتا خۇشال ـ خورام يۈگۈرۈپ ئوينايدۇ.

قۇشقاچ: قۇشقاچ ھاياتىنىڭ پەيزىنى سۈرۈشنى بىلىدىغانلاردىن. ئەڭ ئالدىراش چاغلاردىمۇ شاخلار ئۈستىدە بىر دەم ـ بىردەم توختاپ ناخشا ئېيتىدۇ. سىز بەلكىم بۇنى ئۇلارنىڭ جۆرە ئىزدەۋاتقىنى، دېيىشىڭىز مۇمكىن، بىراق شۇنى ئۇنتۇماڭكى، جۈپلىشىش پەسلى ئۆتۈپ كەتكەندىمۇ ناخشا ئېيتىۋاتقان قۇشقاچلار ناھايىتى كۆپ ئۇچرايدۇ.

شىر: ئەڭ ھۇرۇن، شۇنداقلا ئەڭ ئىشچان ھايۋانلارنىڭ بىرى. ئۇخلىغۇسى كەلسە، كۈنلەپ ئۇۋىسىدىن چىقماي ئۆلۈكتەك ئۇخلايدۇ، قورسىقى ئاچقاندا ئۇچقاندەك يۈگۈرۈپ ئوزۇقلۇق ئوۋلايدۇ. ھەربىكەت ئۇنىڭ ئۈچۈن ئادەتتىكى ئىش ياكى كۈندە چوقۇم قىلىشقا تېگىشلىك ئىش ھېسابلىنىدۇ. ئۇ مەڭگۈ ئۆتكەن ئىشلار ئۈچۈن ئۆكۈنۈپ ئولتۇرمايدۇ، تېخى يېتىپ كەلمىگەن ئىشلار ئۈچۈن قايغۇرۇپمۇ يۈرمەيدۇ.

..................

ئەڭ ئاخىرى مولى دوختۇر مۇنداق دېدى:

— بۇ ئاددىي ۋە تەبىئىي تۇرمۇش ئۇسۇلى پەقەت ھايۋانلار دۇنياسىدىلا مەۋجۇت بولۇپ قالماستىن، بىر قىسىم كىشىلەرمۇ بۇنى داۋاملاشتۇرۇپ كېلىۋاتىدۇ، چۈنكى بۇ دەل ئىنسانلار ئۆزۈندىن بېرى تەلپۈنۈپ كېلىۋاتقان ساغلام بولۇپ ئۇزۇن ئۆمۈر كۆرۈش قائىدىسى.

ئەسلىدە قانچىكى ئاددىي، قانچىكى تەبىئىي بولسا، ئۆز ـ ئۆزىنى كامالەتكە يەتكۈزۈش ھەقىقەتتىكە شۇنچە يېقىنلاشقىلى بولىدىكەن. شۇنداق تۇرۇقلۇق، بىز نېمىشقا جاھىللىق بىلەن تۈنۈگۈنكى كۆڭۈلسىزلىكلەرنى ئۇنتۇماي ھارغىن كۆزلىرىمىزنى يوغان چەكچەيتىۋالىمىز؟ خاپىلىقنى ئۇنتۇپ، تاتلىق بىر ئۇخلىۋالساق نېمە بولار؟

**ھېكمەت:**

دۇنيا ئەسلىدە ئىنتايىن ئاددىي، مۇرەككەپ بولغانلىرىنى بىز مۇرەككەپ-

لەشتۈرۈۋەتتۇق. پەيتى كەلگەندە تۆۋەن ئەقلىي ئىقتىدارلىق ھايۋانلاردىمۇ ئازراق ئۆگىنىپ قويساق، بىزنىڭ ھېلىقىدەك كۈلكىلىك يۇقىرى دەرىجىلىك خاتالىق — تەبىئىي بولماسلىق خاتالىقىنى ئۆتكۈزمەسلىكىمىزگە ياردىمى بولىدۇ.

## 49

## ياخشى پەيتتە تۇغۇلغان

مەملىكىتىمىزنىڭ ھازىرقى زامان داڭلىق دراماتورگى ۋۇ زۇگۇاڭ بىر ئۆمۈر «ياخشى پەيتتە تۇغۇلمىغان»لىقتەك ئېچىنىشلىق شارائىتتا ياشاپ كەلدى — ئۇ ئەمدىلا تۇغۇلغاندا جۇڭگودا مىللىتارىستلار قالايمىقان ئۇرۇشۇۋاتقان، ھەممە يەر ئۇرۇش مالىمانچىلىقى، ئۆي - ئۆيدە خاتىرجەملىك يوق بىر چاغقا توغرا كەلدى؛ ئازراق چوڭ بولغاندا، ياپون باسقۇنچىلىرى ھەر تەرەپتە قۇتراپ كەتكەچكە، كىچىك تۇرۇپلا ئائىلىسىدىكىلەر بىلەن ئۇيان - بۇياندا سەرگەردان بولۇپ يۈرۈشكە مەجبۇر بولدى؛ 30 ياشلارغا كىرىپ مۇستەقىل ئىش قىلىدىغان، ئىقتىدارى تولۇپ - تېشىپ ئىجادىيەتنىڭ يۇقىرى پەللىسىگە قەدەم قويۇۋاتقان چاغلىرىدا ئوڭچىللىق قالپىقىنى كىيىپ، يەتكۈچە ئازاب تارتقاندىن كېيىن بېيداخۇاڭغا پالاندى، شۇ بىر كەتكەنچە 20 يىل شۇ يەردە ئۆتتى؛ چاچلىرى ئاقىرىپ چىرايىنى قورۇق باسقان، قېرىلىققا قەدەم قويغاندا بولسىمۇ تۇرمۇشنىڭ لەززىتىنى تېتىسا بولاتتى، كىم بىلدى دەيسىز، يەنە «دۆلەت سودىسى دېلوسى» ناملىق بىر پارچە فىلىيەتونى دەۋا قوزغاپ، ئۇنى يەنە نەچچە يىل ئارامدا قويمىدى.

تەپسىلىي ئويلاپ كۆرسەك، ئەدەبىيات سەھنىسىدىكى بۇ قابىلىيەتلىك پېشۋانىڭ ئۆمرىدە «ياخشى پەيت» ھەقىقەتەن كۆپ ئەمەس، بىراق سىز ئۇنىڭ قايسى سۆزنى ئەڭ ياخشى كۆرىدىغىنىنى بىلەمسىز؟ «ياخشى پەيتتە تۇغۇلمىغان»؟ ياق، ئاخىرقى سۆز جايىدا بولمىدى، «ياخشى پەيتتە تۇغۇلغان»! ئۇ ھايات چاغدا ھەر قېتىم باشقىلار ئۇنىڭغا بېغىشلىما يېزىپ بېرىشنى ئېيتقاندا، ئۇ باشقىلارغا مۇشۇ سۆزنى يېزىپ بېرەتتى، مەيلى قارشى تەرەپ ھوقۇقدار بولامدۇ، باي بولامدۇ، مەيلى ئادەتتىكى پۇقرا بولامدۇ، ئۇ ھەممىسىگە ئوخشاشلا مۇشۇ سۆزنى يېزىپ بېرىپ يولغا سالاتتى، ئېيتىشلارغا قارىغاندا، ئۇ ئىلگىرى - كېيىن بولۇپ بۇ سۆزنى مىڭ پارچىدىن ئارتۇق يازغانمىش.

«ياخشى پەيتتە تۇغۇلمىغان» دېيىشكە ئەڭ ھوقۇقلۇق بىر ئادەمنىڭ «ياخشى پەيتتە تۇغۇلغان» دېگەن سۆزنى ياخشى كۆرۈپ ئاغزىدىن چۈ-شۈرمەسلىكى ئازاب دېگىنىدا ياشىغان ئۆزىنى ئارام تاپقۇزۇش ئۈچۈنمۇ ياكى ئەسلىي ۋۇجۇدىدىكى كەڭ قورساقلىقىدىنمۇ؟ ئەگەر سىز ۋۇ زۇگۇاڭنىڭ نەچچە ئون يىللىق ئۈمىدۋارلىققا تولغان ھاياتىنى چۈشەنسىڭىز، بۇنىڭ جاۋابىنىڭ كېيىنكىسى ئىكەنلىكىنى پەرەز قىلالايسىز، ئۇ ھەقىقەتەن كەڭ قورساق ئەقىل - پاراسەت ئىگىسى!

ئەمەلىيەتتە، پەيتنى تاللاشقا ئامالسىز، تۇيۇقسىزلا بۇ دۇنياغا كۆز ئاچقان بىزلەرگە نىسبەتەن ئېيتقاندا، يەنە قانچىلىك ھەقىقىي «ياخشى پەيتتە تۇ-غۇلغان»لىق بولۇشى مۇمكىن؟ بۈگۈنكىدەك ھەممە ئىشلار قاملاشقان، ئەل - ۋەتەن ئاسايىشلىققا تولغان تىنچلىق يىللىرىدا تۇغۇلغانلاردىنمۇ ئۆزد-نىڭ ياشلىق باھارىنى جەڭگاھلاردا يېزىپ قالدۇرۇش، تۆھپە يارىتىپ خىزمەت كۆرسىتىش ئارزۇسى بارلار يەنىلا ئۇھسىنىپ تۇرۇپ، ئۆزلىرىنىڭ ياخشى پەيتتە تۇغۇلمىغىنىدىن ئۆكۈنىشىدۇ. ئەمما، مەيلى قانداق بولۇشىدىن قەتئىينەزەر، بىز چوقۇم بىر نۇقتىنى ئېنىق كۆرۈۋېلىشىمىز كېرەك: مەيلى قانداق ۋاقىت، قايسى دەۋر بولسۇن، ھەممىسىدە ھەممىلا يەردە ئىقتىدارىنى جارى قىلدۇرۇپ ياشىغان قەھرىمانلارمۇ بولىدۇ، يەنە بەزىلەر ئۆمۈر بويى چۈشكۈنلىشىپ، كۆزىنى پارقىرىتىپ تۇرۇپ ياخشى پۇرسەتلەرنى ئۆتكۈزۈ-ۋېتىپ، ئاندىن «ياخشى پەيتتە تۇغۇلمىغان»لىقىدىن ئۆكۈنۈپمۇ يۈرۈيدۇ. شۇڭا، مۇھىمى قايسى ۋاقىتتا تۇغۇلۇش ئەمەس، بەلكى قانداق پوزىتسىيەدە ياشاش. ئادەم ۋۇ زۇگۇاڭ ئەپەندىدەك ھەر ۋاقىت «ياخشى پەيتتە تۇغۇل-غان» دەيدىغان ئاكتىپ پوزىتسىيە بىلەن ئۆزىنى داۋاملىق كۆرەش قىلىشقا ئىلھاملاندۇرۇپ، ئىزچىل ئالغا ئىلگىرىلەپ، چەكلىك ھاياتتا ئۆزىنىڭ كىشى-لىك قىممىتىنى تولۇق نامايان قىلغاندىلا، ئاندىن بىكار ياشىمىغان بولىدۇ.

**ھېكمەت:**

ئۈمىدۋار كىشىلەر ئۈچۈن ھەرقانداق ۋاقىتتا ئىقتىدارىنى جارى قىلدۇ-

رىدىغان يەر چىقماي قالمايدۇ: ئەكسىچە، پاسسىپ، ئۈمىدسىز كىشىلەرگە نىسبەتەن، ئەڭ ياخشى ۋاقىت بولسىمۇ، ئىشلەتكۈدەك پۇرسەت چىقمايدۇ.

# 50
# ئىككى خىل پۇرسەت

ئۇ ئامېرىكا كالىفورنىيە ئۇنىۋېرسىتېتىنى ئەمدىلا پۈتتۈرگەن ستۇدېنت بولۇپ، 2003 ـ يىلى قىشلىق ئەسكەر قوبۇل قىلىشتا قانۇن بويىچە ئەسكەرلىككە قوبۇل قىلىندى، چەك تارتىش نەتىجىسىدە ئەڭ جاپالىق ھەم ئەڭ خەتەرلىك بولغان دېڭىز ئارمىيەسىنىڭ قۇرۇقلۇقتا جەڭ قىلغۇچى ئەترىتىگە بېرىپ ۋەزىپە ئۆتەشكە تەقسىم قىلىندى.

ئۇ دېڭىز ئارمىيەسىنىڭ قۇرۇقلۇقتا جەڭ قىلغۇچى ئەترىتىگە قوبۇل قىلىنغانلىقىدىن خەۋەر تاپقاندىن كېيىن، تەشۋىشلىنىپ تۇرالمايلا قالدى. بوۋىسى نەۋرىسىنىڭ روھىي چۈشۈپ كەتكەن ئادەمدەك ھالىتىنى كۆرگەندىن كېيىن، ئۇنىڭغا نەسىھەت قىلدى:

— ئەنسىرىگۈدەك ئىش يوق، دېڭىز ئارمىيەسىنىڭ قۇرۇقلۇقتا جەڭ قىلغۇچى ئەترىتىگە بارغاندىن كېيىن، ساڭا ئىككى پۇرسەت بار: بىرى، ئىچكى خىزمەت بۆلۈمىدە قېلىش؛ يەنە بىرى، سىرتقى خىزمەت بۆلۈمىگە تەقسىم قىلىنىش. ئەگەر ئىچكى خىزمەت بۆلۈمىگە تەقسىم قىلىنساڭ، ھەرگىز قورقۇپ يۈرمەيسەن.

— بىراق، ئەگەر تاشقى خىزمەت بۆلۈمىگە تەقسىم قىلىنىپ قالسامچۇ؟ — دېدى ئۇ بوۋىسىغا.

— ئۇنداقتا يەنە ئوخشاشلا ئىككى پۇرسەت بار، — دېدى بوۋىسى، — بىرى، ئامېرىكىدا قېلىش؛ يەنە بىرى چەت ئەللەردىكى ھەربىي بازىلارغا تەقسىم قىلىنىش. ئەگەر ئامېرىكىدا قېلىشقا تەقسىملەنسەڭ ئۇنداقتا يەنىلا ئەنسىرىشىڭ ھاجەتسىز.

— ئەگەر چەت ئەلدىكى ھەربىي بازىلارغا تەقسىم قىلىنسامچۇ؟ — دەپ سورىدى يىگىت.

— ئۇنداقتا يەنە ئىككى پۇرسەت بار، — دېدى بوۋاي، — بىرى، تىنچ ھەم دوستانە دۆلەتكە تەقسىم قىلىنىش؛ يەنە بىرى، تىنچلىقى ساقلىنىدىغان

رايونلارغا تەقسىم قىلىنىش. ئەگەر تىنچ ھەم دوستانە دۆلەتلەرگە تەقسىم قىلىنساڭ، ئوخشاشلا تەبرىكلەشكە ئەرزىيدىغان ياخشى ئىش بولىدۇ ئەمەسمۇ؟

— تەلىيىم كاج كېلىپ تىنچلىقى ساقلىنىدىغان رايونلارغا تەقسىم قىلىنىپ قالسامچۇ؟ — دەپ سورىدى يىگىت يەنە.

— ساڭا ئوخشاشلا ئىككى پۇرسەت بار: بىرى، ئامان - ئېسەن قايتىپ كېلىش؛ يەنە بىرى، بەختكە قارشى يارىلىنىش. ئەگەر سەن تىنچ - ئامان قايتىپ كەلسەڭ، ھازىرنىڭ ئۆزىدە ئەندىشە قىلىشىڭ ئارتۇقچە ئەمەسمۇ؟ — دېدى بوۋاي.

— ئەگەر مەن بەختكە قارشى يارىلانسامچۇ؟ — سورىدى يىگىت يەنىلا قايىل بولماي.

— يارىلانغاندىن كېيىن، ساڭا يەنىلا ئىككى خىل پۇرسەت بولىدۇ: بىرى، ھاياتىڭنى ساقلاپ قېلىش: يەنە بىرى، قۇتقۇزۇش ئۈنۈم بەرمەسلىك. ئەگەر ھاياتىڭ ساقلاپ قېلىنىدىغان ئىش بولسا، ئۇنىڭدىن ئەنسىرەپ نېمە قىلىسەن؟ — دېدى بوۋاي كۈلۈمسىرەپ.

يىگىت ئارقىدىنلا يەنە سورىدى:

— ئۇنداقتا قۇتقۇزۇش پۈتۈنلەي ئۈنۈم بەرمىسە قانداق قىلىمەن؟

— ئۇنداق بولسىمۇ يەنە ئىككى پۇرسەت بار: بىرى، قەيسەرلىك بىلەن جەڭگە ئاتلىنىپ، دۆلەت ئۈچۈن قەھرىمانلارچە قۇربان بولۇش: يەنە بىرى، قورقۇنچاقلىق بىلەن مۆكۈپ يېتىپ بەختكە قارشى قازاغا يولۇقۇش، سېنىڭ مىجەزىڭدە سەن چوقۇم بىرىنچى خىلنى تاللايسەن. قەھرىمان بولىدىغان بولغاندىكىن ئەنسىرەش ھاجەتسىز.

ئاڭلاپ مۇشۇ يەرگە كەلگەندە يىگىت بىر نېمە دېمەكچى بولۇپ ئاغزىنى ئاچتىيۇ، ئەمما ھېچقانداق گەپنى ئاغزىدىن چىقىرالمىدى.

شۇ ئەمەسمۇ، مەيلى قانداق ئەھۋالدا تۇرمايلى، بىزگە ئاز دېگەندىمۇ ئىككى خىل پۇرسەت بولىدۇ: بىرى، ياخشى پۇرسەت؛ بىرى يامان پۇرسەت. ياخشى پۇرسەتتە چوقۇم يامان ئېلېمېنتلار يوشۇرۇن ساقلانغان بو-

لىدۇ: يامان پۇرسەتتە بولسا يەنە ياخشىلىنىش ساقلىنىۋاتقان بولۇشى مۇم-
كىن. مۇھىمى، بىزنىڭ ئۆزىمىزغا قانداق نەزەردە، قانداق روھىي ھالەتتە ۋە
قانداق نۇقتىدا قارىشىمىزدا.

**ھېكمەت:**

پۇرسەتنىڭ ياخشى - يامان بولۇشىنىڭ ئۆلچىمى كىشىلەرنىڭ ئۇنىڭغا
بولغان قارىشىدا. ئەگەر ئۈمىدۋار، كەڭ قورساق، روھىي ھالىتى ئاكتىپ
بولسا، ھەرقانداق ۋاقىتنىڭ ھەممىسى ياخشى پۇرسەت بولىدۇ؛ ئەگەر ئۈ-
مىدسىز، چۈشكۈن، روھىي ھالىتى پاسسىپ بولسا، ھەرقانداق ۋاقىتنىڭ
ھەممىسى يامان پۇرسەت بولىدۇ.

## 51
# ئائىلە تاپشۇرۇقى

ئەمدىلا تولۇقسىز ئۈچىنچى يىللىققا چىققان شىياۋ مىڭنىڭ نەتىجىسى ئەلا ھېسابلانمايتتى، شۇنداقلا ئۇنى «ماتېماتىكىدا تالانتى بار» دېگىلىمۇ بولمايتتى، بىراق بۇ قېتىم ئۇ راستىنلا ماتېماتىكا ئوقۇتقۇچىسىنى ئويلىمىغان يەردىن خۇش قىلىۋەتتى. بۇ زادى قانداق ئىش؟

ئالدىنقى ھەپتە ئاخىرى شىياۋ مىڭ ئاغرىپ قېلىپ دەرسكە بارالمىدى. كەچتە ئۇ ساۋاقدىشىغا تېلېفون بېرىپ تاپشۇرۇقنى ئېيتىپ بېرىشنى سورىدى، بۇنىڭ ئىچىدە ماتېماتىكا ئوقۇتقۇچىسى ياڭ مۇئەللىمنىڭ قالدۇرغان ئىككى مەسىلىسىمۇ بار ئىدى: بىرى، گېئومېترىيە مەسىلىسى؛ بىرى ئالگېبرا مەسىلىسى ئىدى.

ئىككىنچى كۈنى ئەتىگەندە، شىياۋ مىڭ تاپشۇرۇقنى ئىشلەشكە باشلىغاندىلا، ئاندىن بۇ تاپشۇرۇقنىڭ راۋۇرۇس قىيىنلىقىنى بايقىدى. ئەتىگەندىن كەچكىچە ئىزچىل ئويلانغان بولسىمۇ، بىراق تاكى كەچلىك تاماق ۋاقتىغىچە ئۇنىڭ كاللىسى گاراڭ ھالەتتە تۇردى.

تاپشۇرۇق تۈگىمىدى، ئۇخلاش ئۈچۈن كارىۋاتقا چىقىپ يېتىپ بولغان شىياۋ مىڭ ئۇياق ـ بۇياققا ئۆرۈلۈپ زادىلا خاتىرجەم ئۇخلىيالمىدى. ئۇ تۇيۇقسىزلا ئورنىدىن تۇردى: توغرا، بۇ خىل ئۇسۇلدا ئىشلىسە بولىدىغاندەك قىلىدۇ...

يېڭى بىر ھەپتە باشلاندى، شىياۋ مىڭ دەككە ـ دۈككىدە تاپشۇرۇقنى تاپشۇردى، توغرا ـ خاتالىقىنى ئۇ ئۆزىمۇ بىلمەيتتى، زادىلا ئىشەنچى يوق ئىدى. ئويلىمىغان يەردىن، چۈشتىن كېيىنكى ماتېماتىكا دەرسىنىڭ قوڭغۇرىقى چېلىنمايلا ياڭ مۇئەللىم بىر قوچاق تاپشۇرۇق دەپتەرنى كۆتۈرگىنىچە سىنىپقا كىرىپ كەلدى.

ــ شىياۋ مىڭ، شىياۋ مىڭ، ــ ياڭ مۇئەللىم ئارقا ـ ئارقىدىن توۋلاپ كەتتى، ــ سەن بۇ مەسىلىنى يېشىپسەن، سەن يېشەلەپسەن!

— شۇنداق، نېمە بولدى؟ جاۋابىم خاتا بولۇپ قاپتۇمۇ؟ — دېدى شياۋ مىڭ ياڭ مۇئەللىمنىڭ ئەزەلدىن بۇنداق ھاياجانلانغىنىنى كۆرۈپ باقمىغاچقا ھەيرانلىق ھېس قىلىپ.

— تەگرىم، سەن قانداق قىلىپ يېشەلىگەنسەن دەيمىنا؟ بۇ دېگەن ئالدىنقى يىلى ئالىي مەكتەپنىڭ ماتېماتىكا ئىمتىھانىدىكى ئەڭ قىيىن ئىككى سوئال ئىدى، تولۇقسىزنىڭ ئوقۇغۇچىلىرىدىن تېخى ھېچكىم ئىشلەپ باقمىغان. مەن ئەسلىدە كۆپچىلىكنى قىيناپ باقاي دېگەنىدىم، ئويلىمىغان يەردىن سەن بۇنى ئىشلەۋېتىپسەن!

— ئالىي مەكتەپ ئىمتىھانىدىكى ئەڭ قىيىن مەسىلە؟ — شياۋ مىڭ بىر ئىشىنىپ، بىر ئىشەنمەي قايتىلىدى، — مەن بىلمەيدىكەنمەن... — دەپ غۇدۇڭشىدى ئۇ.

— بەلكىم ئۇ بىلمىگەچكە ھېسابلىيالىغان بولۇشى مۇمكىن، — دېدى ياڭ مۇئەللىم تۇيۇقسىز ھەممىنى چۈشەنگەندەك ئۆز - ئۆزىگە.

**ھېكمەت:**

كۆڭلىدە قىيىنلىقى ئېنىق بولغان مەسىلىنى ئالدىغا قويۇپ، بىر تەرەپ قىلسا، نەتىجىسى كۆپىنچە ھاللاردا كۆڭۈلدىكىدەك بولمايدۇ؛ قىيىن مەسىلىنى ئادەتتىكى مەسىلە دەپ قارىسا، نەتىجىسى دائىم ئويلىمىغان يەردىن چىقىدۇ. قارىغاندا ھەل قىلىش «قىيىن» بولغىنى مەسىلىنىڭ ئۆزى ئەمەس، بەلكى بىزنىڭ كاللىمىزدىكى قىيىنچىلىقتىن قورقۇش كەيپىياتى ئىكەن.

## 52
## ئۆز تەقدىرىگە ئۆزى ئىگە بولۇش

دىسنىي باشلانغۇچ مەكتەپتىكى چېغىدا ئىنتايىن شوخ، چېچەن بالا ئىدى، ئۇنىڭ ئەدەبىيات ۋە رەسىم سىزىشتا ئادەمنى ھەيران قالدۇرغۇدەك تالانتى بار ئىدى. ئۇ تېخى ئون ياشقا كىرمەي تۇرۇپلا چوڭ يازغۇچى مارك تۋېننىڭ «تام سويانىڭ خەتەرلىك سەرگۈزەشتىسى» قاتارلىق مەشھۇر ئەسەرلىرىنى ئوقۇپ بولغانىدى، ئوقۇتقۇچى ئورۇنلاشتۇرغان رەسىم سىزىش تاپشۇرۇقىنىڭ ھەممىسنى بەك كۆڭۈل قويۇپ ياخشى ئىشلەيتتى.

بىر قېتىم گۈزەل - سەنئەت ئوقۇتقۇچىسى بىر تەشتەك گۈل سىزىپ كېلىشنى تاپشۇرۇق بەردى. تېپىپ بېقىڭە، دىسنىي قانداق سىزغاندۇر؟ ئۇ گۈلنى ئادەمنىڭ يۈزى قىلىپ سىزدى ھەممە ھەر خىل چىراي ئىپادىسى بىلەن سىزدى، يەنە تېخى گۈلنىڭ ئاستىدىكى يوپۇرماقلارنى ئادەمنىڭ قولى قىلىپ سىزدى، ئەڭ ئاستىدىكى تەشتەكنى ئۇ بىر ئورۇندۇق قىلىپ سىزدى. شۇنداق قىلىپ، پۈتۈن رەسىم قارىماققا ھەم بىر تەشتەك گۈلگىمۇ ئوخشايتتى، ھەم يەنە ئورۇندۇقتا ئولتۇرۇپ ئۇسسۇل ئويناۋاتقان بىر توپ بالىغىمۇ ئوخشايتتى.

رەسىم ئوقۇتقۇچىسى دىسنىينىڭ ئەسىرىنى كۆرۈپ قاتتىق خاپا بولدى، ئۇ بالىلارنىڭ قەلبىدىكى گۈزەل دۇنيانى چۈشەنمەي، ئەكسىچە ئۇنى قالايمىقان ئىش قىلدى، دەپ بىلدى، شۇڭا كۆپچىلىكنىڭ ئالدىدىلا ئۇنىڭ ئەسىرىنى يىرتىپ پارچە - پارچە قىلىۋەتتى. دىسنىي ئۇنىڭغا قارشىلىق بىلدۈرگەندە، ئوقۇتقۇچىسى ئۇنى تېخىمۇ قاتتىق تەنقىدلەپ بىر ھازا دۆشكەلىدى.

ئۇۋالچىلىق تارتقان دىسنىي ئۆيىگە قايتىپ كەلگەندىن كېيىن بۇ ئىشنى ئاتىسىغا ئېيتتى. ئاتىسى ئۇنىڭ سۆزىنى ئاڭلاپ بولغاندىن كېيىن مۇنداق دېدى:

— بالام، ئۆزىگە ئىگە بولالمايدىغان ئادەم ئۆمۈرۋايەت باشقىلارغا قۇل

بولۇپ ئۆتىدۇ.

گەرچە شۇ چاغدا تېخى يېشى كىچىك دىسنىي بۇ سۆزنىڭ چوڭقۇر مەنىسىنى چۈشەنمىسىمۇ، ئەمما ئاتىسىنىڭ ئۆزىنى قوللاۋاتقىنىنى غۇۋا ھېس قىلغاندەك بولدى، شۇنىڭ بىلەن بۇ خىل خاراكتېرىنى ساقلاپ قالدى.

بىرىنچى دۇنيا ئۇرۇشى پارتلىغاندىن كېيىن دىسنىي ھەربىي سەپكە قاتنىشىپ پىدائىي بولدى. شۇ كۈنلەردە ئۇ ئازراق ۋاقىت چىقىرالىسىلا ھەجۋى رەسىم سىزىپ بەزى ژۇرناللارغا ئەۋەتىپ تۇردى. ئېچىنىشلىق يېرى، ئۇنىڭ ئەسەرلىرىدىن ھۇزۇرلىنىدىغان ئادەم يوق ئىدى. بۇ خىل كىشىنى ئۈمىدسىزلەندۈرىدىغان «مىققا ئۇسۇۋېلىش»لەر بىرىنچى دۇنيا ئۇرۇشى ئاياغلاشقان خېلى ئۇزۇن بىر مەزگىلگىچە داۋاملاشتى. دىسنىي مەلۇم بىر ئېلان شىركىتىدە ئىشلىگەندە «رەسساملىق ئىقتىدارى كەمچىل» دەپ ئىشتىن بوشىتىلىشتەك ئوسال ئەھۋالغىمۇ يولۇقتى.

تولا خىزمەت ئىزدەپ تامغا ئۇسكەن دىسنىي 1923 - يىلى 10 - ئايدا ئامالىنىڭ يوقىدىن ئاكىسى رويى بىلەن بىللە «دىسنىي ئاكا - ئۇكىلار شىركىتى»نى ئېچىپ، ھوللىۋوتتىكى بىر ئۆي - مۈلۈك شىركىتىنىڭ ئارقا ھويلىسىدىكى تاشلىۋېتىلگەن ئامباردا ئەڭ دەسلەپكى قىيىنچىلىقلارنى ئۆتكۈزگەندىن كېيىن، ئۇلار ئىجاد قىلغان مىككى چاشقان بىلەن دولانت ئۆردەك دۇنياغا كېلىپ، ناھايىتى تېزلا پۈتۈن دۇنياغا تارقالدى. شۇنىڭدىن كېيىنكى نۇرغۇن يىللاردا بۇ ئىككى ئوبراز دىسنىي شىركىتىگە 27 تۇردە ئوسكار مۇكاپاتى ئېلىپ كەلدى، دېسنىينى دۇنيادىكى بۇ مۇكاپاتقا ئەڭ كۆپ ئېرىشكەن ئادەمگە ئايلاندۇردى.

**ھېكمەت:**

ھەرقانداق بىر ئادەم باشقىلارنىڭ تەنقىت ۋە ئىنكار قىلىشىدىن خالىي بولالمايدۇ، ئەمما ئەگەر سىز باشقىلارنىڭ كۆزى بىلەن ئاغزىنىڭ قۇلى بولۇپ قالسىڭىز، ئۇنداقتا سىز ئۆزىڭىزنىڭ تەقدىرىگە ئىگە بولالمايسىز، ئەڭ ئاخىرى ھېچقانداق ئىشنى باشقا ئېلىپ چىقالمايسىز.

# 53
## بىر ساندۇق تاش

بۇ ئافرىقىدىكى بىر قويۇق ئىپتىدائىي ئورمان ئىدى. بارى، مايكىرس، جون ۋە جىمدىن ئىبارەت بىر تېرە بىر ئۇستىخان بولۇپ، ئارانلا جېنى قالغان تۆت ئەر بىر ئېغىر ساندۇقنى كۆتۈرۈپ، قويۇق ئورماننىڭ ئىچكىرىسىدىن ئالدىراپ - تېنەپ چىقىپ كېلىۋاتاتتى.

ئۇلار ئەسلىدە ئەترەت باشلىقى ماركلوفقا ئەگىشىپ بۇ ئورماننى تەكشۈرۈشكە كىرگەن، ماركلوف ئۇلارغا ئىنتايىن ئوبدان ھەق بەرمەكچى بولغانىدى. كىم بىلسۇن، ماركلوف يېرىم يولدا بىر غەلىتە كېسەلگە موپتىلا بولۇپ، ناھايىتى تېزلا تۈگەپ كەتتى. ئۇ تۈگەشتىن ئىلگىرى ھەممەيلەننى يېنىغا چاقىرىپ، يېنىدىكى ئۆز قولى بىلەن ياسىغان ساندۇقنى كۆرسىتىپ تۇرۇپ، كۆپچىلىككە:

— ئورماندىن چىقىپ كېتىشتىن بۇرۇن بۇ ساندۇقتىن بىر قەدەممۇ ئايرىلماسلىق توغرىلىق ماڭا كاپالەت بېرىڭلار. ئېسىڭلاردا بولسۇن، ئەگەر سىلەر بۇ ساندۇقنى مېنىڭ دوستۇم پىروفېسسور مايكتاڭناغا ئاپىرىپ بەرسەڭلار، ئالتۇندىنمۇ قىممەتلىك نۇرغۇنلىغان نەرسىگە ئېرىشىسىلەر، بۇنىڭغا مەن يۈزدەيۈز كاپالەت بېرەلەيمەن. سىلەر ماڭا ھازىر شۇنداق قىلالايدىغانلىقىڭلار توغرىلىق قەسەم بېرىڭلار، — دېدى. ئاندىن ھەممەيلەن قەسەم بېرىپ بولغاندىن كېيىن، كۆزلىرىنى مەڭگۈلۈك يۇمۇپ ئۇ ئالەمگە كەتتى.

تۆتەيلەن ئەترەت باشلىقىنى دەپنە قىلىپ بولۇپ يولغا چىقتى، بىراق ئورماندىكى يول بارغانسېرى تارىيىپ، ماڭماق بارغانسېرى قىيىنلىشىپ، ئاخىرى زادىلا ماڭغىلى بولماي قالدى. تۆتيلىسىنىڭ تەن قۇۋۋىتىمۇ بارغانسېرى ئاجىزلاپ، ئاخىرى تۇتقۇنلاردەك پاتقاققا پېتىپ، جان تالىشىپ قالدى. ئۆزلىرىنىڭ قاباھەتلىك چۈشتەك قىيىن شارائىتتا قالغىنىنى كۆرگەن كۆپچىلىكنىڭ كۆزى بۇ ئېغىر ساندۇققا چۈشتى، ئۇلار كۆڭلىدە مۇشۇ ساندۇق بولمىغان بولسا، ئۆزىمىز ئاللىبۇرۇنلا ئۆلۈپ تۈگىشەتتۇق، دەپ

ئويلا شتى.

شۇنداق قىلىپ ئۇلار شۇ ساندۇقنىڭ تۆرتكىسىدە بىر - بىرىدىن خەۋەر ئېلىشىپ، ئەڭ جاپالىق مىنۇتلارنى ئۆتكۈزدى. ئاخىرى بىر كۈنى، بۇ ئېچىلماس يېشىل پەردە تۇيۇقسىزلا ئېچىلىپ كەتتى — مىڭ بىر جاپا - مۇشەققەتلەردىن كېيىن ئۇلار ئاخىرى بۇ ئىپتىدائىي ئورماندىن چىقىپ كەتتى.

بىراق، تۆتەيلەن ئالدىراپ پىروفېسسور مايكتاگىنانى تاپقاندا، پىروفېسسور بۇ ساندۇققا قاراپ كۈلۈپ قويۇپ ئۇندىمىدى، تۆتەيلەن تەققەززالىق بىلەن بىر - بىرىگە قاراشتى، ئاخىرى خۇددى دېيىشىۋالغاندەكلا ئىش ھەققىنى سوراشتى.

— ئىش ھەققىنى ئېلىپ بولدۇڭلار، — دېدى پىروفېسسور مايكتاگىنا كۈلۈپ تۇرۇپ.

— نېمە؟ بۇ قانداق مۇمكىن بولسۇن؟ — دېدى ئۇلار ھەيران بولۇشۇپ. ئۇلار ئەترەت باشلىقى ماركلوف ۋە كۆز ئالدىدىكى بۇ سالاپەتلىك پىروفېسسورنىڭ ئۆزلىرىنى ئالدايدىغانلىقىغا ئىشەنمەيتتى.

— مەندە ھەقىقەتەن ھېچ نەرسە يوق، — دېدى پىروفېسسور ئىككى قولىنى ئېچىپ، ئاندىن تۇيۇقسىزلا ساندۇقنى ئاچتى، — ئۇنداقتا سىلەر ساندۇقتىكى بايلىقنى ئېلىپ كېتىڭلار.

— ھە؟ — كۆپچىلىك ساندۇقنى كۆرۈپ شۇئان دېمىنى ئىچىگە يۇتتى، ساندۇقتا ھېچنېمىگە ئەسقاتمايدىغان يوغان بىر تاش تۇراتتى! شۇئان تۆتەيلەننىڭ ئەرۋاھى ئۇچتى، ئۇلار ئەترەت باشلىقىنىڭ ئۆزلىرىنى نېمشقا بۇنداق ئەخمەق قىلغىنىنى پەقەتلا چۈشىنەلمىدى. بىلىشىڭىز كېرەككى، ئۇلار بۇ ساندۇق ئۈچۈن نۇرغۇن قېتىم ھايات - ماماتلىق ئۆتكەللەرنى بېشىدىن كەچۈردى، ئىپتىدائىي ئورماندىكى ئاشۇ دۆۋە - دۆۋە ئادەم ئۇستىخانلىرى، تارام - تارام قان داغلىرى ھېلىھەم سۈرەتتەك ئۇلارنىڭ كۆز ئالدىدا تۇراتتى.

— بىز ئالدىنىپتۇق! — دېدى مايكىرس غەزەپلىنىپ.

— ياق، — دېدى پروفېسسور دەرھال ئىنكار قىلىپ، — سىلەر ئالتۇندىنمۇ قىممەتلىك نەرسىگە ئېرىشتىڭلار، ئۇ بولسىمۇ ھاياتلىق!

**ھېكمەت:**

ئېنىق مۇددىئا بولغاندىلا، ھەرىكەت نىشانى ۋە ھەرىكەتلەندۈرگۈچ كۈچكە ئىگە بولىمىز. رېئال تۇرمۇشتا گاھى ئادەملەرنىڭ كۆڭۈلسىزلىك، بىزارلىق تۇيغۇسىدا بولۇشىنىڭ سەۋەبى، تۇرمۇشقا بولغان قىزغىنلىقىنىڭ كەمچىلىكىدە، بۇنداقلارنىڭ كۆپلىرىنىڭ كېسەللىك يىلتىزى — ئىش قىلىشتىكى مەقسەت - مۇددىئاسىنى يوقاتقانلىقىدۇر.

# 54
## ئۆزۈڭنىڭ ئىشىنىلا ياخشى ئىشلەشنى بىل

ئومۇمەن ۋاسكېتبولنى ياخشى كۆرىدىغانلا ئادەم چوقۇم «ئوررا جوۋاڭ» دېگەن بۇ ئىسمنى بىلىدۇ، ئۇ ئامېرىكا NBA كوماندىسىنىڭ بۇرۇنقى ئوتتۇرا ھۇجۇمچىسى بولۇپ، مۆجىزىلىك بىر ۋاسكېتبولچى.

ئۇ ئىلگىرى ـ كېيىن بولۇپ، ۋاسكېتبول مۇسابىقە مەيدانىدا 18 يىل چاپتى. بۇ 18 يىلدا ئۇ ئىككى قېتىم NBA پەسىلدىن كېيىنكى مۇسابىقىسىنىڭ چېمپىيونى، 12 قېتىم NBA چولپىنى بولدى، 12000 قېتىم گارغا توپ ئاتتى ھەم NBA تارىخىدىكى سەككىز نەپەر نومۇرى يىگىرمە مىڭدىن ئاشقان توپچىنىڭ بىرى بولۇپ، MVP دىكى ئەڭ قىممەتلىك توپچى، دېگەن نامغا ئېرىشتى.

NBA تارىخىدىكى ھەربىر مەيدان مۇسابىقىدە نومۇرغا ئېرىشىش، گارغا توپ ئېتىش، ھۇجۇمغا ياردەملىشىش، تالىشىپ ئېلىۋېلىش ھەم قالپاق كىيدۈرۈش قاتارلىق چوڭ تۈرلەرنىڭ ھەممىسىدە نومۇرى ئىككى خانىلىق سانغا يەتكەن كۆزگە كۆرۈنگەن تەنھەرىكەتچىدىن جەمئىي پەقەت تۆتىلا بولۇپ، ئوررا جوۋاڭ شۇلارنىڭ بىرى. شۇڭا، كىشىلەرنىڭ ھەممىسى ئۇنى «بۆيۈك چۆش» دەپ ئاتايدۇ، بۇنىڭ مەنىسى «ئەڭ ياخشىسى» دېگەنلىك. ھەتتا داڭلىق ۋاسكېتبول تىرېنېرى توم گانوۋېچمۇ ئۇنى ئاغزى ـ ئاغزىغا تەگمەي ماختاپ، «سېنىڭ بىزگە ئاتا قىلغىنىڭ بىزنىڭ ساڭا بەرگەنلىرىمىزدىن كۆپ ئېشىپ كەتتى» دېگەنىدى.

ئوررا جوۋاڭ سەپتىن چېكىنگەندىن كېيىن، ئۇنىڭ ھېلىقى رىۋايەت تۈسىنى ئالغان 34 نومۇرلۇق توپ كىيىمى راكېتا كوماندىسىنىڭ ئاساسىي مەيدانى بولغان كاڭ بەي مەركىزىي توپ مەيدانىنىڭ تورۇسىغا مەڭگۈلۈك چىقىرىلدى. شۇنىڭدىن كېيىن، كاڭ بەي مەركىزىي توپ مەيدانىغا كىرگەن ھەربىر تاماشىبىن ھەمىشە بۇ توپ كىيىمنى كۆرەلەيدۇ، شۇ ئارقىلىق بۇ كىيىمنىڭ ئىگىسى ئوررا جوۋاڭنىڭ بۇ 18 يىلدا ئاققۇزغان تەرى ۋە كۆز

يېشنى، ئارزۇ ۋە شان - شەرىپىنى ئەسكە ئالدۇ.

تېخمۇ تىلغا ئېلىشقا ئەرزىيدىغىنى، مىڭلىغان - مىليونلىغان توپ مەستانىلىرى، سان - ساناقسىز ئاخبارات ۋاستىلىرى كەينىدىن قوغلىشىپ يۈرگەن بولسىمۇ، ئورررا جۇۋاڭ ئەزەلدىن چولپانلىق كېبىر كۆرسىتىپ باقمىدى، ئۇ ئىزچىل تۆردە كەمتەر، مۇلايىم بولۇپ، ھەر بىر مەيدان مۇسابىقىنى بېرىلىپ ياخشى ئوينىدى.

مۇخبىر ئۇنىڭدىن قانداق قىلىپ شۇنچە شاۋقۇن - سۈرەنلىك شان - شەرەپلەر ئىچىدىمۇ سوغۇققانلىقنى ساقلاپ، كىشىنى ھەيران قالدۇرغۇدەك شۇنچە زور نەتىجىنى قولغا كەلتۈرگەنلىكىنى سورىغاندا، ئورررا جۇۋاڭ مۇنداق دەپ جاۋاب بەرگەن:

— مەن ئەزەلدىن مېنىڭ تۇنجى تىرېنېرىمنىڭ: «سەن پەقەت دىققىتىڭنى يىغىپ مۇسابىقىدە توپنى ياخشى ئوينىساڭلا بولىدى، ئۇ ماختاش ۋە تەنقىدلەرنىڭ ھەممىسى باشقىلارغا دېيىلىۋاتقان گەپلەر» دېگەن سۆزىنى ئەستىن چىقارمىدىم. شۇڭا، مەن كەسپىي ھاياتىمدا، ھەرقانداق ۋاقىتتا پۈتۈن دىققىتىمنى يىغىپ ئالدىمغا قاراشقا — توپنى ياخشى ئويناشقا تىرىشتىم. كىشىلەر نۇرغۇنلىغان ماختاش - مەدھىيەلەرنى ياغدۇرۇۋاتقاندىمۇ، مەن ھامان ئۇلارنى باشقا بىرىنى دەۋاتىدۇ، دەپ ئويلايمەن.

**ھېكمەت:**

باشقىلارنىڭ ماختىشى ياكى تەنقىت قىلىشى بىلەن كارىڭىز بولماي، دىققىتىڭىزنى مەركەزلەشتۈرۈپ ئىشىڭىزنى قىلىڭ، شۇندىلا ئېھتىياجلىق نەرسىڭىزگە ئېرىشەلەيسىز. بىراق، سىزگە كېرەك بولغان ماختاش ۋە مۇئەييەنلەشتۈرۈشلەر يېتىپ كەلگەندە، سىز چوقۇم بۇنى «باشقىلارنىڭ» دەپ بىلىشىڭىز كېرەك، بولمىسا قارشى تەرەپ ھامان بىر كۈنى يەنە پىخسىقلىق بىلەن ئۇنى قايتۇرۇۋالىدۇ.

## 55

# يازغۇچى بىلەن كىچىك ئاشپۇزۇل خوجايىنى

ھەممەيلەن يازغۇچىلاردا بىر تۈرلۈك تۇغما مەيۇسلۈك خاراكتېرى بولىدۇ دەيدۇ، ئەمما ئۇ ئۇنداق ئەمەس، ئۇ ئەزەلدىن ئۇمىدۋار، كەڭقورساق، ئۆزىگە ئىشىنىدۇ.

يېقىندا، ئۇلارنىڭ ئۆيىگە يېقىنلا بىر جايغا مايلىق چۆپ ساتىدىغان بىر يايمىچى كېلىپ قالدى، ئۇلارنىڭ تىجارىتىنىڭ ئاجايىپ ياخشىلىقىنى كۆرگەن يازغۇچى ئازراق ئەجەبلىنىپ، ئوغلىنى يېتىلەپ بۇ يەرگە مايلىق چۆپ يېگىلى كەلدى. ئويلىمىغان يەردىن، مۇشۇ بىر قېتىملىق مايلىق چۆپ يېيىش ئۇنىڭ كۆزىنى ئېچىۋەتتى — مايلىق چۆپ ساتىدىغان بۇ يايمىچىنىڭ ھەرىكىتى كارامەت چاققان ئىدى! ئۇ ئاۋۋال ماي چۆپنى قۇمۇش چويلىغا سېلىپ قازانغا سالاتتى، ھايت - ھۇيت دېگۈچە ئون نەچچە چويلا چۆپنى سېلىپ بولدى. ئاندىن دەستىلەنگەن قۇمۇش چويلىلارنى قايناۋاتقان قازانغا سالدى. چۆپ پىشاي دېگەندە ئون نەچچە قاچىنى چاقماق تېزلىكىدە قاتار تىزىۋېلىپ، ئايرىم - ئايرىم ئاش كۆكى، تېتىتقۇ، تۇز قاتارلىقلارنى سالدى. ئارقىدىنلا چۆپنى سۈزۈپ شورپا قۇيدى، ئون نەچچە قاچا چۆپ كۆزنى يۇمۇپ - ئاچقۇچە ئارىلىقتا مېھمانلارنىڭ ئالدىغا قويۇلدى. بۇ جەريانلارنىڭ ھەممىسىنى قوشۇپ ھېسابلىغاندىمۇ ئۈچ مىنۇتمۇ كەتمىگەنىدى.

يازغۇچىمۇ قوشۇلۇپ، ئەتراپتىكىلەرنىڭ ھەممىسى بۇنىڭغا قاراپ ھاڭ - تاڭ قالدى.

بۇ چاغدا يازغۇچىنىڭ يېنىدا ئولتۇرغان ئوغلى ئېغىز ئاچتى:

— دادا، باشقىلارنىڭ ھەممىسى سىزنى ماۋۇ دەيدىكەن، — دېدى ئوغلى باش بارمىقىنى چىقىرىپ، — بىراق، مېنىڭچە، سىز مايلىق چۆپ ساتىدىغان بۇ تاغام بىلەن بەسلەشسىڭىز چوقۇم ئۇتتۇرۇپ قويىسىز!

يازغۇچى ئوغلىنىڭ بۇنداق تۇيۇقسىز «سۇندۇرۇش»ىغا كۈلدى - دە، شۇئان سەممىي باش لىڭشىتىپ قوشۇلىدىغانلىقىنى بىلدۈردى:

— راست، داداڭ ئۇتتۇرغاندىمۇ ئىنتايىن ئېچىنىشلىق ئۇتتۇرىدۇ.

تاماق يەپ بولغاندىن كېيىن يازغۇچى يەنە ئوغلىنى باشلاپ بىر پىلتە قۇيماقچىنىڭ يايمىسىغا كەلدى، ئاندىن قازاندىكى مايدا ئاستا - ئاستا كۆپۈپ پىشۋاتقان پىلتە قۇيماقنى كۆرسىتىپ تۇرۇپ:

— ئوغلۇم، پىلتە قۇيماق پىشۇرۇۋاتقان بۇ ھەدەڭ بىلەن بەسلەشسىمۇ، داداڭ ئۇتتۇرۇپ قويىدۇ. داداڭ بۇ دۇنيادىكى نۇرغۇن ئادەمگە يەتمەيدۇ، ئۇلارغا ئۇتتۇرۇپ قويىدۇ، — دېدى.

ئوغۇل ئۆز كۆزى بىلەن كۆرگەچكە دەرھال باش لىڭشىتىپ قوشۇلىدىغانلىقىنى بىلدۈردى. بىراق، ئۇ خېلى ئۇزۇندىن كېيىنمۇ بىر ئىشنى چۈشەنمىدى: دادىسى شۇنچىلىك ئىقتىدارسىز، نۇرغۇن - نۇرغۇن كىشىگە ئۇتتۇرۇپ قويىدىغان تۇرسا، يەنە نېمىشقا كۈن بويى شۇنداق خۇشال ۋە تولۇق ئىشەنچ بىلەن يۈرىدىغاندۇ؟

**ھېكمەت:**

دۇنيا ئەسلىدىن مۇكەممەل ئەمەس، شۇڭا مۇكەممەللىكنى زورىغا قوغلىشىشنىڭ ھاجىتى يوق، كىشىلىك تۇرمۇشتا كەمچىل بولغاندا گۈزەل مەنزىلگە يەتكىلى بولىدۇ. پەقەت ئۆزىمىزنىڭ باشقىلارغا يەتمەيدىغان يېرىمىزنى ئېنىق تونۇغان ۋە ئۇنىڭغا توغرا پوزىتسىيەدە بولغاندىلا، ئاندىن ھاياتقا ھەقىقي ئىشەنچىمىز بولىدۇ. پەقەت مۇشۇنداق ئادەملا ھەقىقىي ۋە ئۇزاق مۇددەتلىك خۇشاللىققا ئېرىشەلەيدۇ.

## 56

# تام سائەتى ۋە تارازا

ئوتتۇرا مەكتەپنىڭ بىر فىزىكا ئوقۇتقۇچىسىنىڭ تەجرىبىخانىسىدا پەقەت بىر تام سائىتى بىلەن بىر تارازىلا بار ئىدى. بۇ مەۋسۇمدە تارازا ئىشلىتىلمەيدىغانلىقى ئۈچۈن فىزىكا ئوقۇتقۇچىسى ئۇنى بىر بۇلۇڭغا قويۇپ قويدى.

ۋاقىتنىڭ ئۆزىرىشى بىلەن قىلغىلى ئىشى يوق تارازىنىڭ ئىچى پۇشتى، ئۇ بىر چۇشكۇرۇپ تازا كېرىلگەندىن كېيىن، ئۆزىنىڭ «ئۆي»گە سەپسېلىشقا باشلىدى. تۇيۇقسىزلا ئۇ تامدىكى تام سائىتىنى كۆرۈپ قالدى.

— ھوي، تام سائىتىنىڭ ماياتنىكى ئىككى يانغا تەكشى تەۋرەپ تۇرىدىكەن، تېخى ئوڭ ـ سولغا تەۋرەش نىسبىتىمۇ ئوخشاش ئىكەن، راستىنىلا بەك تەكشىكەن! — تارازا ھەيرانلىق بىلەن ئۆزىگە ئۆزى پىچىرلىدى، ئاندىن ئىختىيارسىزلا ئۆزىنى چايقاپ باقتى، — مەنمۇ تام سائىتىنىڭ ماياتنىكىدەك تەكشى تەۋرىنەلىسەم ياخشى بولاتتى ـ دە.

تارازا تېخى گېپىنى تۈگەتمەيلا «تاراق» قىلىپ، بىر تەرىپىدىكى تەخسىسى چۈشۈپ كەتتى، شۇئان ئۇنىڭ يەنە بىر تەرىپى ئېگىز كۆتۈرۈلۈپ چوقچىيىپ قالدى.

— ھوي، — دېدى تارازا بىردىنلا چۆچۈگەندەك، — ئەسلىدە مەن بۇ ئۆلگۈر ئىككى تەخسەم بولغاچقا تەۋرىنەلمەيدىكەنمەن ـ دە!

شۇنىڭ بىلەن ئۇ ئۆزىنى چېچەن چاغلاپ ھە دەپ تەۋرىنىشكە باشلىدى. يەنە «تاراق» قىلغان ئاۋاز بىلەن تەڭ يەنە بىر تەخسىسىمۇ چۈشۈپ كەتتى ھەم سۇنۇپ پارچە ـ پارچە بولۇپ كەتتى.

دەرۋەقە، تارازا ئارزۇ قىلغىنىدەك تەكشى تەۋرىنىشكە باشلىدى، بىراق بىرنەچچە قېتىمدىن كېيىن ئۇ يەنە ئەسلىدىكى ھالىتىگە كېلىپ قېلىپ، قايتا مىدىرلىيالمىدى. ئامال يوق، ئۇ سالپايغىنىچە «تىرىشچانلىق»نى توختاتتى.

شۇنىڭدىن ناھايىتى ئۇزۇن ئۆتكەندىن كېيىنكى بىر كۈنى، ئوقۇتقۇچى تارازىنى ئىشلەتمەكچى بولۇپ، ئۆينىڭ بۇلۇڭىغا كەلدى.

— ھەي، مەن بىر بۇزۇلۇپ كەتكەن تارازىنى بۇ يەرگە نېمىشقا شۇنچە ئۇزاق ۋاقىت قويۇپ قويغاندىمەن؟ — ئۇ شۇنداق دەپلا، بۇزۇق تارازىنى ئېلىپ ئەخلەت ساندۇقىغا تاشلىۋېتىپ،كەينىگە بۇرۇلۇپ ئامباردىن يېڭىسىنى ئالغىلى كەتتى.

بىرنەچچە ئاي ئۆتۈپ كەتتى، تام سائىتى تېخىچە فىزىكا ئوقۇتقۇچىسىنىڭ تەجرىبىخانىسىدا «چىك، چىك...» قىلىپ رىتىملىق تەكشى تەۋرەنمەكتە ئىدى، ھېلىقى تەۋرىنىشنى ئارزۇ قىلغان تارازا ئاللىبۇرۇن داتلىشىپ، كېرەكسىز بۇيۇملارنى يىغىش ئورنىنىڭ ئەخلەت ماشىنىسىغا قاچىلانغانىدى. ئارقىدىنلا ئۇ تۆمۈر ئېرىتىدىغان پېچقا تاشلىنىپ، تۆمۈر ئېرىتمىسىگە ئايلىنىپ كەتتى.

**ھېكمەت:**

دۇنيادا مۇتلەق تەڭپۇڭ نەرسە يوق، خۇشال - خورام ياشايمەن دەيدىكەنمىز، چوقۇم ئۆزىمىزنىڭ روھىي ھالىتىمىزنى تەڭپۇڭلاشتۇرۇشنى ئۆگىنىۋېلىشىمىز كېرەك — پەقەت رېئاللىقتىكى تەڭپۇڭسىزلىقنى قوبۇل قىلغاندىلا، ئاندىن تەڭپۇڭسىزلىق ئىچىدىن تەڭپۇڭلۇققا ئېرىشكىلى بولىدۇ.

# 57. مەڭگۈ قۇلۇپلانمايدىغان ئىشىك

مەلۇم يېزىدىكى بىر چەت ھويلىدا بىر ئانا ـ بالا ياشايتتى. كۆپ يىللاردىن بۇيان نامراتلىقتا قىينالغان ئانا ئوغرى كىرىشتىن قورقۇپ، كەچ كىرىشى بىلەنلا ئىشىككە بىر نەچچە قۇلۇپ سېلىۋالاتتى. شۇ سەۋەبتىن قىزى ئاپىسى بىلەن ئاز تاكاللاشمىدى. قىز ياز كۈنلىرىدە توپا ـ چاڭ ئۇچۇپ تۇرىدىغان بۇ يېزىدىن زېرىككەنىدى. ئۇ خۇددى نامرات تۇرمۇش ئۇنىڭ ياشلىق باھارىنى قۇلۇپلىۋالغاندەك، ئاپىسىنىڭ ئىشىكنى بۇنداق قاتمۇقات قۇلۇپلىۋېلىشىنى پەقەتلا ياقتۇرمايتتى.

بىر كۈنى، بۇ تەرسا قىز كىچىككىنە ئىش سەۋەبىدىن كۆيۈمچان ئاپىسى بىلەن قاتتىق ئۇرۇشۇپ قالدى. ئاپىسىغا باتىنىغان قىز يېرىم كېچىدە ئۆيىدىن چىقىپ ئۆزى ئارزۇ قىلىپ كەلگەن چوڭ شەھەرگە كېتىشنى قارار قىلدى.

ئۇ شۇنداق قىلدى. بىراق يېنىدىكى ئازغىنە پۇلنى خەجلەپ تۈگەتكەندىن كېيىن ئەسكى ئادەملەرنىڭ ئازدۇرۇشى ۋە تەھدىتى ئاستىدا ئۆزىنى نابۇت قىلدى، تېنىنى سېتىپ، ئەيش ـ ئىشرەت، كەيپ ـ ساپالىق تۇرمۇشقا بېرىلىپ كەتتى.

يىللارنىڭ ئۆتۈشى بىلەن، ئۇ يېشىنىڭ چوڭىيىشىغا ئەگىشىپ چىرايىدىن كەتتى. ئاخىرى ھېچقانداق ياشاش يولى قالماي، ھۆكۈمەتنىڭ قۇتقۇزۇش پۇلىغا تايىنىپ كۈن ئۆتكۈزىدىغان ئەھۋالغا چۈشۈپ قالدى. بىر كۈنى ئۇ ھۆكۈمەتنىڭ چۈشلۈك ھەقسىز تامىقىغا ئۆچىرەتتە تۇرۇۋاتقاندا، توساتتىن تامغا چاپلانغان ئادەم ئىزدەش ئېلانىدىكى رەسىمنىڭ ئۆزىنىڭ كىچىك ۋاقتىغا بەكلا ئوخشايدىغانلىقىنى بايقاپ قالدى، ئۇ يۈگۈرۈپ بېرىپ

قارىۋېدى، ھەقىقەتەنمۇ ئۆزىنىڭ رەسىمى ئىكەن. يېنىدا چاچلىرى ئاقارغان ئاپىسى، ئاستىدا ئاپىسىنىڭ ئەگرى - بۈگرى يازغان «ئاپاڭ سېنى سۆيىدۇ، مەيلى قانداق بولۇپ كەتكىن، قايتىپ كەلگىن قىزىم» دېگەن خەتلىرىنى كۆرۈپ كۆز ياشلىرى يامغۇر بولۇپ ئاقتى.

ئۇ يىقىلىپ قوپۇپ يۈگۈرۈپ دېگۈدەك ئۆيگە كەلگەندە، كېچە سائەت ئىككى بولغان بولۇپ، ئۇ ئۇخلاپ قالغان ئاپىسىنى ئاۋارە قىلماسلىق ئۈچۈن ئىشىك ئالدىدا ئەتىسى تاڭ يورۇغىچە ئولتۇرۇشنى كۆڭلىگە پۈكتى. ئويلىمىغان يەردىن بەدىنى ئىشىككە تېگىشى بىلەنلا ئىشىك غاچ قىلىپ ئېچىلىپ كەتتى، كېچە سائەت ئىككى بولغاندىمۇ، ئۆينىڭ ئىشىكىگە قۇلۇپ سېلىنماپتۇ. «ئەجەبا ئۆيگە ئوغرى كىرگەنمىدۇ؟» ئۇ ھەيرانلىق ئىلكىدە ئىشىكنى تېزدىن ئىتتىرىپ ئۆيگە كىردى.

«كىم؟» ئاپىسىنىڭ تونۇش ھەم بوغۇق ئاۋازى شۇ زامان ئۇنىڭ قۇلاق تۈۋىدە جاراڭلىدى. ئانىسىنىڭ خۇشاللىق ھەم ھەيرانلىق بىلەن «بۇ سەنمۇ قىزىم، قايتىپ كەلدىڭمۇ؟» دېگىنىنى ئاڭلىدى. «ئا..پا...» قىزنىڭ يىغىدىن ئاغزى گەپكە كەلمەي قالدى.

ئاپىسى قىزىنى چىڭ قۇچاقلاپ تۇرۇپ: «بىلەمسەن قىزىم، مەن ئاخىر سېنى كۆردۈم، سەن كەتكەندىن كېيىن، ئۆينىڭ ئىشىكىنى قۇلۇپلاپ باقمىدىم، مەن سېنىڭ ئۆيگە قايتىپ كەلگىنىڭدە قۇلۇپلاقلىق ئىشىكنى كۆرۈپ يەنە قايتىپ كېتىشىڭدىن ئەنسىرىدىم، ئەگەر ئۇنداق بولسا مەن سېنى مەڭگۈ كۆرەلمەيتتىم.» دېدى.

## ھېكمەت

ھەرقانداق بىر ئادەمگە نىسبەتەن ئېيتقاندا، ئاتا - ئانىسىنىڭ مېھرى - مۇھەببىتى شەرتسىز ھەم مەڭگۈلۈك بولىدۇ،

بالىسى مەيلى قانداق ئۆزگىرىپ كەتسۇن، بالىسىدىن ئازار يېسۇن، ئۇلار ئۆزىنىڭ مېھىر - مۇھەببىتىنى بالىسىدىن مەڭگۈ ئايىمايدۇ، تونۇش - بىلىشلىرىمىز، دوستلىرىمىز، ياخشى كۆرگەن كىشىلىرىمىز بىزنى ئۇنتۇپ كېتىشى، تاشلىۋېتىشى مۇمكىن. پەقەت ئاتا - ئانىنىڭ مېھىر - مۇھەببىتىلا مەڭگۈ ئۆزگەرمەيدۇ.

## 58. جان قۇتقۇزغانمۇ سۇ، جاننى ئالغانمۇ سۇ

سەھرايى كەبىر چۆللۈكىدە كېتىۋاتقىنىمىزدا، سۇ بىز ئۈچۈن كەم بولسا بولمايدىغان ئەڭ مۇھىم نەرسە. قارالڭ، ھەتتا ئۇسسۇزلىققا چىدامىلىقلىقتا «قۇملۇق كېمىسى» دەپ نام ئالغان تۆگىلەرمۇ چىدىيالماي قالدى.

شۇبھىسىزكى، بۇ بىر ئانا ـ بالا تۆگىلەر توپى ئىدى. ئاۋۇ چوڭى ئانا تۆگە، ئاۋۇ كىچىكلىرى ئۇنىڭ باللىرى. قۇياش نۇرى ئاستىدىكى تۆگىلەرنىڭ قەدەملىرى ئاستا ھەم ماغدۇرسىز ئىدى. قارىماققا ئۇسسۇزلۇقتىن تۆگىشىدىغاندەكلا قىلاتتى.

ئەمما، ئۆز ھاياتىغىمۇ كېپىل بولۇش تەسكە توختاۋاتقان مۇشۇنداق ئەھۋال ئاستىدا، كىشىنى تەسىرلەندۈرىدىغان بىر ئىش يەنە تەكرارلاندى. ئانا تۆگە توختىماستىن باللىرىنى ھەر تەرەپتىن دالدىغا ھەيدەپ ئامال بار ئۆز سايىسىدىن چەتنەپ كەتمەسلىك، ئاپتاپنىڭ زىيىنىدىن ساقلىنىشقا دەۋەت قىلماقتا ئىدى.

ئاخىرى، كۆكۈم چۈشۈشتىن بۇرۇن، ئۇلار كىچىككىنە بىر بۇلاقنى تاپتى، سۈپسۈزۈك بۇلاق سۈيىنى كۆرگەن بىر نەچچە بوتىلاق خۇشاللىقىدىن پۇشۇلدىغىنىچە يۈگۈرەيتتى. لېكىن ئۇلار بۇلاق سۈيىگە يېقىنلاپ كەلگەندە ئاجايىپ ئۈمىدسىزلىككە پاتتى: بۇلاق سۈيى بەكلا چوڭقۇردا بولۇپ، دۆڭدە تۇرغان تۆگىلەر ھەرقانچە قىلسىمۇ بۇ سۇنى ئىچەلمەيتتى.

قانداق قىلىش كېرەك؟ ئانا تۆگە ئالدىرىغان پېتى بۇلاق تەرەپكە قاراپ ماڭدى، ئاندىن باللىرىنى كۆزى قىيمىغان ھالدا بىر ـ بىرلەپ سۆيۈپ قويدى. توساتتىنلا بۇلاق ئىچىدە گۈلسىمان

چەشمە ھاسىل بولدى ـ دە، ئانا تۆگە غايىب بولدى. ئەسلىدە بالىلىرىنىڭ جانىنى قۇتقۇزغۇچى ئاشۇ سۇنى ئىچىۋېلىشى ئۈچۈن، ئۇ ئۆزىنى چوڭقۇر بۇلاققا تاشلىغان ئىدى. بۇنىڭ بىلەن بۇلاق سۈيى ئۈستىگە ئۆرلەپ چىقاتتى ـ دە، بالىلىرىنىڭ سۇ ئىچىشى ئاسانغا توختايتتى.

## ھېكمەت

دۇنيادىكى ئەڭ زىل ئىنسان ــ ئانا، ئەڭ ئۇلۇغ مېھىر ـ مۇھەببەت ــ ئانىلارنىڭ مۇھەببىتى، پەرزەنتلىرىنىڭ بەختى ۋە ھاياتى ئۈچۈن، ئانا ھەرقانداق بەدەل تۆلەشكە تەييار، ئۇ ھەرقانداق جەبىر ـ جاپانى تارتىشقا رازى، گېزى كەلگەندە، ھېچنىمىگە قارىماي ھەتتا ئۆز ھاياتىنىمۇ قۇربان قىلالايدۇ.

## 59. ئانىسىنىڭ پۇتىنى يۇيۇپ قويۇش

ئوقۇش پۇتتۇرگەن مەلۇم بىر ئوقۇغۇچى بىر چوڭ شىركەتتە تەكلىپ بىلەن ئىشلەش ئۈچۈن كەپتۇ. يۈزتۇرانە ئىمتىھان ئالغۇچى ئەڭ ئاخىرىدا مۇنداق بىر سوئال سوراپتۇ:

— ئاپىڭىزنىڭ پۇتىنى يۇيۇپ قويغانمۇ؟

— ياق، — دەپ جاۋا بىرىپتۇ ھېلىقى ياش ئىككىلەنگەن، يۈزلىرى قىزارغان ھالدا.

— ئۇنداق بولسا ئەتە يەنە كېلىڭ. قايتقاندىن كېيىن، ئاپىڭىزنىڭ پۇتىنى بىر قېتىم يۇيۇپ قويۇپ، ئاندىن تەسىراتىڭىزنى ماڭا سۆزلەپ بېرىڭ، — دەپتۇ يۈزتۇرانە ئىمتىھان ئالغۇچى كىشى.

ھېلىقى ياش كۆڭلىدە ھەر خىل گۇمانىي خىياللار بىلەن قايتىپ چىقىپتۇ. سەۋەبىنى چۈشەنمىگەن بولسىمۇ، ئۇ يەنىلا ئىمتىھان ئالغۇچىنىڭ دېگىنىدەك قىپتۇ. ئۇ ئاپىسىنىڭ ئاياغ - پايپاقلىرىنى سېلىۋاتقان ۋاقىتتا، ئۇنىڭ پۇتكۆل نېرۋىلىرى قېتىپ، قانلىرىمۇ ئايلىنىشتىن توختاپ قالغاندەك بولۇپ قاپتۇ. ئۇ شۇ ھامان ئىمتىھان ئالغۇچىنىڭ نېمە ئۈچۈن مۇشۇنداق سوئال سورىغىنىنى چۈشىنىپ يېتىپتۇ. ئاپىسىنىڭ تاپىنى بەكلا قۇرغاقلىشىپ كەتكەن بولۇپ، ئۇزۇن يىل بوران - چاپقۇندا قالغان دەرەخنىڭ قوۋزىقىدەك پوستى ئۆرلەپ، سۇسىزلىنىپ كەتكەن توقماقتەك قېتىپ كەتكەن ئىدى. پۇتىنىڭ 10 بارمىقى قايرىلىپ شەكلىمۇ ئۆزگىرىپ كەتكەن، ئارىلىقلىرىغا كىرلەر توشۇپ كەتكەن ئىدى، پۇتىنىڭ ئۈستى نەچچە يەردىن سۇرۇلۇپ كەتكەن بولۇپ، يېڭى ئۆسكەن گۆشلەرنىڭ ئىزلىرى كۆرۈنۈپ تۇراتتى. ئارقا

تاپىنىغا سوْرگەن ئاق رەڭلىك مەلھەمموْ قارىداپ كەتكەن ئىدى. يىگىتنىڭ كۆز ياشلىرى ئانىسىنىڭ پوْتىغا تاراملاپ ئېقىشقا باشلىدى. ئۇ ئانىسىنىڭ كوْندە جان تىكىپ ئىشلەۋاتقان ھالىتىنى، تۇرمۇش ھەلەكچىلىكىدە ئىگىلگەن بەللىرىنى، مۇشۇ كەمگىچە چىشىنى چىشلەپ چىداپ كەلگەن ئۇۋالچىلىقى ۋە ھارغىنلىقىنى كۆرگەندەك بولدى. دادىسى ئالەمدىن ئۆتكەندىن كېيىن، ئاشۇ يالغۇز ئانىسى ئوغلىنىڭ ھەر يىللىق يوْقىرى سوممىلىق ئوقۇش پۇلىنى ئوْستىگە ئالغان ئەمەسمىدى؟!

ئىككىنچى كوْنى، يىگىت ھېلىقى شىركەتكە دەل ۋاقتىدا كەلدى. ئىمتىھان ئالغۇچى ئۇنىڭ چىراي ئىپادىسىدىن ھەممىنى بىلدى، شۇنىڭ بىلەن تېزدىن كاتىپنى چاقىرىپ، ئۇنىڭ خىزمەت ئورنىنى بېكىتتى. كېيىن بۇ يىگىت ئىنتايىن مۇنەۋۋەر بىر كارخانىچى بولۇپ چىقتى.

## ھېكمەت

مېھىر ـ مۇھەببىتىڭىزنى ئۆزىڭىزگە ئەڭ يېقىن كىشىلەرگە ئاتا قىلىشتىن باشلاڭ. ئەگەر بىر ئادەم ئۆزى ئۈچۈن ئەڭ زور بەدەل تۆلىگەن ئادىمىگىمۇ پەرۋاسىز قارىسا، قانداقمۇ باشقىلارغا ھەقىقىي كۆڭۈل بۆلسۇن؟ كەڭ قورساق، مېھرىبان ئادەملەرلا چوڭ ئىشلارنى ۋۇجۇدقا چىقىرالايدۇ.

# 60. يەنە بىر ئوغۇل

ئامېرىكا تارىخىدىكى بارلىق زۇڭتۇڭلار ئىچىدە تىرومېن ئىنتايىن داڭلىق ئەربابلارنىڭ بىرى ئىدى. ئۇنىڭ ئائىلە شارائىتى ئانچە ياخشى ئەمەس بولۇپ، كەسپىي جەھەتتىكى ئىشلىرىمۇ ئانچە ئوڭۇشلۇق بولمىغان، بىراق شۇنداقتىمۇ ئۇ ئاخىر قاتمۇقات مۇشكۈللەرنى يېڭىپ زۇڭتۇڭلۇق تەختىگە ئولتۇرغان.

ئۇ ئامېرىكىنىڭ زۇڭتۇڭلۇق ئورنىغا ئولتۇرغاندىن كېيىن، بىر مۇخبىر ئۇنىڭ يۇرتىغا بېرىپ ئۇنىڭ ئانىسىنى زىيارەت قىپتۇ. ئوغلىنىڭ جاپاغا چىداپ قانداق تىرىشچانلىق ئارقىلىق ھەققىدىكى سەرگۈزەشتىلىرىنى سۆزلەۋاتقاندا، چاچلىرى پۇتۇنلەي ئاقىرىپ كەتكەن ئانىنىڭ ئاغزى بېسىلمايلا قالغان ئىدى. تا گېپىنىڭ ئاخىرىغىچە، ئۇنىڭ پۇتۇنلەي قورۇق باسقان يۈزلىرىدە ئىنتايىن پەخىرلىنىش ئىپادىسى چىقىپ تۇراتتى.

— ھالىڭىزدەك مۇشۇنداق ئوغلىڭىز بولغىنىدىن چوقۇم بەك پەخىرلىنىسىزغۇ دەيمەن، — سورىدى مۇخبىر بۇ ماختاش پۇرسىتىنى چىڭ تۇتۇپ.

— ئەلۋەتتە، ئەلۋەتتە، — دېدى ئانا مۇخبىرنىڭ سۆزىنى قوللاپ، — ئەمما، مېنىڭ يەنە بىر ئوغلۇم بار، مەن ئۇنىڭدىنمۇ ئىنتايىن بەك پەخىرلىنىمەن.

ئارقىدىنلا، ئانا يەنە بىر ئوغلىنىڭ جاپالىق تىرىشىش يولىدىكى سەرگۈزەشتىلىرىنى سۆزلەشكە باشلىدى. ئاڭلىماققا ئۇ ئوغلىمۇ قەيسەر، ئىرادىلىك، سەمىمىي ۋە ئىشەنچلىك مۇنەۋۋەر شەخسكەن. ئانا بولۇش سۈپىتى بىلەن مۇشۇنداق ئوغلى

بولغانلىقىدىن ئەلۋەتتە پەخىرلىنىدۇ ـ دە.

دەل شۇ گەپلەرنى قىلىۋاتقاندا، مۇرىسىگە بىر تاغار ئارتىۋالغان ئىنتايىن ئاددىي ـ ساددا بىر يىگىت كىرىپ كەلدى. ئۇنى كۆرگەن ئاپىسى دەرھال بېرىپ ياردەملەشتى.

— ئۇ كىم؟ — سورىدى مۇخبىر.

— مېنىڭ يەنە بىر ئوغلۇم. — جاۋاب بەردى ئانا.

— ئۇ نېمە ئىش قىلىدۇ؟ — سورىدى مۇخبىر ئاڭقىرالماي.

— ھە، ئۇ دېھقان، ھازىر ئېتىزدىن ماڭا بەرەڭگە ئالغاچ كەپتۇ.

ئانىنىڭ جاۋابى مۇخبىرنىڭ ئويلىغىنىدەك چىقمىدى.

## ھېكمەت

پەرزەنتىنىڭ ئانا قەلبىدىكى ئورنىغا پەرزەنت مۇۋەپپەقىيىتىنىڭ چوڭ ـ كىچىك بولۇشى ھېچقانداق تەسىر كۆرسىتەلمەيدۇ، ھەرقانداق بالا پەقەت ئەستايىدىل ئىشلەپ، ئۆز كۈچىگە تايىنىپ، خۇشال ـ خۇرام ياشىسىلا، ئانىسىنىڭ پەخىرلىنىشىگە ئەرزىيدۇ.

# 61. بەخت سېتىۋېلىش

— دادا، مەن سەندىن بىر نەرسىنى سوراي، — دېدى ئىشىك ئالدىدا قورقۇمسىراپ تۇرغان بالا سىرتقا چىقىشقا تەمشەلگەن دادىسىدىن.

— تېزرەك دېگىنە، — دادىسى ئالدىرايتتى. ئۇ كۆپرەك ۋاقتىنى خىزمەتكە بېرىشى كېرەك ئىدى. شۇنداق قىلغاندا، ئۆيىنى بېقىش ئۈچۈن تېخىمۇ كۆپ پۇل تاپالايتتى.

— سەن بىر سائەتتە قانچە پۇل تاپالايسەن؟ — سورىدى بالا.

— 10 يۈەن تاپىمەن، قانداق دەيسەن؟ — قايتۇرۇپ سورىدى دادىسى.

— ئۇنداق بولسا سەن ماڭا 5 يۈەن بېرەمسەن؟ — سورىدى بالا تۆۋەن ئاۋازدا قورققان هالدا.

ئۇنىڭ قورققىنى توغرىكەن، دادىسى ئاچچىقلانغان هالدا:

— يەنە نېمە قىلماقچىدىڭ، ئويۇنچۇق ئالامسەن؟ مەن ئېلىپ بەرگەن ئويۇنچۇقلار ئازمۇ؟ مېنىڭ كۈندە مۇشۇنداق هارغىن، ئالدىراش يۈرۈشۈم كۆپرەك پۇل تېپىپ سېنى تېخىمۇ بەختلىك تۇرمۇشقا ئېرىشتۈرۈش ئۈچۈن ئەمەسمۇ، نېمىشقا داداڭنى چۈشەنمەيسەن، يەنە تېخى پۇل خەجلەيمەن دەپ خاپا قىلىسەن، — دېدى.

بالا شۇ هامان قورقۇپ يىغلاپ كەتتى. دادىسىنىڭ سەل ئىچى ئاغرىدىمۇ قانداق يانچۇقىدىن 5 يۈەن چىقىرىپ «ئالغىن، ئالغىن» دېدى. 5 يۈەن پۇلنى ئېلىپ، يىغلاپ تۇرغان بالىنىڭ چىرايىغا كۈلكە يۈگۈردى. ئۇ بۇرۇلۇپلا ئۆز هۇجرىسىغا كىرىپ يەنە يۈگۈرەپ چىقتى - دە، قولىدىكى بىر توپ موچەنلىك پۇل بىلەن

ھېلىقى 5 يۈەننى دادىسىنىڭ قولىغا تۇتقۇزۇپ:

— دادا، مەن بۇ 10 يۈەن پۇل بىلەن سىزنىڭ بىر سائەت ۋاقتىڭىزنى سېتىۋالاي، ماڭا ھەمراھ بولۇپ كەچلىك تاماق يېگەن بولساڭ، شۇندىلا مەن ئۆزۈمنى بەختلىك ھېس قىلاتتىم. — دېدى.

دادىسى داڭ قېتىپ قالدى، كۆزلىرىگە لىق ياش ئېلىپ، ئوغلىنى چىڭ قۇچاقلاپ:

— ماقۇل، گېپىڭگە قوشۇلدۇم قوزام، بۈگۈندىن باشلاپ دادالىڭ كەچلىك تاماقنى كۈندە سەن بىلەن بىللە يەيدۇ،— دېدى.

## ھېكمەت

ۋاقىت پۇل ۋە بەخت يارىتالايدۇ، لېكىن پۇل ۋاقىت ۋە بەختنى يارىتالمايدۇ. ئەگەر كۈنلەرنىڭ بىرىدە پۇلىڭىز بىلەن ۋاقىت ھەم بەخت سېتىۋالالىسىڭىز، ئۇنى چوقۇم قەدىرلەڭ. بىلىشىڭىز كېرەككى، ئۇ ھەممىدىن قىممەتلىك.

## 62. يېرىم يىلنىڭ ئالدى ـ كەينىدە

يېرىم يىل ئىلگىرى، بۇ ئائىلە بۇزۇلۇشقا يۈز تۇتقان ئىدى. ئايال ئۇششاق ـ چۈششەك ئائىلە ئىشلىرىدىن ۋايسايتتى، ھەر نۆۋەت ئەينەكتىن ھارغىنلىق چىقىپ تۇرغان خۇنۇك يۈزنى، تۇرۇلگەن قاپاقنى، ساڭگىلىغان جاۋغايىنى، غەمگە پاتقان كۆزلەرنى كۆرەتتى. ئەر جاپالىق تۇرمۇش ۋە نورمىدىن ئاشقان ئېغىر يۈك تۇپەيلى ئاغرىناتتى، بەزىدە يەنە ھاراق ئارقىلىق ئىچ پۇشۇقىنى چىقىراتتى، مەست بولۇپ قالغانلاردا ئايالى ۋە باللىرىنى كەلسە ـ كەلمەس ئۇراتتى.

— ھەقىقەتەن چىدىغۇچىلىكىم قالمىدى، نەچچە رەت ئاجرىشىپ كېتىشنىغۇ ئويلاشتىم، — دېدى ئايال.

يېرىم يىلدىن كېيىن، بۇ ئائىلە دۇنيادىكى ئەڭ ئىناق ئائىلە بولۇپ قالدى. ئۆي ئىچى ۋە تالا ـ تۈز ھەمىشە پاكىز سەرەمجانلاشتۇرۇلغان بولۇپ، ئايال پاكىز ۋە چاققان ئىدى، ئەڭ مۇھىمى، ئۇنىڭ چېھرىدە مەڭگۈلۈك بەخت كۈلكىسى جىلۋىلەنگەن ئىدى. ئەر ھەر كۈنى ئىشتىن كىرىپلا ئايالىنى سۆيۈپ قوياتتى، ئاندىن ئايالىغا ياردەملىشىپ ئۆي ئىشلىرىنى قىلىشىپ بېرەتتى. بۇ ئىشلارنى قىلىۋاتقاندا، ئۇنىڭ چېھرىدىنمۇ مەڭگۈلۈك تەبەسسۇم جىلۋىلىنەتتى.

— نېمە ئۈچۈن بۇنچە زور ئۆزگىرىش بولدى؟ — دېدىم مەن ئايالنىڭ بايانىنى ئاڭلىغاندىن كېيىن ناھايىتى قىزىقسىنغان ھالدا:

— چۈنكى ئۇ بولغانلىقى ئۈچۈن، — دېدى ئايال كۈلۈمسىرىگەن ھالدا ئارقامدىكى ئىشىكنى ئىما قىلىپ تۇرۇپ،

مەن ئارقامغا قايرىلىپ، ئىشىككە: «ئۆيگە كىرىشتىن ئاۋۋال قايغۇلىرىڭىزنى چۆرۈپ تاشلاڭ، ئۆيگە قايتقاندا خۇشاللىقنى ئېلىپ كېلىڭ» دېگەن بىر باغاقچىنىڭ ئېسىقلىق تۇرغانلىقىنى كۆردۈم.

— ۋوي، — مەن ۋارقىراپ كەتتىم، — ھەقىقەتەن قالتىس، بۇنى كىم ئويلاپ تاپتى؟

— بۇنى ئىككىمىز ئويلاپ تاپقان، — ئايال بېشىنى يولدىشىنىڭ مۈرىسىگە قويدى، ئۇنىڭ تەبەسسۇمى مۇلايىم ۋە يېقىملىق ئىدى.

## ھېكمەت

ئائىلە ھېسسىيات بانكىسى، ئائىلىدىكىلەرنىڭ كەيپىياتى بۇنىڭدىكى ئامانەتتۇر. ئەگەر قويغان ئامانىتىڭىز خۇشاللىق بولسا، سىز ئۆسۈمى بولغان نۇرغۇن خۇشاللىققا ئېرىشەلەيسىز؛ ئەگەر قويغان ئامانىتىڭىز قايغۇ بولسا، ئېرىشىدىغىنىڭىز تەبىئىيلىكى ئېخىمۇ كۆپ قايغۇ بولىدۇ.

## 63. بىر قاچا چۆچۈرە

جاھىل قىز كىچىككىنە ئىش تۇپەيلى ئانىسى بىلەن ئۇرۇشۇپ قېلىپ، قايتا قايتىپ كەلمەسلىككە قەسەم ئىچىپ ئۆيدىن چىقىپ كەتتى.

تۇن پەردىسى ئاستا ـ ئاستا يېيىلىشقا باشلىدى، كەچلىك تاماق يېمىگەن ھەم يالاڭ كىيگەن قىز توڭۇشقا باشلىدى. كوچا چىراقلىرى يىقىلىشقا باشلىغاندا، قىزنىڭ چىدىغۇچىلىكى قالمىدى، لېكىن يېنىنى ئاختۇرۇپ بېقىپ پۇل ئالمىغانلىقىغا ئاچچىقى كەلدى ھەم ئۇۋالىلىق ھېس قىلدى.

بۇ ۋاقىتتا، يېنىدىكى كەچلىك بازارغا تاماق ئاچىقىپ ساتىدىغان ياشانغان ئايال ئۇنى چاقىرىپ:

ــ قىزچاق، تېخىچە كەچلىك تاماق يېمىگەنسىز، كېلىڭ، چوڭ ئانىڭىزنىڭ يېنىدا تاماق يەۋېلىڭ، ــ دېدى.

ــ لېكىن، مەن پۇل ئالماپتىمەن، ــ دېدى قىز ئىككىلەنگەن ھالدا ئاللىقاچان ئىچىپ كۆرۈلداپ كېتىۋاتقان قورسىقىنى ئىختىيارسىز سىلاپ تۇرۇپ.

ــ ھېچقىسى يوق، مەنمۇ بازارنى يىغاي دەپ تۇراتتىم، يەنە ئازراق چۆچۈرە ئېشىپ قالدى، ئىككىيلەن بىللە ئىچىۋېتەيلى، ــ دېدى ئۇ ياشانغان ئايال قوللىرىنى پولاڭلىتىپ تۇرۇپ.

ــ چوڭ ئانا، سىز چېغىڭىزدا ماڭا ئىچ ئاغرىتىۋاتىسىز، ئانام ئەكسىچە بۇنچە رەھىمسىز ھەم ماڭا كۆڭۈل بۆلمەيدۇ، ــ دېدى قىزچاق ئىسسىق چۆچۈرىنى كۆرۈپ كۆز ياشلىرىنى توختىتالمىغان ھالدا.

چوڭ ئانا ھەيران بولغان ھالدا:

— ئەخمەق قىز، مېنى قانداقمۇ ئانىڭىز بىلەن سېلىشتۇرغىلى بولسۇن؟ مەن سىزگە پەقەت بىر قاچا چۆچۈرە ئېتىپ بەردىم، ئەكسىچە ئانىڭىز ئون نەچچە يىلدىن بېرى سىزنىڭ تامىقىڭىزنى ئېتىپ بېرىۋاتىدۇ. ئەگەر بۇ ئىش ئۈچۈن سىز ماڭا مىننەتدارلىق بىلدۈرسىڭىز، ئۇنداقتا سىز ئانىڭىزغا قانداق مۇئامىلىدە بولۇشىڭىز كېرەك؟

بۇ گەپنى ئاڭلاپ، قىزچاق داڭ قېتىپ قالدى - دە، رەھمەت دېيىشنىمۇ ئۇنتۇپ چوكىسىنى تاشلاپ ئۆي تەرەپكە قاراپ يۈگۈردى.

دەرۋەقە، دەرۋازا تېخى تاقالمىغان بولۇپ، ئانىسى ئىشىك ئالدىدا تۇرۇپ ئۇياق - بۇياققا قارايتتى. قىزنىڭ قايتىپ كەلگەنلىكىنى كۆرگەن ئانا خۇشاللىقىنى باسالماي:

— ھەي، نەگە كەتتىڭ، سېنى ئۈچ سائەت ساقلىدىم، تاماقمۇ مۇزلاپ كەتتى، — دېدى.

بىردىنلا قىزچاقنىڭ كۆز ياشلىرى تاراملاپ تۆكۈلدى.

### ھېكمەت

باشقىلارنىڭ كىچىككىنە ياخشىلىقلىرىنى نەزەردە تۇتىمىز ھەمدە رەھمىتىمىزنى بىلدۈرىمىز؛ ئۆز قېرىنداشلىرىمىزنىڭ بىر ئۆمۈرلۈك مېھىر - مۇھەببىتىنى قاراپ تۇرۇپ كۆرمەسكە سالىمىز.

## 64. ئوغۇل ۋە ماشىنا

روبېرت نەچچە يىل پۇل توپلاپ، ئاخىر چۈشىدىمۇ - ئوڭىدىمۇ ئارزۇ قىلىپ كەلگەن ئاشۇ ماشىنىنى ئالدى. ئۇ مەمنۇن بولغان هالدا ماشىنىنى هەيدەپ ئۆيگە قايتىپ كەلدى - دە، ماشىنىنى سۈرتۈش ئۈچۈن سۇخانىغا سۇ ئالغىلى كىرىپ كەتتى.

5 ياشلىق ئوغلى بۇنى كۆرۈپ، دادىسىغا ياردەملەشكۈسى كەلدى - دە، ئاشخانا ئۆيگە كىرىپ كېتىپ، ئاپىسى دائىم قاچا يۇيۇشتا ئىشلىتىدىغان سىم دەسمالنى ئېلىپ چىقىپ، دادىسى ئەمدىلا ئەكېلىپ قويغان سۇغا چىلاپ، ماشىنىنى كۈچەپ سۈرتۈشكە باشلىدى.

دادىسى ئىنتايىن خۇشال هالدا قولىدىكى دەسمالنى كۆتۈرگىنىچە بۇ تەرەپكە قاراپ كېلىۋاتاتتى، ماشىنا ئالدىغا كەلگەندىلا ئاندىن ئوغلىنىڭ نېمە ئىش قىلىۋاتقانلىقىنى سەزدى، «ۋاي ئاللاھ!» روبېرت ئىچى ئېچىشقىنىدىن سىم دەسمال هاسىل قىلغان سىزىقچە ئىزلىرى قالغانىدى. دادىسىنىڭ ۋارقىرىغان ئاۋازىنى ئاڭلاپ، ئوغلى خۇش بولۇپ بېشىنى كۆتۈرۈپ: «دادا، مەن سىزگە ياردەملىشىپ ماشىنىنى سۈرتتۇم، قاراڭ» دېدى قولى بىلەن سۈرتكەن يەرنى كۆرسىتىپ تۇرۇپ، كىچىككىنە بېشىنى بۇراپ شۇنداقلا قارىۋىدى، ماشىنا يۈزىدە هېلىقى كۆزگە چېلىقىپ تۇرىدىغان ئىزلارنى كۆردى.

ئوغلى بەكلا قورقۇپ كەتتى، ئۇ ئەندىككىنىدىن بېشىنى تۆۋەن سېلىپ، ئىككى پۇتى توختىماي تىترەپ، يۈرىكى پوكۇلدىغىنىچە جازانى كۈتۈپ تۇراتتى.

«مەن قانداق قىلاي؟ ئوغلۇمنى قانداق جازالاي؟ بۇ مەن

يېڭى ئالغان ماشىنا ئىدىغۇ!» دادىسىنىڭ كۆڭلىدىكى غەزەپ ئوتى توختىماي يالقۇنجاپ ئۇنى كەسكىن زىددىيەت ئىچىگە تاشلىغان ئىدى. لېكىن تۇيۇقسىزلا ئۇ زوڭزىيىپ ئولتۇرۇپ يىغلاۋاتقان ئوغلىنى قۇچاقلاپ تۇرۇپ: «ئەخمەق بالام، داداڭغا يارەملىشىپ ماشىنا سۈرتكىنىڭگە رەھمەت. مەن ماشىنىغا ئامراق، لېكىن ساڭا تېخىمۇ ئامراق» دېدى.

## ھېكمەت

بالىنى جازالاش كېرەكمۇ يوق، بۇنىڭدا ئۇ قىلغان ئىشنىڭ نەتىجىسىگە ئەمەس، بەلكى مەقسىتىگە قاراش كېرەك. چۈنكى بۇ ئىككىسى بىرلىككە كەلمىسە، ئۇ ئەمەلىيەتتە ئاللىبۇرۇن جازالانغان بولىدۇ.

# 65. ئەڭ چىرايلىق ۋە ئەڭ سەت

— نەگە بارىسىز، مۈشۈك ئاكا؟ — مۈشۈكياپىلاق ئورمانلىقتا ئايلىنىپ كېتىۋاتقان يوغان ئالا مۈشۈكنى كۆرۈپ سالام قىلغاچ سوراپتۇ.

ئالا مۈشۈك كۆزلىرىنى چىمىلدىتىپ: «ئورمانلىقتا ئايلانغاچ، بىر نەچچە ئۈچار قانات تۇتۇپ يەي دەپ كەلدىم، — دەپتۇ.

— ھە، مۈشۈك ئاكا، — دەپتۇ مۈشۈكياپىلاق ئۇنىڭغا ياخشىچاق بولۇشقا ئالدىراپ، — ھەر ئىككىمىز مۈشۈكلەر ئائىلىسىگە كىرىمىز، ئىسمىمىزمۇ ئوخشىشىدۇ. بىر ئائىلە كىشىلىرى بولغاندىكىن، مېنىڭ بالامنى كۆرسىڭىز رەھىم قىلىڭ جۇمۇ، ئويلاپ بېقىڭە، ئۇمۇ سىزنىڭ كېيىنكى ئەۋلادىڭىز ئەمەسمۇ!

— بولىدۇ، — دەپتۇ ئالا مۈشۈك خۇشياقمىغان ھالدا، — بالاڭنىڭ تەقى - تۇرقىنى ماڭا دەپ بەرگىن.

— مېنىڭ بالام مۇشۇ ئورمانلىقتىكى ئەڭ چىرايلىق قۇش، ئۇنىڭ پەيلىرى شۇنچىلىك يۇمشاق، كۆزلىرى شۇنچىلىك نۇرلۇق، — دەپ سۆيەتلەپ كېتىپتۇ مۈشۈكياپىلاق.

ئۇنىڭ گېپى تۈگەپ بولغۇچە مۈشۈكياپىلاق گېپىنى بۆلۈپلا، ئەڭ چىرايلىقى شۇنداقمۇ، بولىدۇ، ئېسىمدە تۇتۇۋالدىم، — دەپلا يولىغا مېڭىپتۇ.

ئالا مۈشۈك ئورمانلىقتا قۇيرۇقىنى پۇلاڭلىتىپ، ھەر قېتىم قۇشلارنىڭ ئۇۋىسىنى كۆرسە ئارتىلىپ قاراپ بېقىپتۇ.

ئۇ بىردەم ئەمدىلا تۇخۇمدىن چىققان ئاق قۇچقاچنى كۆرسە، بىردەم تېخى قانات چىقارمىغان سوپسوپىياڭنى كۆرۈپتۇ. لېكىن، ئۇلارنىڭ ھەممىسىلا شۇنداق چىرايلىقكەن. ئالا مۈشۈكنىڭ

شۆلگەيلىرى ھەر قانچە ئاقسىمۇ، خەققە بەرگەن ۋەدىسىگە ئەمەل قىلمىسا بولمايتتى. بۇ ئۇنىڭ ئىزچىل ئەمەل قىلىپ كېلىۋاتقان مۇناسىۋەت پىرىنسىپى ئىدى.

ئاخىر بىر كۈنى، ئاۋۇ ئۇۋۇدىكى ئەڭ سەت قۇشنى تاپتى، ئۇلارنىڭ چۇۋۇلۇپ كەتكەن پەيلىرى، ئېتىلىپ كېتەي دەپ قالغان سەت كۆزلىرىنى كۆرگەن ئالا مۇشۇك بۇ چوقۇم مۇشۇكياپىلاقنىڭ بالىسى ئەمەس دەپ ئويلىدى ـ دە، كاپلا قىلىپ يەۋەتتى.

### ھېكمەت

بالىغا بولغان مېھىر ـ مۇھەببىتىڭىز ئاقىلانە بولسۇن. سىز كۆڭلىڭىزدە بالىڭىزنى ئەڭ ياخشى دەپ ئويلىسىڭىز بولىدۇ. ناۋادا ئەمەلىي ھەرىكىتىڭىزدىمۇ ئۇنىڭ كەمچىلىكلىرىنى كۆرمەسكە سالسىڭىز، ئاقىۋەتتە ئۇلارغا زىيانكەشلىك قىلغان بولىسىز.

# 66. ئانا مېھرى مەڭگۈلۈكتۇر

ئەر ـ ئايال تاغقا چىقىش تەنھەرىكەتچىسى ئوغلى بىر ياشقا كىرگەن كۈنى ئوغلىنى يۇرتىدىكى ئەڭ ئېگىز تاغقا ئېلىپ چىقماقچى بولدى، بۇ تاغنىڭ ئېگىزلىكى 3000 مېتىردىن ئېگىز ئىدى.

ھاۋا ئوچۇق، گۈزەل كۈنلەرنىڭ بىرىدە، بۇ ئەر ـ ئايال بالىسىنى ئېلىپ يولغا چىقتى. دەسلەپتە قارىماققا ھەممە ئىشلار جايىدا ئىدى. بىراق چۈشتىن كېيىن سائەت 2 ئەتراپىدا، تاغدا تۇيۇقسىز قاتتىق قار يېغىپ كېتىپ، تېمپېراتۇرا 20 نەچچە سىلىتسىيە گرادۇسقا چۈشۈپ قالدى، ئەر ـ خوتۇن ئىككىيلەن بالىسىنى قۇچاقلىغىنىچە دەرھال ئۆڭكۈرگە كىرىپ پاناھلاندى. ئۇلار قار توختىغاندىن كېيىن كەتمەكچى ئىدى. ئەمما تەڭرى خۇددى ئۇلار بىلەن قېرىشىۋاتقاندەك قاتتىق قار تا تۈن پەردىسى يېيىلغىچە يېغىشتىن توختايدىغاندەك قىلمايتتى.

ئوغلىنىڭ قورسىقى ئېچىپ توختىماي يىغلاۋاتقىنىنى كۆرگەن ئايالى كىيىمىنى قايرىپ بالىنى ئېمىتمەكچى بولدى. ئويلىمىغان يەردىن يولدىشى قولىنى تۇتۇۋېلىپ: — بولمايدۇ، سەن توڭلاپ قالىسەن!— دېدى. شۇنداق، بۇ خىل تېمپېراتۇرىدا بەدەندىكى ئېنېرگىيە يەنە سەرپ بولۇۋەرسە، ئايالى چوقۇم ئۆلۈپ قالاتتى. لېكىن، بىر سائەت ئۆتتى، ئىككى سائەت ئۆتۈپ كەتتى. قار يەنىلا يېغىۋاتاتتى. ئايالى ساراڭلارچە يولدىشىغا يالۋۇرۇپ كەتتى، ئۇنىڭ قاراپ تۇرۇپ ئوغلىنىڭ ئاچلىقتىن ئۆلۈپ كەتكىنىنى كۆرگۈسى يوق ئىدى. ئاخىر ئۇ بەدىنىنىڭ تېمپېراتۇرىسىنى 2 گرادۇس چۈشۈرۈش بەدىلىگە ئوغلىنى

ئىمىتتى ئىسسىتتى.
ئاشۇ بىر كېچىدە، ئوغلىنىڭ بەدەن ئېنېرگىيەسىگە كاپالەتلىك قىلىش ئۈچۈن، ئايالى ئوغلىنى كەينى - كەينىدىن بىر نەچچە قېتىم ئېمىتتى.
ئىككىنچى كۈنى سەھەردە، قۇتقۇزۇش ئەترىتى ئۇلارنى تاپقان چېغىدا، ئوغلى مۇزلاپ قېتىپ كەتكەن دادىسىنىڭ قوينىدا خاتىرجەم ئۇخلاۋاتاتتى. ئۇلارنىڭ يېنىدا بالا ئېمىتىۋاتقان ھالەتتە جان ئۈزگەن ئانا ياتاتتى.
كېيىن يولدىشى ئايالىنىڭ بالا ئېمىتىۋاتقان ھالىتىنى تاش ھەيكەل قىلىپ ئويدۇرۇپ، بۇ خىل ئانىلىق مېھرىنى مەڭگۈ ئەۋلادتىن - ئەۋلادقا قالدۇردى.

## ھېكمەت

ئانا مېھرى بىلەن بىرلەشكەن ھەرقانداق نەرسە مۇقەددەس بولۇپ كېتىدۇ. ئۇ گەرچە ئاددىيلا بىر ھەرىكەت ھالىتى بولسىمۇ، ھاياتقا بولغان مېھىر - مۇھەببەت بىلەن سۇغۇرۇلغانلا بولسا، ئۇ ئۇلۇغ ھەم مەڭگۈلۈكتۇر.

# 67. غەلىتە ئاياغ ئىزى

بىر خىرىستىيان دىنى مۇرىتى بىر ئۆمۈر تەڭرىگە چىن ئىخلاسى بىلەن ئىتائەت قىلىپ كەپتۇ. تەڭرىنىڭ قائىدىسى بويىچە، ئۇ ئۆلگەندىن كېيىن جەننەتكە كىرىپتۇ.

ئۇ جەننەتتە تۇرۇپ تۆۋەنگە قاراپ، ئۆمرىدە ئۆزىنىڭ ماڭغان يوللىرىنى ئەسلەپ، ھەيرانلىق ئىلكىدە مۇنداق بىر ھادىسىنى: بالىلىق ۋاقتىدىن تارتىپ ياشلىق ۋاقتى ۋە قېرىلىق ۋاقتىغىچە ئۇنىڭ بىر ئۆمۈرلۈك ھاياتىغا باشقا بىر ئاياغ ئىزىنىڭ ئەگىشىپ كەلگەنلىكىنى بايقاپتۇ. لېكىن، ئۇ ئاياغ ئىزى ھەر ۋاق مەۋجۇت ئەمەس ئىكەن، بەزىدە ئۇ يوقاپ كېتىپ، يولدا پەقەت ئۇ ئۆزىنىڭلا ئاياغ ئىزى قالىدىكەن. تىلغا ئېلىشقا ئەرزىيدىغىنى شۇكى، ئۇ ئۆزىنىڭلا ئاياغ ئىزى قالغان ۋاقىت دەل ئۇنىڭ ھاياتىدىكى ئەڭ چۈشكۈن، ئەڭ قايغۇلۇق، ئەڭ ئازابلىق ۋاقىت ئىكەن.

ئۇ بۇنىڭ قانداق ئىش ئىكەنلىكىنى ھەر قانچە قىلىپمۇ ئويلاپ يېتەلمەي، ئارقىغا بۇرۇلۇپ تەڭرىدىن:

— تەڭرى، ئاۋۇ باشتىن - ئاخىر ماڭا ئەگىشىۋالغان ئادەم كىم؟ — دەپ سوراپتۇ.

— ئۇ مەن، — دەپ جاۋاب بېرىپتۇ تەڭرى كۈلۈمسىرەپ تۇرۇپ.

— ۋاي تەڭرىم، مۇمكىن ئەمەس، — دەپتۇ خىرىستىيان مۇرىتى ئىنكار قىلىپ.

— نېمىشقا مۇمكىن بولمىسۇن؟ — دەپ قايتۇرۇپ سوراپتۇ تەڭرى.

— مۇبادا سىز بولسىڭىز، سىز نېمىشقا مەن ئەڭ كۆڭۈلسىز

چاغلاردا مېنى تاشلاپ كېتىسىز؟ سىز سەن بىلەن دائىم بىللە بولىمەن دېمىگەنمىدىڭىز؟ — خىرىستىيان دىنى مۇرتى چۈشىنەلمىگەن هالدا سوراپتۇ.

— مەن هەرگىزمۇ ۋەدەمگە خىلاپلىق قىلمىدىم، مەن دەرۋەقە باشتىن - ئاخىر ساڭا هەمراھ بولدۇمغۇ، بالام، — دەپتۇ تەڭرى تەئەججۇپلىنىپ.

— لېكىن قاراپ بېقىڭە، هاياتىمدىكى ئەڭ ئوسال ۋاقىتلاردا پەقەت بىرلا ئاياغ ئىزى قاپتۇ. بۇ گەرچە ئۇ ۋاقىتلاردا سىزنىڭ مېنى تاشلاپ كەتكەنلىكىڭىزنى ئىسپاتلاشقا يېتەرلىك بولماسمۇ؟ — دەپ سوراپتۇ خىرىستىيان دىنى مۇرتى ئۈۋالچىلىققا قالغاندەك.

— ۋاي، سۆيۈملۈك بالام، سەن خاتالىشىپسەن، ئۇ ۋاقىتلاردا يولدا بىرلا ئاياغ ئىزىنىڭ قالغانلىقى مېنىڭ سېنى هاپاش قىلىپ ماڭغانلىقىمدىن بولغان، — دەپ جاۋاب بېرىپتۇ تەڭرى.

## هېكمەت

تەڭرىنىڭ بار - يوقلۇقىنى هېچكىم بىلمەيدۇ، لېكىن ئۆمرىمىزدە بىر كىشىنىڭ مۇھەببىتى يوقالمايدۇ هەم بىر سىناققا ۋە ئوڭۇشسىزلىققا ئۇچرىغاندا، ئۇ هېچقانداق ئاغرىنماي بىزنى هاپاش قىلىۋالىدۇ، بۇ كىشى دەل ئانا.

# 68. يالغۇز ئوغۇل

لى ئۇستام 40 ياشلارغا كىرگەندە بىر ئوغۇللۇق بولدى، قېرىغاندا ئوغۇللۇق بولغان ئۇ بۇ ئوغلىنى خۇددى ئاز ئۇچرايدىغان گۆھىرىنى ئاسرىغاندەك، سىلاپ-سىيپاپ چوڭ قىلىشقا باشلىدى.

ئوغلى بەش- ئالتە ياشلارغا كىرگەندە، تۇيۇقسىز بىر كۈنى، لى ئۇستام ئوغلىنىڭ چوڭ بالىلار بىلەن كەنت ئېغىزىدىكى دەريادا ئويناۋاتقانلىقىنى كۆرۈپ قالدى، لى ئۇستامنىڭ يۈرىكى قىسىلغاندەك بولدى- نەچچە ئون يىل زارىقىپ كۈتۈپ ئاران بىر بالىلىق بولغاندا، كۈن بويى سۇدا ئوينىسا، بۇ بەك خەتەرلىك ئەمەسمۇ؟ بولمايدۇ، چاپسان ئامال تېپىش كېرەك.

ئۇ كۈنى كېچىسى، لى ئۇستام بىلەن ئايالى تۇنجى قېتىم يۈرىكىنى قاتتىق تۇتۇپ بالىسىنى ئۇردى، شۇنداقلا سۇ مەخلۇقاتلىرى، سۇ ئالۋاستىلىرى توغرىسىدا نۇرغۇن ھېكايىلەرنى توقۇپ ئوغلىنى قورقاتتى. ئارقىدىنلا، ئۇلار ئوغلىنى ئۆيگە سولاپ قويۇپ ئۇنىڭغا كۆز- قۇلاق بولدى، ھەتتا تاماق بەرمەيمىز دەپ تەھدىت سالدى، بۇنىڭدىن مەقسەت ئۇنى قورقۇتۇپ، دەريا بويىغا بارماس قىلىش ئىدى. ھەر نۆۋەت سىرتتىكى بالىلار بىر- بىرىنى چاقىرىشىپ سۇ ئويىنىغىلى ماڭغاندا، لى فامىلىلىك ئەر- ئاياللار ئوغلىنى سۆرەپ ئۆيگە ئەكىرۋالاتتى، ياكى بولمىسا قەھىرلىك قاراشلىرى بىلەن ئۇنىڭ ئارزۇلىرىنى يوققا چىقىراتتى.

بىر قانچە يىلدىن كېيىن، تارىختا كۆرۈلۈپ باقمىغان كەلكۈن ئاپىتى كۆرۈلدى، كەنتتىكى قېرى- ياش جېنىنى ئېلىپ قاچتى. ھېلىمۇ ياخشى ئۇلارنىڭ بالىلىرى كىچىكىدىن تارتىپ سۇدا

ئۇيناپ كۆنگەچكە، سۇ ئۈزۈش ماھارىتى يۇقىرى ئىدى، شۇڭا ئۇلار ئانچە كۈچىمەيلا ئۆلۈمدىن قېچىپ قۇتۇلدى. لېكىن لى فامىلىلىك ئەر- ئاياللارچۇ؟ ئۇلارنىڭ ئوغلىنى تاشلاپ قويۇشقا كۆڭلى ئۇنىمايتتى، تاشلاپ قويماي دېسە، ئۆزلىرىنىڭمۇ جېنىغا كاپالەتلىك قىلىش تەس ئىدى. ئۇلار قانداق قىلىشنى بىلەلمەي تۇرغان چېغىدا، يەنە بىر قېتىملىق كەلكۈن سۈيى يوپۇرۇلۇپ كەلدى، ئوغلى ئۇلارنىڭ يۈك- تاقلىرى بىلەن بىللىلا سۇغا غەرق بولدى.

قايغۇغا چۆمگەن ئاتا- ئانىسى يىغلاشنى بىلەلمەي تۇرۇپ قالغان ئىدى، ئۇلار ئوغلىنى بەك ياخشى كۆرەتتى، لېكىن ئۇلار پەقەت ئامراقلىق قىلىشنىلا بىلگىنى بىلەن، باشتىن- ئاخىر: دەريا بويىدا چوڭ بولغان بالىلار ئۈچۈن ئېيتقاندا، ئۇلارغا سۇ ئۈزۈشنى ئۆگىتىپ قويۇش ئۇلارغا بولغان ئەڭ چوڭ مېھىر- مۇھەببەت ئىكەنلىكىنى بىلەلمىگەن ئىدى.

## ھېكمەت

ياخشى كۆرۈشتە ئۇسۇلغا دىققەت قىلىش كېرەك. مۇبادا ياخشى كۆرۈش ئۇسۇلىڭىز توغرا بولمىسا، قارشى تەرەپكە ئازاب ئېلىپ كېلىش بىلەن بىرگە، يەنە ئۆزىڭىزنىمۇ ئازابلايسىز، شۇنداقلا مۇھەببەت قانچە چوڭقۇر بولغانسىرى، بۇ ئازابمۇ شۇنچە قاتتىق بولىدۇ.

## 69. ئىچ ئاغرىتىش قاچانغىچە داۋاملىشار

بۇ ئوغۇل تۇغۇلۇشىدىنلا ئىچ مىجەز ئىدى، باشلانغۇچ مەكتەپكە كىرگىچە ئۇ كەم سۆز ئادىتىنى تاشلىمىغان ئىدى. بۇ ئەسلىدە چوڭ مەسىلىمۇ ئەمەس ئىدى، لېكىن مۇئەللىم ئۇنىڭدىن سوئال سورىغاندا ئۇنىڭ ئۇندىمەي تۇرۇۋېلىشىغا مۇئەللىمنىڭ چىدىغۇچىلىكى قالمىدى. مۇئەللىم ئۇنىڭ ئاتا-ئانىسىنى مەكتەپكە چاقىرىپ كېلىپ، ئوغلۇڭلارنىڭ ئەقلىي قابىلىيىتىدە مەسىلە بار ئىكەن دېدى، ھەتتا ئۇلارغا ئوغلىنى مەكتەپتىن چېكىندۈرۈش تەكلىپىنى بەردى.

ئۇ كۈنى مەكتەپتىن قايتىپ كەلگەندىن كېيىن، بالا ئاتىسىنىڭ قاتتىق تەنقىدىگە ئۇچرىدى: «مۇشۇك بېقىش، ئىت بېقىش، چاشقان تۇتۇشتىن باشقا ھېچنېمىنى بىلمەيسەن، ھېچ ئىش بىلەن شۇغۇللانمىساڭ، مەن سېنىڭ كېيىن قانداق جان باققىنىڭنى بىر كۆرەي! سەن ئۆزۈڭگە ئۆزۈڭ داغ تەگكۈزۈۋاتىسەن، ئائىلىمىزگە داغ تەگكۈزۈۋاتىسەن!» ئوغۇل بالا ئۇۋالچىلىقتا قالغاندەك كۆز يېشى قىلدى، لېكىن ناھايىتى تېزلا ئۇ يەنە ئۆزى يالغۇز ئۆيي ئارقىسىدىكى گۈللۈكتە ئولتۇرۇپ گۈل ۋە قۇرتلارنى تاماشا قىلدى. ئۇنىڭغا نىسبەتەن ئېيتقاندا، ئانىسىدىن باشقا بۇلار بىردىنبىر ئۇنىڭغا تەسەللى بېرەلەيدىغان نەرسىلەر ئىدى، مۇئەللىمى ئۇنىڭغا سوغۇق مۇئامىلە قىلىدۇ، ساۋاقداشلىرى ئۇنى زاڭلىق قىلىدۇ، ئاتىسى ئۇنى تەنقىدلەيدۇ، ھەتتا ھەدە-سىڭىللىرىمۇ ئۇنى كۆزگە ئىلمايدۇ.

ئۇنىڭ ئانىسىغا كەلسەك، ئۇ ھەقىقەتەن ئۇلۇغ ئايال، ئۇ باشقىلارنىڭ ئوغلىنى مازاق قىلىشىغا قىلچە پىسەنت

قىلمايتتى، ئۇ ئوغلىنىڭ ئەڭ ياخشى ئىكەنلىكىگە قەتئىي ئىشىنەتتى، پەقەت ئۇنىڭ ئالاھىدىلىكى ۋە ئارتۇقچىلىقىنى بايقىيالايدىغان بىر كىشى كەم ئىدى خالاس، شۇڭا ئۇ ئوغلىنى قەتئىي تەۋرەنمەي قوللايتتى ۋە قوغدايتتى. ھەتتا يولدىشى ئىنتايىن مەنسىتمىگەن ھالدا ئۇنىڭغا: «سېنىڭ بۇ قىلغىنىڭ ئىچ ئاغرىتىش، تەربىيەلەش ئەمەس، سەن مۇشۇنداق قىلىپ بالىنىڭ ئۆمرىنى نابۇت قىلىسەن!» دېسىمۇ، قانداق بولۇشىدىن قەتئىينەزەر، ئانىسى جاھىللىق بىلەن يەنىلا ئوغلىغا تەسەللى بېرەتتى ۋە ئۇنى ئىلھاملاندۇراتتى.

ئۇ ئوغلىنىڭ گۈللۈككە بېرىشىنى ناھايىتى قوللايتتى. شۇنداقلا ئۇنى پۈتۈن دىققىتى بىلەن گۈل - گىياھ ۋە ھاشاراتلارنى كۆزىتىشكە قويۇپ بېرەتتى، چۈنكى ئۇ ئوغلىنىڭ بۇ جەھەتتە تالانتى باردەك ھېس قىلاتتى، يەنى ئۇ باشقا بالىلارغا قارىغاندا تورلۇك ئوخشاشمىغان گۈل - گىياھلارنى ناھايىتى تېزلا تونۇۋالاتتى، ئانىسى قىيىن دەپ قارىغان سوئاللارغا ناھايىتى تېزلا جاۋاب بېرەتتى.

ئايالىنىڭ ئۇسۇلىغا نىسبەتەن يولدىشى باشتىن - ئاخىر قارشى تۇرۇپ كەلدى، ئۇ بۇنداق ئىچ ئاغرىتىش ئوغلىنىڭ ئۆسۈپ يېتىلىشىگە ھېچقانداق پايدىسى يوق دەپ قاراتتى. لېكىن بەختكە يارىشا بۇ ئانا باشتىن - ئاخىر ئۆز يولىنى داۋاملاشتۇرۇپ كەلگەچكە، كېيىنكى ۋاقىتلاردا پۈتۈن ئىنسانىيەتنى زىلزىلىگە سالغان بىئولوگ - دارۋىن مەيدانغا كەلگەن.

### ھېكمەت

ھەر بىر بالا بىر تورلۇك ئالاھىدە بۇرچنى زىممىسىگە ئالغان ھالدا بۇ دۇنياغا كەلگەن بولىدۇ، لېكىن بۇ بۇرچ ئاجايىپ بولغاچقا، نۇرغۇن كىشىلەر بىر ئۆمۈر ئۇنىڭ مەنىسىنى چۈشىنەلمەي ئۆتۈپ كېتىدۇ ۋە بۇ بۇرچنى ئادا قىلالمايدۇ.

بالىلارنىڭ ئۆز بۇرچىنى تېپىۋېلىشىغا ھەمدەمدە بولۇش ھەمدە ئۇلاردا بۇ بۇرچنى ئادا قىلىدىغان ئىشەنچ تۇرغۇزۇش ئاتا- ئانا بولغۇچىنىڭ مۇھىم مەسئۇلىيىتى.

## 70. ئائىلە دېگەن نېمە

ئىككىنچى دۇنيا ئۇرۇشى مەزگىلىدىكى مەلۇم ئاخشىمى، ھاراق ئىچىپ مەست بولۇپ قالغان بىر ئوتتۇرا ياشلىق ئەر ئامېرىكىنىڭ لوس- ئانژېلېس كوچىسىدا ياتاتتى. ساقچى ئۇنىڭ يېنىغا بېرىپ، ئۇنىڭغا چاپسان ئورنۇڭدىن تۇرۇپ ئۆيۈڭگە كەتكىن دەپ كايىدى.

— مېنىڭ ئۆيۈم يوق! — مەست ئەر ئۆچمەنلىك بىلەن شۇ گەپنى قىلدى- دە، قايرىلىپ ساقچىغا قارىدى. بۇ ۋاقىتتا ساقچى ئۇنىڭ شۇ جايدىكى بىر باي ئىكەنلىكىنى تونىدى. شۇڭا، ئۇ يېقىن يەردىكى داچىنى كۆرسىتىپ تۇرۇپ:

— گەرچە ئۇ سېنىڭ ئۆيۈڭ ئەمەسمۇ؟— دەپ سورىدى.

— ئۇ مېنىڭ ئۆيۈمما! — مەست ئەر رەددىيە بەردى.

ساقچى دەماللىققا نېمە دېيىشنى بىلمەي قالدى. بەلكىم ئۇنىڭ كۆڭلىدە ئۆي بىلەن ئائىلىنىڭ ھېچقانداق پەرقى يوق، لېكىن بايغا نىسبەتەن ئېيتقاندا، «ئائىلە» نىڭ بەلكىم باشقىچە مەنىسى بولسا كېرەك.

كېيىن، ساقچى بۇ باينىڭ ئەسلىدە يەھۇدىي ئىكەنلىكىنى، گىتلېرنىڭ قورۇتۇش سىياسىتى بويىچە ئۆلارنىڭ ئۆيىدىكى ئون نەچچە كىشىنىڭ زىيانكەشلىككە ئۇچرىغانلىقىنى بىلدى. قالايمىقانچىلىقتا باي ئىككى كىچىك بالىسىنى ئېلىپ قېچىپ چىققان، لېكىن يەنە بىر قېتىملىق دۈشمەن ئايروپىلانىنىڭ ھۇجۇمىدا ئۇلار ئايرىلىپ كەتكەن. ئۆزىدەك بىر چوڭ ئەر مىڭ ئۆلۈپ بىر تىرىلگەن تۇرسا، ئۇنداقتا ئۇ ئىككى ئون ياشقىمۇ توشمىغان ئىككى بالىسى قانداقمۇ بۇنىڭدىن قېچىپ

قوتۇلالىسۇن؟ شۇڭا، شۇنىڭدىن كېيىن، گەرچە باي قانچىلىك بەدەل تۆلەشتىن قەتئىينەزەر بۇ داچىنى سېتىۋېلىپ ھامان بىر كۈنى بالىلىرى بىلەن تەڭ بەھرىمەن بولۇشنى ئويلايتتى، لېكىن ئائىلىدىكىلەر جەم بولۇشتىن ئىلگىرى بۇ داچىنى ئۆزىنىڭ «ئۆيى» دېگۈسى كەلمەيتتى.

بىر يىلدىن كېيىن، بۇ ساقچى ناھايىتى تاسادىپىي ھالدا سەرگەردان بالىلارنىڭ ئىسىملىكىدىن دايا دېگەن بىر يەھۇدىي قىزنىڭ ئىسمىنى كۆرۈپ قالدۇ، بۇ دايا بىلەن ئۇ تونۇيدىغان ھېلىقى باينىڭ قىزى ئوخشىشاتتى، شۇڭا ئۇ بايغا كېلىپ قىزىنى تونۇپ بېقىشنى ئېيتتىدۇ. يېرىم سائەتكە يەتمىگەن ۋاقىتتا، باي ئالدىراش ھالدا يېتىپ كېلىدۇ. دايانى كۆرگەن باينىڭ كۆزلىرى چاقناپ كەتتى، ئۇ قىزىنى قۇچاقلىۋالدى ـ دە، ئازاب ۋە خۇشاللىق بىلەن: «مېنىڭ ئاخىرى ئۆيۈم بار بولدى!» دەپ ۋارقىراپ كەتتى.

بىر چەتتە قاراپ تۇرغان ساقچى بىردىنلا باينىڭ قەلبىدىكى ئائىلىنىڭ ئەمەلىيەتتە نۇرغۇن كىشىلەرنىڭ قەلبىدىكى «ئائىلە» ئىكەنلىكىنى چۈشەندى.

## ھېكمەت

ئائىلە ئۆي ئەمەس، بەلكى قېرىنداشلار بولغان، قېرىنداشلىق مېھرىگە تولغان جاي، گەرچە قايتىدىغان ئۆيى بولمىسىمۇ، لېكىن ئۇ قېرىنداشلىرى ھەمراھ بولغان سەرگەردانلار تۈپى ئېچىدە ياشاۋېرىدۇ. پەقەت ئاشۇ قېرىنداشلىق مېھرى بولمىغان ياكى مۇھەببەتتىن مەھرۇم كىشىلەر ھەقىقىي ئائىلىسى يوق كىشىلەردۇر.

# 71. ئانام توگكەن توگرە

مەن كىچىكىمدىن قىيمىلىق تاماق يېيىشنى ياقتۇرمايتتىم، گۆش قىيمىلىق تۇگرىنى ئەسلا يېمەيتتىم. جەمئىيەتكە چىققاندىن كېيىن، نۇرغۇن سورۇنلاردا ئۆزۈم تاللاشقا ئىمكان بولمىغانلىقتىن، تاماقتىن كېيىن ئاشقازىنىم ئاغرىشتىن ساقلىنالمايتتىم. بۇ چاغلاردا، مەن ماڭا توگۇپ بەرگەن توگرىسىنى سېغىناتتىم ـ ئانام دائىم پىلتە قوپماق پىشۇرۇپ، ئاندىن ئۇنى چاناپ توگرىنىڭ قىيمىسىغا ئارىلاشتۇرۇۋېتەتتى. راست گەپنى ئېيتقاندا، مەن ئىزچىل تۇردە ئۇ توگرىنى دۇنيادىكى ئەڭ يېيىشلىك توگرە دەپ قارايتتىم.

باھار بايرىمى يېتىپ كېلىشى بىلەن مەن ئۆيىنى كۆنسېرى سېغىنىشقا باشلىدىم، ئانامنى سېغىناتتىم، ئۇنىڭ مەن ئۈچۈن مەخسۇس «لايىھەلىگەن» توگرىسىنى سېغىناتتىم. ئاخىر مەن چوڭ ـ كىچىك سومكىلىرىمنى كۆتۈرۈپ ئۆيگە يېتىپ كەلدىم. ئاناممۇ ماڭا ئاتاپ توگرە توگۇپ مېنى ساقلاپ تۇرغان ئىكەن. ئانام كۆلگىنىچە بىر چەتتە تۇرۇپ مېنىڭ توگرىنى ئاغزى ـ ئاغزىمغا تەگمەي يېيىشىمنى تاماشا قىلىپ تۇراتتى.

مەن تويۇپ كېكىرىپ قاچىنى بىكارلىغىنىمغىچە ماڭا قاراپ تۇرغان ئانام:

ـــ ئوخشاپتىمۇ؟ ـــ دەپ سورىدى.

ـــ بەكمۇ ئوخشاپتۇ! ـــ دېدىم مەن ئاغزىمنى سۈرتكەچ يۇقىرى ئاۋازدا، ـــ بۇ مېنىڭ بۇ بىر يىلدا يېگەن ئەڭ تەملىك تامىقىم!

ـــ ئوخشىغان بولسىلا بولدى! ـــ ئانام ئۇزۇن تىنىپ

قويدى.

— ئانا، نېمە بولدىڭىز؟ بىرەر ئىش بولدىمۇ... — سورىدىم مەن ھەيرانلىق ئىلكىدە.

ئانام پىخىلداپ كۈلۈپ تۇرۇپ:

— مەن ئوخشىماي قالامدىكىن دەپ ئەنسىرىگەنىدىم، بايا مەن ئالدىراشچىلىقتا تۇگرىنىڭ قىيمىسىغا تۇز سېلىشنى ئۇنتۇپ قاپتىمەن، — دېدى.

— ئۇنداق ئەمەستۇ، تۇز- تەمى جايىدا بوپتۇ، تۇز سالمىغاندەك ئەمەس، — دېدىم مەن ھەيرانلىق بىلەن.

— ئوخشىغان بولسىلا بولدى، — ئانام بۇ سۆزنى يەنە تەكرارلىدى، — مەن تۇگرىنى سۇزۇۋېلىپ ئۇنىڭغا تۇزلۇق ئوكۇل سۈيىنى ئۇرۇۋەتكەن.

— تۇزلۇق ئوكۇل سۈيى، — دېدىم مەن گاڭگىرىغان ھالدا.

يېنىمىزدا تۇرغان ئاتام گەپكە ئارىلىشىپ:

— ئاناڭ سېنى تۇزى كەم تۇگرىنى يېمىسۇن دەپ، يەنە قايتا تۇگەي دېسە ئۈلگۈرەلمىگەچكە، ئۇ بۇ ئامالنى ئويلاپ تېپىپتۇ. قارىغىنا، ئاناڭ ئۆزىنىڭ مەشھۇر ئەسىرىدىن مەمنۇن بولماقتا، — دېدى.

ئاتامنىڭ گېپى تۇگىمەي تۇرۇپلا كۆز ياشلىرىم تۆكۈلدى. ئانام بۇنى كۆرۈپ دەرھال دادامغا كۆز ئىشارىسى قىلىپ تۇرۇپ:

— بۇ ئۇلۇغ ھېيت كۈنلىرى بالىلارنى كۆز يېشى قىلغۇزماڭ، — دېدى.

لېكىن، لېكىن ئانا، قىزىڭىز كۆز يېشىدىن قىلغاندىن سىرت، كۆڭلىدىكى ھاياجىنىنى قانداق ئىپادىلىسۇن؟ قىزىڭىز ئۆزى يالغۇز نۇرغۇن يىل سىرتلاردا يۈرگەن بولسىمۇ، ئەزەلدىن ھېچكىم سىزگە ئوخشاش قىزىڭىزنىڭ تەم سەزگۈسىگە كۆڭۈل بۆلۈپ باقمىغان، بۇ مۇھەببەت مېنى قانداقمۇ تەسىرلەندۈرمەي تۇرالىسۇن!

## ھېكمەت

مۇھەببەت ئەڭ مۇقەددەس ئىجادكار كۈچ. چۈنكى، ئوغۇل- قىزلىرنى ناھايىتى ياخشى كۆرگەچكە، ئانا باشقىلار ئويلاپ يېتەلمەيدىغان مۆجىزىلەرنى ئىجاد قىلىپ، كەم- كۈتىسىز مۇھەببەت دۇنياسىنى بەرپا قىلىپ چىقىدۇ.

# 72. كونا سوئالنى قايتا سوراش

— سىز ۋە ئانىڭىز، ئاپالىڭىز، ئوغلىڭىز بىر كېمىدە ئولتۇرۇپ سەيلىگە چىقتىڭلار، تۇيۇقسىز قاتتىق بوران چىقىپ، كېمە ئۆرۈلۈپ كەتتى، سىلەر تۆتىڭلار بىرلا ۋاقىتتا سۇغا چۈشۈپ كەتتىڭلار، مۇبادا سىز بىرلا كىشىنى مۇۋەپپەقىيەتلىك ھالدا قۇتقۇزالىسىڭىز، سىز كىمنى قۇتقۇزۇشنى تاللايسىز؟

مەلۇم تېلېۋىزىيە ئىستانسىسىنىڭ «كۆپچىلىك شادلانسۇن» پىروگراممىسىدا رىياسەتچى بۇ پىروگراممىغا قاتناشقىلى كەلگەن بەش ئەردىن بۇ كونا سوئالنى سوراپ ئۇلارنى تەڭقىسلىقتا قويماقتا ئىدى.

سوئال سوراش ئاياغلاشقاندىن كېيىن، رىياسەتچى مىكروفوننى بىرىنچى ئەرگە ئۇزىتىدۇ. ئۇ قوشۇمىسىنى تۈرۈپ تۇرۇپ، ناھايىتى چوڭ ئىشەنچ بىلەن مۇنداق جاۋاب بېرىپتۇ:

— مۇبادا پەقەت بىرلا ئادەمنى قۇتقۇزۇشقا توغرا كەلسە، مەن ئايالىمنى قۇتقۇزۇشنى تاللايمەن. چۈنكى ئانام ئۆمرىنىڭ تەڭدىن تولىسىنى ياشاپ بولدى، لېكىن ئوغلۇم، — دەپتۇ ئۇ كالپۇكىنى چىشلىگەن ھالدا، — پەقەت ئايالىم بولسىلا بىز يەنە باللىق بولساق بولىدۇ.

مىكروفون ئىككىنچى ئەرنىڭ قولىغا يەتكۈزۈلۈپتۇ، ئۇمۇ ئوخشاشلا قىينالغان ھالدا مۇنداق جاۋاب بېرىپتۇ:

— مەن ئوغلۇمنى قۇتقۇزۇشنى تاللايمەن. چۈنكى، ئۇ تېخى كىچىك، ئۇ كەڭ جاھاننى كۆرمىدى ۋە ھاياتنىڭ پەيزىنى سۈرمىدى.

ئۈچىنچى ئەر بېشىنى سىڭايان قىلىپ ئويلانغان ھالدا

مۇنداق جاۋاب بېرىپتۇ:

— ئەلۋەتتە مېنىڭ يېنىمدا تۇرغىنىنى قۇتقۇزىمەن. ئۇنىڭ جاۋابىدىن كۆپچىلىك كۈلۈپ كېتىپتۇ. ئۇ ھەقىقەتەن ناھايىتى ئەقىللىق ئىكەن.

ھازىر نۆۋەت تۆتىنچى ئەرگە كەلدى، كۆپچىلىك ئۇنىڭ ئاۋۋال كۆزىنى بىر ئايلاندۇرغانلىقىنى كۆرۈپتۇ، ئاندىن ئۇ مۇنداق جاۋاب بېرىپتۇ:

— مەن ئاۋۋال ئوغۇلنىڭ ئاپىسىنى قۇتقۇزىمەن. — پاھ، بۇ كىشى جەزمەن بىر كۆپنى كۆرگەن قاقباش، ئۇنىڭ ئېغىزىدىكى «بالا» ئۇنىڭ ئۆزىنى كۆرسىتەمدۇ ياكى ئۇنىڭ ئوغلىنى كۆرسىتەمدۇ!

بەشىنچى ئەر مىكروفوننى ئېلىپ بىر ھازاغىچە زۇۋان سۈرمىدى، رىياسەتچىنىڭ ھەيدەكچىلىكىدە، ئۇنىڭ كۆزى تۇيۇقسىز ياشقا تولۇپ:

— مەن يەنىلا ھېچكىمنى قۇتقۇزماي قوياي، چۈنكى كىمنى قۇتقۇزماي ئۇنى ھەم ئازابلايدىكەنمەن. ئانام ئۆزىنىڭ جان- جىگەر نەۋرىسىدىن ئايرىلىپ قالىدىكەن، ئايالىم ئۆزىنىڭ جان تومۇرى بولغان ئوغلىدىن ئايرىلىپ قالىدىكەن، ئوغلۇم ئۇنىڭ بۇ دۇنيالىقتىكى بىردىنبىر ئانىسىدىن ئايرىلىپ قالىدىكەن، - دەپتۇ.

— ياق! — بۇ ئەرنىڭ سۆزى تۈگىمەي تۇرۇپلا تاماشىبىنلار ئارىسىدىن بىرى كارنىيى يىرتىلغۇچە ۋارقىراپ كەتتى. كۆپچىلىك قايرىلىپ قارىغان ئىدى، ئەسلىدە ئۆمرىنىڭ تەڭدىن تولىسى ئۆتكەن، چاچلىرى ئاقارغان ياشانغان ئايال ئىكەن.

— ئانا، سىز نېمىشقا ۋارقىراپ كەتتىڭىز، — سەھنىدىكى ئەر دەماللىققا نېمە قىلىشنى بىلەلمەي قالدى.

— مەن ۋارقىرىمىدىم، مەن جىددىيلىشىپ قالدىم! — دېدى ياشانغان ئايال كۆزلىرىگە ياش ئالغان ھالدا. — كۆپچىلىك

ھەممىسى سۇغا چۈشۈپ كەتكەن تۇرسا، ئوغلۇم سەنمۇ قالتىسكەنسەن، ئاناڭ سېنى قۇتقۇزۇۋالىدۇ!
بىر ئىغىز گەپ پۈتۈن مەيداننى سۈكۈتكە چۆمدۈردى، ئارقىدىنلا كۆپچىلىكنىڭ ئۆكسۈپ يىغلىشىۋاتقان ئاۋازى ئاڭلاندى.

### ھېكمەت

ئۆزگە نىسبەتەن ئانا بىر ئەما، ئەزەلدىن ئۆزىنىڭ بەختسىزلىكىنى كۆرمەيدۇ: ئوغۇل-قىزلىرىغا نىسبەتەن ئانا دۇنيادىكى ئەڭ كۆزى ئۆتكۈر ۋە قەلبى يورۇق ئىنسان، بالىنىڭ بارلىق بەخت ۋە بەختسىزلىكى ئانىنىڭ كۆزىدىن قېچىپ قۇتۇلالمايدۇ. چۈنكى ئانا بۇلارنى ئۆز مۇھەببىتى بىلەن كۆزىتىپ تۇرغان بولىدۇ.

# 73. دەريادىن ئۆتۈش

گۈگۈمدا سۇ ئۆرلەشكە باشلىغاندا، كېمىچى ئالدىراش بولۇپ كېتەتتى ـ كۆپچىلىك ئۆيلىرىگە بالدۇرراق قايتىش ئۈچۈن ئالدىرىشاتتى، بولمىسا بىردەمدىن كېيىن دولقۇن بەك كۈچىيىپ كەتسە، كېمىچىمۇ ئىشتىن چۈشۈپ كېتەتتى.

دەرۋەقە، يېرىم سائەتتىن كېيىن، كۆز ئالدىدىكى دولقۇنىنىڭ بارغانسېرى كۈچىيىپ كېتىپ بارغانلىقىنى كۆرگەن كېمىچى كېمىسىنى توختاتماقچى بولدى.

— ئاقساقال، ساقلاپ تۇرۇڭ، — يېقىن جايدا تۆت كىشى كېمىچىنى ۋارقىرىغاچ قىرغاققا قاراپ يۈگۈرۈپ كېلىۋاتاتتى. ئۇلار يېقىنلاشقاندا، كېمىچى بۇ تۆت كىشىنىڭ ئەمەلدار، سودىگەر، پالۋان ۋە ئوتۇنچى ئىكەنلىكىنى ئىلغا قىلدى.

— ئاقساقال، سىز بىز تۆتىمىزنى دەريادىن ئۆتكۈزۈپ قويغان بولسىڭىز، — دەپتۇ تۆت كىشى تەڭلا.

— دولقۇن بەك كۈچىيىپ كەتتى، مەن ئۆتەلمەيمەن، — دەپ قولىنى شىلتىپتۇ كېمىچى. تۆت كىشى جىددىيلەشكىنىدىن كېمىچىگە بىر هازا يالۋۇرۇپتۇ. ئۇ ئاخىر ئەڭ ئاخىرقى بىر قېتىم دەريادىن ئۆتمەكچى بوپتۇ. ئويلىمىغان يەردىن كۆپچىلىك خۇشال بولۇشقا ئۈلگۈرمەي تۇرۇپلا ئۇ يەنە مۇنداق دەپتۇ، ـ كېمەم بەك كىچىك، هەر قېتىمدا پەقەت بىرلا ئادەم ئۆتەلەيدۇ، سىلەردىن قايسىڭلار كېلىسىلەر؟

شۇنىڭ بىلەن، تۆت كىشى تۆكۈرۈكلىرىنى چاچرىتىپ بىر هازا تالاشقان بولسىمۇ، هېچكىم هېچكىمنى قايىل قىلالماپتۇ.

— مۇنداق بولسۇن، — كېمىچى ئېغىز ئېچىپتۇ، — سىلەر

ئۆزۈڭلارنىڭ ئارتۇقچىلىقىنى دەپ بېقىڭلار، كىم مېنى تەسىرلەندۈرەلىسە، مەن شۇ كىشىنى ئۆتكۈزۈپ قويىمەن.
— مەن ئاۋۋال سۆزلەي، — دەپتۇ ئەمەلدار ئالدىغا بىر قەدەم ئىلىپ، — مېنىڭ قولۇمدا تۈگىمەس ھوقۇق بار، كاللامدا ئەقىل - پاراسەت كۆپ، مۇبادا سىز مېنى دەريادىن ئۆتكۈزۈپ قويىدىغان بولسىڭىز...
— ئۇنداقتا سىزنى ھوقۇقىڭىز ۋە ئەقىل - پاراسىتىڭىز دەريادىن ئۆتكۈزۈپ قويسۇن، — دەپتۇ كېمىچى چىرايى ئىپادىسىز ھالدا ھەمدە سودىگەرگە قاراپ:
— سىزنىڭ قانداق ئارتۇقچىلىقىڭىز بار، — دەپ سوراپتۇ.
— مەندە پۇل دېگەن جىق، — دېگەچ يەلكىسىدىكى خۇرجۇننى ئالدىراش چۇشۇرۇپتۇ، — ناۋادا مېنى ئۆتكۈزۈپ قويسىڭىز، مەن سىزگە ئىككى ھەسسە پۇل بېرىشكە رازى.
— سىزنىڭچۇ؟ — دەپتۇ كېمىچى پالۋانغا بۇرۇلۇپ.
پالۋان قوشۇمىسىنى تۈرۈپ، قىلىچىنى يېرىم يالىڭاچلاپ تۇرۇپ مۇنداق دەپتۇ:
— مېنىڭ ئارتۇقچىلىقىم دەل چامباشچىلىق، ناۋادا سەن مېنى دەريادىن ئۆتكۈزمەيدىغان بولساڭ، مەن...
— سىزنىڭ قانداق ئارتۇقچىلىقىڭىز بار؟ — كېمىچى پالۋاننىڭ گېپىنى بۆلۇپلا ئوتۇنچىغا قاراپ سوراپتۇ.
— مەن، مەن، — ئوتۇنچى جىددىيلەشكىنىدىن يىغلاپ كېتىپتۇ، — مەن ئەمەلدار ئەمەس، پۇلۇممۇ ۋە چامباشچىلىق ماھارىتىممۇ يوق، قارىغاندا مەن دەريادىن ئۆتەلمەيدىغان ئوخشايمەن. ئايالىم ۋە بالىلىرىمغا ئىچىڭىز ئاغرىسۇن، ئۇلار مېنىڭ ئوتۇن ساتقان پۇلۇمغا ئالغان بۇ گۇرۇچ بىلەن تاماق ئەتمەكچى بولۇپ مېنى ساقلاپ تۇرۇشىدۇ!
— ھە، ئۇنداقتا سەن كېمىگە چىققىن! — كېمىچى ئويلىمىغان يەردىن، — ھەقىقىي ئەھۋال ئەڭ قىممەتلىك ۋە

ئەڭ كېرەكلىك ئارتۇقچىلىقتۇر، — دەپتۇ.

## ھېكمەت

ھەقىقىي ئەھۋال ئىنسان تەبىئىتىدىكى ئەڭ قىممەتلىك تەگلىك، ھوقۇق، پۇل، كۈچ قاتارلىقلار كارغا كەلمىگەندە، ھەقىقىي ئەھۋالدىن تۈگىمەس كۈچ- قۇۋۋەت ئۇرغۇپ، كىشى قەلبىنى تەسىرلەندۈرىدۇ.

# 74. ئىككى قېتىم ئۇرۇلغان تېلېفون

تېلېفون بوتكىسىدا بىرمۇ خېرىدار بولمىغاچ، دۇكاندار زېرىكىپ كومپيۇتېردا قارتا ئويناشقا باشلىدى. بۇ چاغدا، بىر يىگىت كىرىپ كەلدى، ئۇ ئولتۇرغاندىن كېيىن، تېلېفون نومۇرىنى بېسىشقا باشلىدى، كومپيۇتېردا «تېلېفون ئۇلاندى» دېگەن ئۇچۇر چىقتى، بىراق، يىگىت تۇرۇپكىنى قويۇۋەتتى، ئالاھەزەل بەش سېكۇنتلاردىن كېيىن يىگىت قايتىلاش كۇنۇپكىسىنى باستى.

يىگىت سۆزلىشىپ بولغاندىن كېيىن، دۇكاندار بۇرۇلۇپ تېلېفون ھەققىنى ئالدى ۋە يىگىتتىن سورىدى:

— بىرىنچى قېتىم سۆزلىشۋېتىپتىمىكەن؟

— ياق، — دېدى يىگىت.

— ھە، چۈشەندىم، قىز دوستىڭىزغا ئۇرۇپسىزدە، — دۇكاندار بىردىنلا چۈشەنگەن قىياپەتتە سۆزىنى داۋاملاشتۇردى، — ئۇرۇشۇپ قاپسىلەردە؟

— ھە، ئۇنداق ئەمەس، ئۆيگە تېلېفون قىلدىم، — دېدى يىگىت.

— ئۆيگە؟ ئۇنداق بولسا نېمىشقا ئىككى قېتىم ئۇرىسىز؟ بىرىنچى قېتىم نېمە دېيىشىڭىزنى ئويلىنىپ بولمىغانمۇ - يا؟ — دۇكاندار قايمۇقۇپ يەنە سورىدى.

— ئۇنداق ئەمەس، — دېدى يىگىت كۈلۈپ تۇرۇپ، — ئانام، دادام ئىككىلىسى ئالدىراڭغۇ، تېلېفون جىرىڭلىغان ھامان ئېلىشقا ئالدىراپ كېتىدۇ. بىر قېتىم ئانام تېلېفون جىرىڭلىغاننى ئاڭلاپ مېنى ساقلاپ قالمىسۇن دەپ تېلېفوننى

ئېلىش ئۇچۇن ھويلىدىن ئۆيگە يۈگۈرۈپتۇ، بوسۇغىدىن كىرگىچە پۇتلىشىپ يىقىلىپ چۈشۈپ تىزىنى ئىششىتىۋاپتۇ، ئىششىق نەچچە كۈندە ئاران يېنىپتۇ. شۇندىن كېيىن مەن ئانام ـ دادامغا ھەر قېتىم تېلېفون ئۇرغاندا نومۇرنى ئىككى قېتىم باسىمەن، بىرىنچى قېتىم ئۇلىنىشى بىلەنلا قويۇۋېتىمەن، ئالدىراپ قالماسلىقىڭلار ئۈچۈن ئىككىنچى قېتىم قايتا باسىمەن، يۈگۈرۈپ كەتمەڭلار دېيىشىۋالدىم، شۇڭا ھەر قېتىم نومۇرنى ئىككى قېتىم باسىمەن.

ئاڭلاپ بۇ يەرگە كەلگەندە، دۇكاندارنىڭ كۆزى بىلىنەر ـ بىلىنمەس قىزاردى، ئۇ يىگىتنى كۆرۈپ قالمىسۇن دېدى بولغاي، يىگىت بەرگەن بەش يۈەن پۇلنى شارتلا ئېلىپ ئاشقىنىنى تېزلا ياندۇردى ـ دە، يىگىتنى يولغا سالدى.

دۇكاندار دېرىزىدىن يىگىتنىڭ يىراقلاپ كېتىۋاتقان سىماسىغا قاراپ ئولتۇردى، يىگىت بىر دوقمۇشتىن قايرىلدى ـ دە، كۆزدىن غايىب بولدى.

— ئانا، بۇ سىزما؟ — تېلېفون ئۇلىنىشى بىلەنلا دۇكاندار تۇرۇپكىغا ئۈنلۈك تووۇلدى، — ئانا، بۇندىن كېيىن ئۆيگە تېلېفون قىلغاندا ئىككى قېتىم ئۇراي...

## ھېكمەت

ئاتا ـ ئانىغا ۋاپادار بولۇش يالغۇز ماددىي جەھەتتىكى بېقىشنىلا ئۆز ئىچىگە ئېلىپ قالماستىن، بەلكى يەنە روھىي جەھەتتىكى غەمخورلۇق ۋە خاتىرجەم قىلىشنىمۇ ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ. ئۇنىڭ ئۈستىگە ماددىي جەھەتتىن بېقىشتىن روھىي جەھەتتىكى غەمخورلۇق تېخىمۇ مۇھىم بولۇپ، ئۇ ئاتا ـ ئانىنى تېخىمۇ خۇشال قىلىدۇ.

## 75. قان رەڭ ئانا مېھرى

بۇ ئاۋستىرىيەدە يۈز بەرگەن چىن ھېكايىدۇر.

ھېكايىدىكى باش قەھرىمان ئەمدىلا 13 ياشقا كىرگەن قىز روسالىن ۋە ئۇنىڭ ئاپىسى. روسالىن بەختسىز قىز بولۇپ، تۇغۇلۇپ ئۇزۇن ئۆتمەيلا دادىسى ئالەمدىن ئۆتكەن. قىزنى قايتا بەختسىز كۆلپەتكە دۇچار قىلماسلىق ئۈچۈن ياش ئانا قايتا نىكاھلىق بولمىغان. ئۇ تازىلىق ئىشچىلىق خىزمىتىنى تېپىپ ئىشلەپ، ئازغىنە مائاشى بىلەن قىزنى ئۆزى بېقىپ چوڭ قىلغان. گەرچە قەيسەر ئانا كۆڭۈل قويۇپ بېقىپ چوڭ قىلغان بولسىمۇ، نامرات ئائىلە ئەھۋالى ۋە باشقىلارنىڭ كەمسىتىشى نەتىجىسىدە روسالىن يەنىلا جىمغۇر، قورقۇنچاق بولۇپ قالغان.

شۇنداق بولۇشىغا قارىماي، تۇرمۇشى قانچە قىيىنچىلىقتا ئۆتسىمۇ، كىچىك روسالىن يەنىلا «بەخت» ئىچىدە ئۆسۈپ يېتىلگەن. چۈنكى ئۇ دۇنيادىكى ئەڭ ئۇلۇغۋار، ئەڭ پاك، ئەڭ قورقماس ئانا مېھرىدىن بەھرىلەنگەن. شۇڭىنىسى رەھىمسىز پەلەك ئۇنىڭ ئاپىسىنىمۇ ئۇ دۇنياغا ئېلىپ كەتكەن.

ئۇ 2002 ـ يىلىنىڭ باھار ئايلىرىدىكى بىر چۈشتىن كېيىن ئىدى، قىزنىڭ غەيرىتىنى يېتىلدۈرۈش ئىستىكىدە ئاپىسى ئۇنى ئالپس تېغىغا قار تېيىلىشقا ئېلىپ چىققانىدى، ئويلىمىغان يەردىن ئۇلار يولدىن ئادىشىپ قالىدۇ. قارلىق دالىدا ئۆزىنى قۇتقۇزۇش تەجرىبىسى بولمىغان ئانا ـ بالا ئىككىيلەن قاتتىق ساراسىمگە چۈشۈپ، قورققىنىدىن بار ئاۋازىنى قويۇۋېتىپ «قۇتقۇزۇڭلار» دەپ تووۋلايدۇ، كىم بىلسۇن، ئۇلارنىڭ بۇ ئۇنلۇك ئاۋازى تاغدىكى قارنىڭ كۆچۈشىنى كەلتۈرۈپ چىقىرىپ، ئۇلار

كۆچكەن قارنىڭ ئاستىغا كۆمۈلۈپ قالىدۇ. ھاياتىنى ساقلاش ئىستىكىدە ئۇلار تەبىئىي ھالدا قارنى قولى بىلەن تۇرتۇپ، مىڭ بىر جاپادا قار ئاستىدىن چىققاندا زېمىننى قاراڭغۇلۇق قاپلاپ كېتىدۇ، شۇنىڭ بىلەن ئانا ـ بالا ئىككىسى تېخىمۇ قايمۇقۇپ قالىدۇ.

تۇيۇقسىز ئاسماندىن قۇتقۇزۇشقا كەلگەن تىك ئۇچار ئايروپىلاننىڭ ئاۋازى ئاڭلىنىدۇ، ئانا ـ بالا ئىككىيلەن قۇتۇلىدىغان بولدۇق دەپ خۇشاللىقتا قوللىرىنى پۇلاڭلىتىدۇ. ئەمما ھەر ئىككىيلەن قارنىڭ رەڭگىدىن ئانچە پەرقلەنمەيدىغان كۆمۈشرەڭ ماموق كىيىم كىيگەنلىكى ئۈچۈن قۇتقۇزغۇچىلار ئۇلارنى كۆرمەي كېتىپ قالىدۇ.

قارلىق تاغدا بىر كېچىنى مىڭ مۇشەققەتتە ئۆتكۈزگەندىن كېيىن، بەدىنى ئاجىز روسالىن ھوشىدىن كېتىدۇ. قىزىنىڭ نازۇك چىرايىغا قاراپ ئۈمىدسىزلەنگەن ئانا ئاجايىپ بىر قارارغا كېلىدۇ...

روسالىن ھوشىغا كەلگەندە ئۆزىنى دوختۇرخانىدا كۆرىدۇ. ئەمما ئۆزىدىن بىر قەدەممۇ نېرى بولمايدىغان ئاپىسى يېنىدا يوق ئىدى.

— ئانام قېنى؟ — دەپ سورايدۇ ئۇ زەئىپ ئاۋازدا.

دوختۇرلار ئۇنىڭغا: ئاپىسى ئۇنى قۇتقۇزىمەن دەپ باشقىلارنىڭ بايقىشىغا ئاسان بولسۇن ئۈچۈن قىيا تاش بىلەن ئارتېرىيە تومۇرىنى كېسىپ ئۆملەپ تۇرۇپ بىر يۇمىلاق دائىرىنى قانغا بويىغانلىقىنى، قان ئىزىنىڭ روسالىننى ئوراپ ئايلانغانلىقىنى، قۇتقۇزغۇچىلار ئۇلارنى بايقىغاندا ئاپىسىنىڭ ئاللىقاچان جان ئۈزگەنلىكىنى ئېيتىپ بېرىدۇ.

— ئانا... — روسالىن يۈرەكنى ئەزگۈدەك تولغاپ يىغلايدۇ.

نەق مەيداندىكىلەرنىڭ ھەممىسى ئۈنسىز ياش تۆكىدۇ، ھېچكىممۇ بېرىپ روسالىنغا تەسەللى بەرمەيدۇ، چۈنكى ھەرقانداق سۆز ئانىدىن ئايرىلىشتەك قايغۇغا تەسەللى بولالمايدىغانلىقى

ھەممىگە ئايان ئىدى، بۇ بىر ئادەم بىشىدىن كەچۈرىدىغان ئەڭ ئېغىر كۆلپەت ھېسابلىناتتى.

### ھېكمەت

ھېچقانداق نەرسە ئانا مېھرىدەك چەكسىز بەخت ۋە بايلىققا ئىگە قىلالمايدۇ. ھېچقانداق كەچمىش ئانىدىن ئايرىلغان چاغدىكىدەك قايغۇلۇق بولمايدۇ.

# 76. ئانام ۋە مەن

بىر ياش چېغىمدا، ئانام كۆندۈزى ئىشلەپ مېنى بېقىشقا ۋاقتى چىقمىغاچقا، مەن كېچىچە يىغلاپ ـ قاقشاش بىلەن ئۇنى ئۇخلاتماي ئۆچۈمنى ئالاتتىم.

ئۈچ يېشىمدا، كېسەلچان بولغانلىقىم ئۈچۈن ئانام ئۈچ ۋاخ تامىقىمنى تۈجۈپلەپ تەييار قىلىپ بەرسىمۇ، خۇيلىنىپ قاچا ـ قوشۇقلارنى ھەر تەرەپكە ئاتاتتىم.

ئالتە ياشقا كىرگىنىمدە، ئانام مېنى ياخشى ئوقۇسۇن دەپ مەكتەپكە بەرسە، مەن دەرس ۋاقتىنى رەسىملىك كىتابلارنى كۆرۈش بىلەن ئۆتكۈزدۈم.

توققۇز ياشقا كىرگەندە، ئانام يېمەي ـ ئىچمەي يىغقان پۇلغا يېڭى كىيىم، چاچ قىسقۇچلارنى ئېلىپ بەرسە، باشقىلارنىڭكىدىن ناچاركەن دەپ باتناپ يۈردۈم.

14 ياشقا كىرگىنىمدە، ئانام مەن ئوقۇۋاتقان ياتاقلىق مەكتەپكە مېنى كۆرۈشكە كەلمەكچى بولغاندا، ئۇنىڭ ياشىنىپ قالغانلىقى ۋە سەتلىشىپ كەتكەن چىرايىنىڭ مېنىڭ يۈزۈمنى تۆكۈشىدىن ئەنسىرەپ ئۇنى كەلگىلى قويمىدىم.

17 يېشىمدا، ئانام ماڭا ئۆگىنىشتە ئەستايىدىل بولۇپ، كېلەر يىللىق ئالىي مەكتەپ ئىمتىھانىغا پۇختا تەييارلىق قىلىشنى قايتا ـ قايتا جېكىلىگەندە، مەن ھېچنىمە بىلەن كارىم بولماي بىر يىگىت بىلەن مۇھەببەت قاينىمىغا چۆكۈپ كەتتىم.

20 ياشقا كىرگەندە، ئالىي مەكتەپنى پۈتتۈرۈش ئالدىدا ئانام كۈلۈمسىرەپ تۇرۇپ ماڭا ئالغان يېڭى قىشلىق كىيىمنى

كۆرسەتكەندە، ئۇنى زاماندىن قالغان كىيىم ھېسابلاپ ئۇچامغا ئارتىپمۇ باقمىدىم.

22 ياشقا كىرگەندە، ئانام مېنىڭ ئوقۇش پۈتتۈرۈپ ئۆيىمىزگە يېقىنراق جايدىكى بىرەر ئىدارىغا كېلىشىمنى ئارزۇ قىلغاندا، مەن گويا قەپەزدىن چىققان قۇشتەك نەچچە مىڭ چاقىرىم يىراقلىقتىكى جەنۇبقا كېتىپ قالدىم.

23 ياشقا كىرگىنىمدە، ئانام تېلېفوندا پۈت ـ قولىدىكى ئۇششۇك يارىسىنىڭ ساقايماس بولۇپ قالغانلىقىنى ئېيتىپ، قېشىمغا كەلگۈسى بارلىقىنى ئارزۇ قىلغاندا يۈك ـ تاقلارنى كۆتۈرۈپ يۈرۈش بەك ئەپسىز دېگەننى باھانە قىلىپ ئۇنى كەلگىلى قويمىدىم.

24 ياشقا كىرگەندە، ئانام مېنىڭدىن يىگىتىمنىڭ ئەھۋالىنى بىلمەكچى بولغاندا، مەن سەۋرسىزلىك بىلەن ئۇنىڭغا: «مېنىڭ جورا تاللاش ئۆلچىمىم سېنىڭكى بىلەن ئوخشىمايدۇ!» دېدىم.

25 ياشقا كىرگەندە، ئانام مېنىڭ بارلىق تويلۇق چىقىملىرىمنى ئۈستىگە ئېلىپ، ماڭا قىيماي يىغلىغىنىچە قولۇمغا ئېسىلىۋالغاندا، ئۇنىڭ قولىنى سىلكىۋېتىپلا ئېرىم بىلەن بىللە يىراققا كېتىپ قالدىم.

28 ياشقا كىرگەندە، ئانام خۇشال ھالدا بالامنىڭ ئەھۋالىنى سوراپ، بالامنى بېقىپ بېرىشنى خالايدىغانلىقىنى ئېيتقاندا، مەن ئۇنىڭغا: «بولمايدۇ، سەن بالامغا ئېنگلىزچە ئۆگىتەلەيتتىڭمۇ، ئۇنىڭغا يۈرتنىڭ تەلەپپۇزىنى ئۆگىتىپ قويساڭ بولمايدۇ» دېدىم.

33 ياشقا كىرگەندە، ئانام يېقىندىن بېرى سالامەتلىكىنىڭ تازا ياخشى بولمايۋاتقانلىقىنى، ۋاقتىم بولسا بىر كېلىپ كۆرۈپ كېتىشىمنى ئېيتقاندا، مەن ئۇنىڭغا: «يېقىنقى بۇ مەزگىلدە ۋاقتىم چىقمايدۇ، مەن بەك ئالدىراش» دېدىم.

35 ياشقا كىرگەندە، دادام تېلېفون بېرىپ جىددىي ئىش بارلىقىنى، دەرھال بىر كېلىشىمنى ئېيتقاندا، «نېمە ئىش بار

ئىدى شۇنچە مۇھىم؟» دېدىم خۇشياقمىغان ھالـدا. دادام: «ئانـاڭ بولالمايۋاتىدۇ!» دېدى.

كـاللام پىررىـدە قايـدى ـ دە، چاقمـاق چېقىـپ پـارتلاپ كەتكەنـدەك بولـدى. يىغلىـدىم، قاقـشىدىم، «بېقىـۋالاي دېـسەم كېتىپ قالدىڭمۇ» دەپ ئاھ ئۇردۇم. ئـاھتىن كـېيىن تۇيۇقـسىز ئاغزىمغا بىرنى سالدىم، ئانام مېنى 30 نەچچە يىل كـۈتتى، پەقەت مېنىڭ ۋاپاسىزلىقىم مېنى ئۆمۈرلۈك پۇشايمانغا قويدى.

## ھېكمەت

ئانىنىـڭ بالىغـا بولغـان غەمخورلـۇقى ۋە كۆيۈنۈشـى ھامـان بالىنىڭ ئانىغا بولغان غەمخورلۇقى ۋە كۆيۈنۈشىدىن زور دەرىجىدە ئېشىپ چۈشىدۇ. پەرزەنتلەر بۇ «قانۇنىيەت» نـى ئۆزگەرتەلمەسلىكى مۇمكىن، بىراق بۇ ئـارلىقنى كىچىكلىتەلىشى مۇمكىن ھەمدە كىچىكلىتىشى كېرەك.

## 77. «تۆمۈر ئايال» ۋە چىۋەر ئائىلە ئايالى

بۇ ھېكايىدىكى «تۆمۈر ئايال» ۋە چىۋەر ئائىلە ئايالى بىر كىشى بولۇپ، ئۇ بولسىمۇ ساچىر خانىمدۇر.

1979 - يىلى 5 - ئايدا، مىلىچمال دۇكاندارىنىڭ قىزى بولغان ساچىر خانىم ئەنگلىيە تارىخىدىكى تۇنجى باش ۋەزىر بولدى ھەمدە ئۇدا ئىككى نۆۋەت ۋەزىپە ئۆتىدى، ھاكىمىيەت يۈرگۈزگەن ۋاقتى 11 يىلغا يەتتى. بەلكىم مانا مۇشۇنداق دەۋر سۈرگەن سىياسىي سەھنىدىكى بۇ داھىينىڭ ئۆيىدە چىۋەر ئائىلە ئايالى ئىكەنلىكىگە ئىشەنمەسلىكىڭىز مۇمكىن.

ھەر كۈنى ئەتىگەن سائەت ئالتىدە، ساچىر خانىم ئېرى دانىس ئۇچۇن دەل ۋاقتىدا قىزىق بىر ئىستاكان قەھۋە ۋە بىر كىشىلىك ناشتىلىق تەييارلاپ بېرىدۇ. مەلۇم بىر كۈنى، ساچىر خانىم بىر مۇھىم يىغىندىن يانغاندا سائىتىگە قارىۋېتىدۇ - دە، ئىختىيارسىز ھالدا:

— ھە، ۋاقىت يار بەرگۈدەك، يول ئۈچۈن يېمەكلىك دۇكىنىدىن دانىسقا ئۇ ياخشى كۆرىدىغان ئىسلانغان گۆش سېتىۋېلىشىم كېرەك، — دەپ تاشلايدۇ. بۇ ئۆز - ئۆزىگە سۆزلەنگەن سۆز ئاڭلىغانلارنىڭ ھەممىسىنى ھاڭ - تاڭ قالدۇرىدۇ، بايىلا تېخى چاقچاق كەبى چاققان، ئاجايىپ قەيسەر باش ۋەزىرنىڭ بىردەمدە نازاكەتلىك، كۆيۈمچان خوتۇنغا ئايلىنىپ قالغانلىقىغا ھېچكىمنىڭ ئىشەنگۈسى كەلمەي قالىدۇ.

ئۇنداقتا، دۇنياغا داڭلىق بۇ «تۆمۈر خوتۇن» قانداق بولۇپ بۇنداق مۇلايىم بولۇپ قالغان؟ ساچىر خانىم ئىلگىرى بۇ توغرۇلۇق مۇنداق دەيدۇ:

ـــــ ئائىلە تۇرمۇشىنىڭ بەختلىك بولۇش ـ بولماسلىقى ئادەمگە غايەت زور تەسىر يەتكۈزىدۇ. ساچىر خانىم بەلكىم دەل مۇشۇ نۇقتىنى چۈشىنىپ يەتكەن بولغاچقىلا، ئېرى بىلەن ئۇزۇنغىچە ياخشى ئۆتۈپ، بەختلىك تۇرمۇشىنى ئورتاق بەرپا قىلغان بولۇشى مۇمكىن.

دەرۋەقە، رېئال تۇرمۇشتا ساچىر خانىم ئېرىغا ئىنتايىن كۆڭۈل بۆلىدۇ ھەمدە ئۇنىڭ كەسپىي ئىشلىرىنى ئالاھىدە قوللايدۇ. دانىيسمۇ ساچىر خانىمغا ھەر تەرەپتىن غەمخورلۇق قىلىدۇ ۋە ئۇنى قوللايدۇ. ئەر ـ خوتۇن ئىككىيلەننىڭ سىياسىي قارىشى ئورتاق، قىزىقىش ـ ھەۋەسلىرىمۇ ئاساسەن ئوخشاش بولۇپ، ھەر ئىككىيلەن كىتاب ئوقۇش، بىر ـ بىرىگە ھەمدەم بولۇپ ساياھەت قىلىش، مۇزىكا ئاڭلاشنى ياقتۇرىدۇ. تىلغا ئېلىشقا تېگىشلىك يېرى شۇكى، ساچىر خانىم ئۆي ئىشلىرىنى قىلىشتا ئېرىغا قانداق قىلىشنى ئېرىنمەستىن سۆزلەپ بېرىدۇ ھەمدە بېشىغا ياغلىق چىگىپ، پەرتۇق تارتىپ ئېرى بىلەن ئۆي ئىشلىرىنى تەڭ قىلىدۇ.

يۇقىرىقىدەك ھەر خىل سەۋەبلەر تۈپەيلىدىن، بۇ بىر جۈپ ئەر ـ خوتۇننىڭ ئائىلىسى ھامان ئىللىقلىق ۋە بەختكە چۆمگەن. ساچىر خانىم بۇ توغرىدا توختىلىپ، بۇ خىل بەخت ئۆزىگە «غايەت زور تەسىر» ئېلىپ كەلگەنلىكىنى ئېيتقان. شۇنداق بولغاچقىلا، ئۇ ئائىلە باش قېتىنچىلىقىنىڭ دەخلىسىگە ئۇچرىماي، پۈتۈن زېھنىنى خىزمەتكە قارىتالىغان.

## ھېكمەت

بىر ئۆينى يىغىشتۇرالمىغان ئادەم دۇنيانىڭ ئىشلىرىنى قانداقمۇ بىر ياقلىق قىلالىسۇن! گەرچە ئادەم بىلەن ئادەم ۋە ئۇلارنىڭ ئارتۇقچىلىقلىرى ئوخشاشمىسىمۇ، ئايال بولۇش سۈپىتى بىلەن بىر ئائىلىنى يۇرۇشتۇرۇپ كېتەلىگەن ئادەم چوقۇم دۆلەتنى ئىدارە قىلىشنىمۇ ئاسانلا ئۆگىنىۋالالايدۇ، ئەلۋەتتە.

## 78. بىر خالتا گازىر مېغىزى

بىر ياش يىگىت جىنايەت ئۆتكۈزۈپ تۈرمىگە تاشلىنىپتۇ، ئانىسى ھەر كۈنى دېگۈدەك ئوغلۇمغا يۈز كېلەلمەيمەن دەپ ئويلايدىكەن، گەرچە ئوغلىنىڭ جىنايىتى ئانىسى بىلەن قىلچە مۇناسىۋەتسىز بولسىمۇ، مېنىڭ تەربىيەمنىڭ نامۇۋاپىقلىقىدىن ئوغلۇم قانۇنغا خىلاپلىق قىلدى، دەپ ئويلايدىكەن.

بىر كۈنى ئانىسى تۈرمىگە ئوغلىنى يوقلاشقا كەپتۇ. تۇغقانلىرىنى يوقلايدىغان بىرمۇنچە كىشى ئۇنىڭ بىلەن بىرگە كەلگەن ئىكەن. ئۇلار ئۆز تۇغقانلىرىغا سېتىۋالغان نەرسە - كېرەكلىرىنى چىقىرىشىپتۇ، ئۇنىڭ ئىچىدە شاكىلات، CD قويغۇچ، يېڭى كىيىم - كېچەك ۋە ھەر خىل نەرسىلەر بار ئىكەن. يىراقتىن كەلگەن بۇ ئانىغا نۆۋەت كەلگەندە، ھەممەيلەن جىمغىنە تۇرۇپ ئۇنىڭ نېمە ئېلىپ كەلگەنلىكىنى كۆرمەكچى بولۇشۇپ ئۇنىڭغا قارىشىپتۇ. دەرۋەقە، ئۇ ئوغلىغا راۋۇرۇس بىر نەرسە ئېلىپ كېلەلمىگەن ئىدى، ئۇ يېنىدىن بىر خالتا گازىر مېغىزىنى چىقىرىپتۇ. ئۇ ئوغلىغا مۇنداق دەپتۇ:

— بۇ گازىرنى مەن ئۆزۈم تېرىغان، يېنىڭغا كېلىشتىن بۇرۇن ئۇنى قورۇدۇم، ئاندىن ھەممىسىنى چېقىپ شاكىلىنى چىقىرىۋېتىپ مېغىزىنى ئەكەلدىم. چۈنكى تۈرمىدە ئۇنى چېقىشقا ۋاقتىڭ چىقماسلىقىدىن ئەنسىرىدىم...

شۇ ۋاقىتنىڭ ئۆزىدە كۆپچىلىكنىڭ كۆزلىرى نەملەشتى.

ئانىنىڭ نەزىرىدە بالا دېگەن مەڭگۈ ياخشى بالا ھېسابلىنىدۇ، ياخشى بالا جىنايەت ئۆتكۈزگەندە، باشقىلار ئەپۇ قىلمىغان بىلەن ئانا چوقۇم ئەپۇ قىلىدۇ.

شۇنى ئېيتىپ ئۆتۈش زۆرۈركى، دەسلەپ ئوغۇل ئانىسىنىڭ كەلگەنلىكىگە ئانچە ئېرەن قىلىپ كەتمىگەنىدى، ئەمما ئانىسى گازىر مېغىزىنى چىقارغاندىن كېيىن كۆزلىرىدىن تاراملاپ ياش تۆكتى. ئۇ ئائىلىسىنىڭ ئەھۋالىنى ئوبدان بىلەتتى، ئانىسىنىڭ شۇنچە يىراق جايدىن ئۆزىنى يوقلاشقا كېلىش ئۈچۈن چوقۇم بىر نەچچە ئايلىق چىقىمنى تېجەپ، ئۆيدىكى قايسى بىر جابدۇقلارنى سېتىپ پۇل غەملەپ ئاندىن كېلىدىغانلىقى ئۇنىڭغا ئايان ئىدى. ئۇنىڭ ئۇستىگە بۇ بىر خالتا گازىر مېغىزىنى ئانىسى قانچە كېچە - كۈندۈزدە چېقىپ بولغاندۇ - ھە! ئوغۇل بولۇش سۈپىتى بىلەن ئەسلى ئۇ ھازىر ئانىسىنى بېقىشى كېرەك ئىدى، ئەمما ئۇنداق قىلالمايلا قالماستىن، بەلكى قېرى ئانىسى ئۆزى ئۈچۈن تەشۋىش ئىچىدە ئۆتمەكتە، بۇ نېمىدېگەن ۋاپاسىزلىق - ھە!

«ياخشى ئۆزگىرىپ تۇرمىدىن بالدۇرراق چىقىشقا تىرىش» دېگەن خىيال يىگىت يىغلاۋاتقاندا پەيدا بولدىمۇ، بۇنىسى نامەلۇم، ئەمما كۆپچىلىكنىڭ كۆرگىنى 10 يىللىق قاماققا ھۆكۈم قىلىنغان بۇ يىگىتنىڭ ئالتە يىلدىلا جازا مۇددىتىنى ئادا قىلىپ قويۇپ بېرىلگەنلىكى بولدى. ئۇنىڭ ئۇستىگە شۇندىن كېيىنكى نۇرغۇن يىل مابەينىدە يىگىت ئېسىۋىسىگە شۈكۈر قىلىپ، ۋاپادار، سەممىمىي، سادىق ياشاپ كەلدى.

## ھېكمەت

ئانا مېھرىنىڭ كۈچى ھەر قانداق ھېسسىياتتىن ئېشىپ چۈشىدۇ، ھەتتا مۇھەببەتنىمۇ بېسىپ چۈشىدۇ. ئانا مېھرى بارلىق نادانلىق ۋە جىنايەتنى كەچۈرۈۋېتەلەيدۇ ھەمدە بارلىق نادانلىق ۋە جىنايەتنى ئاق كۆڭۈللۈك ۋە ھالال نىيەتكە ئۆزگەرتەلەيدۇ.

## 79. ئاتا ـ ئانا مېھرى

بۇ ئەر ـ خوتۇن ۋە ئۈچ پەرزەنتتىن تەشكىل تاپقان بىر بەختلىك ئائىلە بولۇپ، ئۇزۇن يىللاردىن بېرى بىر ئائىلە كىشىلىرى ئىجىل ـ ئىناق ئۆتۈپ كۆڭۈللۈك ياشاپ كەلگەن ئىدى.

بىر يىلى يازدا، ئاتا ـ ئانىسىنىڭ قوشۇلۇشى بىلەن ئۈچ ئاچا ـ سىڭىل ماشىنا ھەيدەپ شەھەر سىرتىغا ئويناشقا چىقىپتۇ. ئىككى ئاچىسى ئاللىبۇرۇنلا شوپۇرلۇق كىنىشكىسى ئالغانلىقى ھەمدە ئۇلارنىڭ ماشىنا ھەيدەش تەجرىبىسى مول بولغانلىقى ئۈچۈن ئەمدىلا پىراۋا ئالغان سىڭلىسى ئاچىلىرىنىڭ ماشىنا ھەيدىشىگە ھەۋەس ۋە ھەسەت بىلەن قاراپ ئولتۇرۇپتۇ.

ناھايىتى تېزلا ئىككى ئاچىسى سىڭلىسىنىڭ كۆڭلىدىكىنى بىلىۋاپتۇ ـ دە، ئىككىيلەن مەسلىھەتلىشىپ ئادەم كۆپ، قاتناش قىستاڭ شەھەر رايونىدا ئىككىيلەن ھەيدەيدىغان، ئادەم ۋە قاتناش شالاڭراق بولغان شەھەر سىرتىدا سىڭلىسىنىڭ ھەيدەپ مەشىق قىلىشىغا كېلىشىپتۇ. شۇنداق قىلىپ ئۇلار شەھەر سىرتىغا چىققاندا ئەمدىلا 16 ياشقا تولغان سىڭلىسى ماشىنا ھەيدەشكە ئۆتۈپتۇ. تۇنجى قېتىم قېرىنداشلىرىغا شوپۇر بولغان سىڭىل ھاياجاندىن ئۆزىنى باسالماي كۈلكە ـ چاقچاق بىلەن مېڭىپتۇ. شۇغىنىسى قىزىل چىراق يېنىشتىن بۇرۇن يول ئېغىزىدىن ئۆتۈۋالىمەن دەپ ئويلىغان بولسىمۇ، ئۇنىڭ تەجرىبىسى كەمچىل بولغاچقا، جىددىيلىشىپ كېتىپ ئۆتۈپ بولالماي ياندىن كەلگەن يۈك ماشىنىسى بىلەن سوقۇلۇپ كېتىپتۇ. نەتىجىدە چوڭ ئاچىسى نەق مەيداندا قازا قىپتۇ.

ئىككىنچى ئاچىسىنىڭ بېشى يارىلىنىپتۇ، ئۆزىنىڭ پۇتى سۇنۇپتۇ.

تېلېفوندا خەۋەرنى ئاڭلىغان ئاتا - ئانا ئالدىراش دوختۇرخانىغا چېپىپتۇ. ئەس - ھوشىنى يوقاتمىغان كىچىك سىڭىل ئاتا - ئانام ھەقىچان مېنى قاتتىق ئەيىبلەيدۇ، دەپ ئويلىغان بولسىمۇ، ئاتا - ئانىسى ئۇنى ۋە ئىككىنچى ئاچىسىنى باغرىغا مەھكەم بېسىپ يىغلاپتۇ. ئاندىن ئۇلار قىزلىرىنىڭ يېشىنى سۈرتىۋېتىپ ھېچ ئىش بولمىغاندەك كۈلكە - چاقچاق بىلەن پاراڭ سېلىشقا باشلاپتۇ.

شۇ ۋەقە بولۇپ ھازىرغىچە نەچچە يىل ئۆتۈپ كەتكەن بولسىمۇ، ئويلىمىغان يەردىن ئاتا - ئانىسى ھايات قالغان ئىككى قىزىغا، بولۇپمۇ كىچىك قىزىغا ناھايىتى يېقىملىق، مۇلايىم پوزىتسىيەدە بولۇپ كەپتۇ. ئاخىرى بىر كۈنى كىچىك قىز چىداپ تۇرالماي ئاتا - ئانىسىدىن:

— چوڭ ئاچام مېنىڭ قىزىل چىراقنى بۆسۈپ ئۆتۈشۈم سەۋەبلىك ئۆلۈپ كەتكەن، نېمىشقا مېنى ئەيىبلىمەيسىلەر، — دەپ سوراپتۇ.

ئاتا - ئانىسى ئۇنىڭغا مۇلايىملىق بىلەن مۇنداق دەپتۇ:

— چوڭ ئاچىڭىز بىزدىن ئايرىلدى، ھەر قانچە قىلساقمۇ ئورنىغا كەلمەيدۇ. ئەمما سىزنىڭ ھايات يولىڭىز تېخى ئۇزۇن، بىز سىزنى ئەيىبلىسەك، ئاچامنىڭ ئۆلۈشىگە مەن سەۋەب بولغان، دېگەن روھىي بېسىم تۈپەيلىدىن مۇكەممەل، ساغلام ۋە گۈزەل كېلەچىكىڭىزدىن مەھرۇم قېلىشىڭىز مۇمكىن. ئاچا - سىڭىل ئۈچىلىڭلار بىزنىڭ باغرىمىز، يەنە بىرىڭلاردىن ئايرىلىشقا بىز قانداقمۇ چىدايمىز؟

ئەزەلدىن ناھايىتى قەيسەر بۇ قىز بۇ گەپنى ئاڭلىغاندىن كېيىن قاتتىق يىغلاپ كېتىپتۇ.

## ھېكمەت

كىشىلىك يۈز بەرگەندىن كېيىن، جاۋابكار ۋەقەدىن ساۋاق ئېلىشى، ئۆچىنچى تەرەپ بولسا خاتا ئىش قىلغۇچىنى ئەيىب قىلىشى كېرەك، چۈنكى ئىشتىن كېيىنكى ئەيىبلەشنىڭ ھېچقانداق پايدىسى بولمايلا قالماستىن، بەلكى ئىشلارنى تېخىمۇ ئۇسال قىلىۋېتىشى مۇمكىن.

# 80. باشقىلارغا قانداق كۆيۈنۈش

مانخاتتاننىڭ نامراتلار رايونىدا ئولتۇرۇشلۇق ئافرىقا ئەۋلادىدىن بولغان بىر ئائىلە كىشىلىرى بولۇپ، نەچچە يىلنىڭ ئالدىدا ئۇلار تاسادىپىي 10 مىڭ دوللار ئۆمۈر سۇغۇرتا پۇلىغا ئېرىشىپتۇ. بۇ پۇل شۇ ھامان ئۆيدىكىلەرگە زور خۇشاللىق ۋە ئۈمىد ئېلىپ كەپتۇ، ئانا بۇ پۇل بىلەن نامراتلار رايونىدىن كۆچۈپ كېتىپ، شارائىتى تېخىمۇ ياخشىراق بىر جايغا ماكانلاشماق دەپتۇ؛ ئەقىللىق قىزى بۇ پۇل بىلەن تېببىي ئۇنىۋېرسىتېتتا ئوقۇپ، ئۆزىنى يىلدىن بۇيانقى دوختۇر بولۇش ئارزۇيۇمنى ئىشقا ئاشۇرسام دەپتۇ؛ ئەزەلدىن ياۋاش، كەم سۆز ئوغۇل ئاخىرىدا ھەممەيلەن رەت قىلالمايدىغان تەلەپنى ئوتتۇرىغا قويۇپتۇ: بۇ پۇل ئارقىلىق «دوستلىرى» بىلەن ھەمكارلىشىپ چوڭ ئىش قىلىپ پۈتۈن ئائىلىدىكىلەرنى باياشاتلىققا ئېرىشتۈرۈشنى ئۆتۈنۈپتۇ.

ئانا قايتا - قايتا ئويلىنىش ئارقىلىق پۇلنى ئوغلىغا بېرىپتۇ، چۈنكى ئۇ ئوغلىنىڭ مىجەزى بويىچە بۇنداق پۇرسەتكە ئېرىشىشىنىڭ ئىنتايىن قىيىنلىقىنى بىلىدىكەن. شۇغىنىسى نەتىجىدە ئوغلىنىڭ ھېلىقى «دوستلىرى» ئۇنىڭ پۇلىنى ئالداپ ئېلىۋالغاندىن كېيىن غايىب بولۇشۇپتۇ.

بىر مەزگىل ئۈمىدسىزلەنگەن يىگىت قاتتىق ئازابلىنىپتۇ، تۇرمۇشتىن ئۈمىدىنى ئۈزۈپتۇ. قىز بۇ ئىشتىن قاتتىق غەزەپلىنىپ، ئاكىسىنى كەچۈرگۈسىز گۇناھ ئۆتكۈزدى، ئۆزىنىڭ ۋە مېنىڭ ئارزۇ - ئۈمىدلىرىمنى يوققا چىقاردى، دەپ ئاكىسىنى بولمىغۇر سۆزلەر بىلەن ئەيىبلەپ، ئۇنىڭ يارامسىزلىقىنى قاتتىق كەمسىتىپتۇ.

قىز ئەيىبلەپ ھېرىپ توختىغاندىن كېيىن، جىمغىنە ئولتۇرغان ئانا بېشىنى كۆتۈرۈپ:
— قىزىم ئاكىڭىزغا كۆيۈنۈشىڭىز كېرەك، — دەپتۇ.
— نېمە؟ — ئاچچىقى كەلگەن قىز يەنە قايناپ كېتىپتۇ، — ئۇنىڭغا كۆيۈنمەنما؟ ئۇنىڭغا كۆيۈنگىدەك يېرى بارمىتى؟
— ئەگەر سىز مۇنداق دېسىڭىز، سىزنى بۇ ۋەقەدىن ھېچقانداق ساۋاقتا ئېرىشمەپتۇ دېمەي تۇرالمايمەن، — ئانا تەمكىنلىك بىلەن سۆزلەشكە باشلاپتۇ، — قىزىم، باشقىلارغا قانداق چاغدا كۆيۈنۈشنى بىلەمسىز؟ ئۇ ئىشنى پۈتتۈرۈپ نەتىجە قازانسا، باشقىلارنى ھۇزۇرلاندۇرۇپ ئىپتىخارلاندۇرسا، ئاندىن ئۇنىڭغا كۆيۈنەمدۇق؟
بۇ سۆزنى ئاڭلىغان قىز تۇرۇپلا قاپتۇ.
— ئەگەر ئۇنداق قىلسىڭىز، سىزنىڭ ئۇنىڭغا بولغان كۆيۈنۈشىڭىز ساختا بولغان بولمامدۇ، — ئانا قىزىنىڭ كۆزىگە قاراپ تۇرۇپ شۈبھىسىز ھالدا شۇنداق دەپتۇ.
— چۈشەندىم، ئانا — قىز تۇيۇقسىزلا كۆزلىرىگە لىق ياش ئالغان ھالدا جاۋاب بېرىپتۇ، — ھەقىقىي كۆيۈنۈش قارشى تەرەپنىڭ ئەڭ ئاجىز، ئىشەنچسىز ۋە قىيىنچىلىققا يولۇققان ۋاقتىدا بولۇشى كېرەككەن!
— بۇ ئىش سىزنىڭ ھاياتقا بولغان پوزىتسىيەڭىزنى ئاخىرى ئۆزگەرتتى، — دەپتۇ ئانا كۈلۈمسىرەپ تۇرۇپ، — ھازىرقى ھالىتىڭىز بىلەن چوڭ ئادەمگە ئوخشىدىڭىز، ئەمدى سىزنىڭ كەلگۈسىڭىزدىن ئەنسىرىمەيدىغان بولدۇم، — ئانا شۇنداق دەپلا قۇچىقىنى ئېچىپتۇ.
شۇندىن كېيىنكى نۇرغۇن يىللار مابەينىدە، ئانىسىنىڭ «چىن كۆيۈنۈش» ھەققىدىكى سۆزى قىزىغا باشتىن ـ ئاخىر تەسىر كۆرسىتىپتۇ. «چىن كۆيۈنۈش» نىڭ مەنىسىنى چۈشەنگەچكىلا قىز ئاخىرقى ھېسابتا كىشىلەرنىڭ ھۆرمىتىگە ۋە

ئالقىشقا سازاۋەر بولغان ياخشى دوختۇر بولۇپ يېتىشىپ چىقىپتۇ.

## ھېكمەت

كۆيۈنۈش ئادەمنىڭ ئىشلىرى ئوڭۇشلۇق، خاتىرجەم ۋە بەختىيارلىق ئىچىدە بولغان چېغىدا ئەمەس، بەلكى ئىرادىسى بوشاپ قالغان، قىيىنچىلىققا ئۇچرىغان چاغدا بولۇشى كېرەك، شۇنداق بولغاندا ئاندىن مۇھەببەت چىن بولغان بولىدۇ.

# 81. پەقەت سىزلا مەندىن ھوزۇرلىنىشنى بىلىسىز

باشلانغۇچتىن تارتىپلا ئاچياڭنىڭ نەتىجىسى ياخشى ئەمەس، بولۇپمۇ ماتېماتىكا نەتىجىسى ناچار ئىدى. ئۇچىنچى يىللىقتىكى چاغدا بىر كۇنى ماتېماتىكا ئوقۇتقۇچىسى ئۇنىڭ ئانىسىنى مەكتەپكە چاقىرتتى.

ئانىسى قايتىپ كەلگەندىن كېيىن ئاچياڭ ئانىسىغا قارىغىنىچە قورۇنۇپ تۇرۇپ سورىدى:

— ئانا، مۇئەللىم مېنى تىللىدىما؟

— تىللىمىدى، — ئانا ئوغلىنى قۇچاقلاپ مۇلايىملىق بىلەن ئۇنىڭ پېشانىسىگە پېشانىسىنى تەگكۈزۈپ سۆزىنى داۋام قىلدى، — مۇئەللىم سېنى ئۆگىنىشتە ئالغا باستى، كېيىنكى قېتىمدا چوقۇم تېخىمۇ ياخشى نەتىجىگە ئېرىشەلەيدۇ، — دېدى.

نەتىجىدە، كېيىنكى قېتىمقى ئىمتىھاندا شياۋ چياڭ راستتىنلا لاياقەتلىك بولدى. گەرچە باشقىلار بىلەن سېلىشتۇرغاندا ئۇ ئالغان 63 نومۇرنىڭ كارايىتى چاغلىق بولسىمۇ، ئۇ ئۆزىگە نىسبەتەن قىممەتلىك ئىلگىرىلەش ھېسابلىناتتى.

باشلانغۇچنى پۈتكۈزگەندە، ئانا - بالا ئىككىيلەن نەتىجىنى كۆرگىلى كېلىدۇ. ئاچياڭ ئىمتىھاندىن ئۆتەلمەسلىكىدىن ئەنسىرىگەچكە، بېشىنى كۆتۈرۈشكە جۈرئەت قىلالمايدۇ. ئويلىمىغان يەردىن مەكتەپ دەرۋازىسىدىن چىقىپلا ئانىسى ناھايىتى خۇشال ھالدا ئۇنى قۇچاقلاپ تۇرۇپ مۇنداق دەيدۇ:

— ئوغلۇم، ئىمتىھان نەتىجەڭ بەك ياخشى چىقىپتۇ، ئەمەلىي كۈچۈڭدىنمۇ يۇقىرى چىقىپتۇ. تولۇق ئوتتۇرىغا

ئىمتىھان بەرگەندە تېخىمۇ ياخشى نەتىجىگە ئېرىشىشىڭنى ئۈمىد قىلىمەن. ئەمەلىيەتتە ئاچياڭ ناھايىتى ئادەتتىكى بىر ئوتتۇرا مەكتەپكە ئۆتكەنىدى. ئۈچ يىلدىن كېيىن، تولۇقسىزنى پۈتتۈرۈش ئىمتىھانىدا ئاچياڭ خېلى يامان ئەمەس بولغان بىر تولۇق ئوتتۇرا مەكتەپكە ئۆتىدۇ ھەمدە نەتىجىسى سىنىپ بويىچە ئالدىنقى 10 نىڭ ئىچىگە، يەنى 9 يىلدىن بۇيانقى ئەڭ ياخشى نەتىجىگە ئېرىشىدۇ.

تولۇق بىرىنچى يىللىقنىڭ مەۋسۇملۇق ئىمتىھانىدىن كېيىن، ئوقۇتقۇچى ئاچياڭنىڭ ئانىسىنى مەكتەپكە چاقىرتىدۇ. قايتىپ كەلگەندىن كېيىن ئانىسى خۇشاللىق بىلەن ئاچياڭغا:

— ئوغلۇم، مۇئەللىم سېنى يوشۇرۇن كۈچى زور كەن، چوقۇم چىڭخۇا ئۇنىۋېرسىتېتىغا ئۆتەلەيدۇ، — دېدى.

ئەمەلىيەتتە ئۇنىڭ قولىدا ئوغلىنىڭ سىنىپ بويىچە ئاخىرىدىن سانىغاندا يەتتىنچى بولغانلىق نەتىجىسى بار ئىدى.

يەنە ئۈچ يىل ئۆتىدۇ، ئەينى چاغدىكى يارامسىز بالا بۈگۈنكى كۈندە مۆجىزە ياراتقانىدى، يەنى ئۇ چىڭخۇا ئۇنىۋېرسىتېتىغا ئۆتكەنىدى.

ئانىسى ھاياجان ئىچىدە ئوغلىنى تەبرىكلەپ، ئۇنىڭ كەلگۈسىدە يەنە چوقۇم چەت ئەلگە چىقىپ ئوقۇيالايدىغانلىقىنى ئېيتقاندا، ئاچياڭ يىغلاپ تاشلايدۇ. ئۇ ئانىسىنى قۇچاقلاپ تۇرۇپ مۇنداق دەيدۇ:

— ئانا، مەن سىزنىڭ مېنى دېڭىز بويىغا ئېلىپ چىققان چېغىڭىزدا ئېيتقان سۆزىڭىزنى ئېسىمدىن چىقارمىدىم. شۇ چاغدا ئىككىمىز دېڭىز ساھىلىدا ئولتۇرغانىدا. سىز دېڭىز بويىنى كۆرسىتىپ تۇرۇپ ماڭا: «دېڭىز بويىدىكى يېمەكلىك تالىشىپ يەۋاتقان قۇشلارنى كۆردۇڭمۇ، دېڭىز دولقۇنى ئۇرۇپ كەلگەندە بوز تورغاي چاققانلىق بىلەن ئۇچۇپ كېتەلەيدۇ، ئەمما چايكا كېلەڭسىزلىكىدىن پالاقشىپ قالىدۇ. ئەمما دېڭىزدىن ھالقىپ

ئۆتەلەيدىغىنى ئاخىرقى ھېسابتا يەنىلا چايكىدۇر، دېگەن ئىدىڭىز. مەن ئۆزۈمنىڭ ئەقىللىق ئەمەسلىكىمنى بىلىمەن، ئەمما سىز بولغاچقىلا مەن ھاياتىمدا ئەڭ ياخشى نەتىجە يارىتالىدىم، پەقەت سىزلا مەندىن ھۆزۈرلىنىشنى بىلىسىز!»

بۇنى ئاڭلاپ ئانا يىغلىدى، ئارقىدىن ئىنتايىن رازىمەنلىك بىلەن كۈلدى.

## ھېكمەت

بالىسىدىن ھۆزۈرلىنىشنى بىلىش ئاتا - ئانىنىڭ مەجبۇرىيىتى، شۇنداقلا ئانا مېھرىنىڭ مۆجىزە يارىتىشىنىڭ ئالدىنقى شەرتىدۇر. ئېسىڭىزدە بولسۇنكى: ھەر قانداق بالىدا چەكسىز يوشۇرۇن كۈچ بولىدۇ، ئانا مېھرى بولسا بالىنىڭ يوشۇرۇن كۈچىنى قېزىشتىكى ئەڭ ياخشى قورالدۇر. شۇڭا، بالا ئاجىز شارائىتتىكى چاغدا ئۇنى ئەيىبلىمەستىن، ئەكسىچە رىغبەتلەندۈرۈشىڭىز كېرەك.

## 82. بوقا بىلەن ئېلىشقۇچى باتۇر ۋە مۇھەببەت

ئىسپانىيەلىك گۈزەل قىز پوسىبي بوقا بىلەن ئېلىشقۇچى باتۇر يىگىت بىلەن مۇھەببەتلىشىپتۇ. مۇھەببەت مېۋىسىنى ئوغرىلىقچە يېيىشكەندىن كېيىن، ئىككىيلەن توي ۋاقتىنى پۈتۈشۈپتۇ، ئۇلار پەرشتىلەر بايرىمىدا ئۆتكۈزۈلىدىغان داڭلىق بوقا بىلەن ئېلىشىش مۇسابىقىسىدە ئۇتۇپ چىقىپ زور مۇكاپاتقا ئېرىشكەندىن كېيىن توينى ئۆتكۈزۈشنى كېلىشىپتۇ.

بۇ كۈن ئاخىر يېتىپ كەپتۇ، كۆرۈرمەنلەرنىڭ ئالقىش ساداسى ئىچىدە يىگىت مەيدانغا چۈشۈپتۇ. بىر قېتىم، ئىككى قېتىم... ئۇ پۈتۈن ۋۇجۇدى بىلەن كۈچتۈڭگۈر بوقا بىلەن ئېلىشىپتۇ، پوسىبي پۈتۈن دىققىتى بىلەن يىگىتكە تىكىلىپ جىددىيلەشكىنىچە ئۇنىڭ ئۇچۇن دۇئا قىلىپ ئولتۇرۇپتۇ. پۈتۈن بەدىنى قانغا بويالغان بوقا بەرداشلىق بېرەلمەي قاپتۇ، يىگىتنىڭ كۆڭلىدە كىچىككىنە ھاياجان پەيدا بوپتۇ، ئۇ غەلىبە قىلايلا دەپ قالغانىكەن. ئەپسۇس، ئويلىمىغان يەردىن ئۇ قولىدىكى شەمشەرنى پۇلاڭشىتىپ ئاخىرقى قېتىم بىر سانجىماقچى بولغاندا بىر كىچىك ئورەككە پۇتلىشىپ بەدىنى تەڭپۇڭلۇقىنى يوقىتىپتۇ، دەل مۇشۇ چاغدا غەزەپلەنگەن بوقا نەرە بىلەن يۈگۈرۈپ كېلىپ يىگىتنى ئۈسۈپتۇ، ئۇنىڭ نەشتەردەك مۈڭگۈزى يىگىتنىڭ يۈرىكىگە قادىلىپتۇ...

20 يىلدىن كېيىن، بوقا بىلەن ئېلىشقۇچى يەنە بىر يىگىت كىشىلەرنىڭ قەلبىدىكى باتۇرغا ئايلىنىپتۇ. بىر قېتىملىق مەملىكەتلىك بوقا بىلەن ئېلىشىش مۇسابىقىسىدە بۇ ياش قەھرىمان ئەڭ ئاخىرقى زور غەلىبىگە ئېرىشىپتۇ، كۆرۈرمەنلەر

قىزغىن ئالقىش ياڭرىتىپتۇ، 50 ياشلارغا بېرىپ قالغان بىر ئايال كۆزلىرىدىن تاراملاپ ياش تۆككىنىچە قوللىرىنى جۈپلەپ ئاسمانغا قارىغان هالدا ئۆز ـ ئۆزىگە:

ــ ئوغلىمىزنى كۆردىڭىزمۇ؟ ــ دەپ پىچىرلاپتۇ.

ئەسلىدە بۇ ئايال پوسىېي ئىدى. سەهنىدىكى باتۇر بولسا ئۇنىڭ هېلىقى بۇقا بىلەن ئېلىشقۇچى باتۇردىن بولغان ئوغلى ئىدى.

## هېكمەت

هەقىقىي مۇهەببەت گۈزەل قاشتېشىغا ئوخشايدۇ، يىللار ئۇنى بۇزالمايدۇ ۋە يىمىرەلمەيدۇ، بەلكى ئۇنى تېخىمۇ گۈزەل ۋە قىممەتلىك قىلىۋېتىدۇ. هەقىقىي مۇهەببەت زامان ۋە ماكاندىن هالقىپ ئۆتەلەيدۇ، گەرچە باقى ۋە پانىي ئىككى ئالەمدە بولسىمۇ، پەقەت كۆڭلىدە بىر ـ بىرىلا بولىدىكەن، كۆز ئالدىدىكى مەۋجۇدات مۇهەببەتنىڭ شاهىتى بولىدۇ.

# 83. يەنزىنىڭ توي قىلىشنى رەت قىلىشى

يەنزى ئەمىنىيە دەۋرىدىكى چى بەگلىكىنىڭ داڭلىق ۋەزىرى بولۇپ، ئۇنىڭ ئىستېداتى ئوردىدا ھەممىگە مەلۇم ئىدى، چى بېگى ئۆزىنىڭ ئارزۇلۇق قىزىغا يەنزىنى كۈيئوغۇللۇققا تاللايدۇ. تەڭداشسىز گۈزەل مەلىكىگە ئۆيلىنىش نۇرغۇن كىشىنىڭ ئارزۇ - خىيالى بولغىنى بىلەن، يەنزى بۇ ئىشتىن پەقەت خۇش بولمايدۇ، چۈنكى ئۇ تۇنجى خوتۇنى بىلەن مەڭگۈ بىرگە بولۇشقا ئەھدى قىلىشقانىدى.

ئۇيان - بۇيان ئويلاپ، يەنزى ئۆلۈمگە تەۋەككۇل قىلىپ بۇ توينى رەت قىلىش قارارىغا كېلىدۇ. شۇنىڭ بىلەن ئۇ چى بېگىنى ئۆيىگە مېھمانغا تەكلىپ قىلىدۇ، چى بېگى كەلگەندىن كېيىن، ئۇ ئايالىنى چى بېگىگە ھاراق قويۇپ بېرىشكە ئورۇنلاشتۇرىدۇ ھەمدە نەق مەيداندا قەستەن ئايالىغا بولغان كۆيۈمچانلىقى ۋە مېھرىنى ئىپادە قىلىدۇ. ئايالى چىقىپ كەتكەندىن كېيىن، چى بېگى مۇنداق دەيدۇ:

— ھەي، ۋەزىر ئەزەم، ئايالىڭىز قېرىپ سەتلىشىپ كېتىپتۇ، مېنىڭ گۈزەل قىزىم بىلەن سېلىشتۇرۇش مۇمكىن ئەمەسكەن.

يەنزىنىڭ كۆتكىنى دەل مۇشۇ گەپ بولغاچقا، دەرھال يۈكىنىپ تۇرۇپ ئېھتىرام بىلەن مۇنداق دەيدۇ:

— پېقىرنىڭ جاپا - مۇشەققەتنى بىرگە تارتىپ كەلگەن رەپىقەسى ھەقىقەتەن قېرىپ، سەتلىشىپ كەتتى، ئەمما ئۇ گۈزەللىكى بىلەن ياشلىقىنى ماڭا ئاتا قىلغانىدى، ئەمدىلىكتە ئۇنىڭدىن تانسام بولماسمىكىن، ئۇنىڭ ئۈستىگە نىكاھ دېگەن ئەسلىدىنلا ئەر بىلەن ئايال بىر - بىرىگە پۈتۈن ئۆمرىنى

بېغىشلايدىغان ئۆمۈرلۈك چوڭ ئىش، مەن ئۇنى ئەمرىمگە ئالغان ئىكەنمەن، ئۇ ماڭا ئامانەت دېگەن گەپ، يەنى ئۇنىڭغا ئۆمۈرلۈك ھەمراھ بولۇش قاراشقا ۋەدە بەرگەنگە ئوخشاش ئىش. ۋەدىگە ۋاپا قىلىش ھەر قانداق كىشى ئەمەل قىلىشقا تېگىشلىك ئەخلاقىي مىزان ھېسابلىنىدۇ، بەگ، ۋەزىر بولغانىكەنمىز، بۇ مىزانلارغا تېخىمۇ باش بولۇپ ئەمەل قىلىشىمىز كېرەك ئەمەسمۇ؟! شۇنىڭ ئۈچۈن پەرمانلىرىنى قايتۇرۇۋالغان بولسىلا، مەن ئايالىمغا بولغان ۋەدەمگە ئەمەل قىلسام.

شۇنداق قىلىپ يەنزى بۇ توينى رەت قىپتۇ.

## ھېكمەت

نىكاھ ئەر ـ خوتۇن ئىككىيلەن بىر ـ بىرىنى قارشى تەرەپكە ئۆمۈرلۈك ئامانەت قىلىدىغان چوڭ ئىش، نىكاھقا قەدەم قويغان ئىكەن، ھەر ئىككى تەرەپ يىللارنىڭ ئۆتۈشى بىلەن قېرىشتىن قەتئىينەزەر، قارشى تەرەپكە بولغان ۋەدىسىگە قەتئىي ئەمەل قىلىشى، قارشى تەرەپنىڭ قېرىشى، چىرايىنىڭ سەتلىشى تۈپەيلىدىن شاختىن ـ شاخقا قونۇپ يۈرمەسلىكى كېرەك.

## 84. تەڭداشسىز مۇھەببەت

ئامېرىكا كالىفورنىيە ئىشتاتى تىك قىياغا ياماشقۇچىلار كۇلۇبى ھېچقانداق قوغدىنىش سايمىنى يوق ئەھۋالدا تىك قىياغا ياماشقۇچى ھەۋەسكارلاردىن تەشكىللەنگەن تەشكىلات. بۇ تەشكىلاتنىڭ ئەڭ چوڭ قائىدىسى: ھەر قانچە خەتەرلىك بولۇشىدىن قەتئىينەزەر، ياماشقۇچى چوقۇم قۇرۇق قول بولۇشى، ھېچقانداق ياردەم سايمىنى ئىشلەتمەسلىكى كېرەك.

روفمان بىلەن ئايالى مورىياس بۇ كۇلۇبنىڭ سادىق ئەزالىرى بولۇپ، شۇ چاغدا ھەر ئىككىيلەن باشقا ئەزالار بىلەن بىرلىكتە تىك بىر قىياغا يامىشۋاتاتتى. بۇنداق رىقابەتكە كۆنۈپ قالغانلىقتىن بولسا كېرەك، ھەر ئىككىيلەن گويا باغ ئارا سەيلە قىلىۋاتقاندەك، شۇنداق ئازادە كۆرۈنەتتى. بىردەمدە بۇ ئىككىيلەن ئەڭ ئېگىزگە چىقىپ ھەممەيلەن بويۇن سوزۇشۇپ قارايدىغان مەنزىرىگە ئايلىنىشتى.

چەبدەس روفمان چوققىغا يېتەيلا دەپ قالغانىدى، تۆۋەندىكىلەر ئۇنىڭ ئۈچۈن ئىختىيارسىز چاۋاك چېلىپ ئالقىش ياڭرىتىشتى. دەل مۇشۇ چاغدا كېلىشمەسلىك يۈز بەردى، روفمان ئېچىنىشلىق بىر توۋلىدى ـ دە، تېيىلىپ چۈشۈپ كەتتى. ئۇ تېزلىكتە تاغدىن پەسكە غۇلىماقتا ئىدى، پەستە بولسا تېگى يوق ھاڭ. ئېرىنىڭ سول تەرەپ تۆۋەندىرەك ئورۇندا يامىشۋاتقان مورىياس بۇنىڭدىن قورقۇپ قېتىپ قالدى، ئەمما بىر سېكۇنتقىمۇ يەتمىگەن قىسقا دەقىقە ئىچىدە ئۇ كىشىنى ھەيران قالدۇرىدىغان ھەرىكەتنى قىلدى، ئۇ ئۆزىنى ئېتىپ چۈشۈپ كېتىۋاتقان ئېرىنى قۇچاقلىۋالدى، ئىككىيلەن مەھكەم قۇچاقلاشقىنىچە چوڭقۇر

جىلغىغا چۈشۈپ كېتىشتى...

بۇنى كۆرگەن ھەممە كىشى داڭ قېتىپ قېلىشتى، مورىياسىنىڭ ئېرىنى قۇچاقلىغاندىكى گۈزەل ھەرىكىتى فوتوگرافلار تەرىپىدىن تەڭداسسىز كىلاسسىك ئەسەر بولۇپ ساقلىنىپ قالدى.

## ھېكمەت

ھايات قەدىرلىك، ئەمما مۇھەببەت تېخىمۇ قىممەتلىكتۇر. ھەقىقىي مۇھەببەت يالغۇز گۈل، ئايدىڭ كېچە، شېرىن ـ شېكەر سۆز بىلەنلا پۈتمەستىن، بەلكى تەقدىر بىلەن چەمبەرچەس باغلانان بولۇپ، بالا ـ قازانىمۇ تەڭ تارتىش ھېسابلىنىدۇ. ھايات ـ ماماتلىقنى تاللاشتىن ئىبارەت دەقىقىدە ئۆز ھاياتىنى قۇربان قىلىش بەدىلىگە قارشى تەرەپنى قۇتقۇزغىلى بولمىسىمۇ، مۇھەببەتنى قۇتقۇزۇپ قالغىلى بولىدۇ.

# 85. ئايال پادىشاھنىڭ ئىشىك چېكىشى

ئەنگلىيەنىڭ ئايال پادىشاھى ۋىكتورىيە بىلەن ئېرى ئالبېرتنىڭ نىكاھىنى پۇقرالار بەختلىك نىكاھ، دەپ قاراپ كەلمەكتە. ئەمما ھەرقانچە تىنچ بولغان دېڭىز يۈزىدىمۇ ئاز - تولا دولقۇن بولماي قالمايدۇ، ھەرقانچە بەختلىك تۇرمۇشتىمۇ تەڭكەش بولمىغان ئاھاڭلار چىقىپ قالىدۇ، گەپ ئىككىيلەننىڭ ئۇنى قانداق تەڭشەپ كېتىشىگە باغلىق.

بىر قېتىم، ۋىكتورىيە كىچىككىنە بىر ئىش تۈپەيلىدىن ئېرى بىلەن دەتالاش قىلىپ خەلقئالەم ئالدىدا ئېرىنىڭ يۈزىنى سۆرۈن قىلىدۇ، ئالبېرت كەيپى ئۇچقان ھالدا ئۆيگە قايتىپ كېلىپ ھۇجرىنىڭ ئىشىكىنى ئېتىۋېلىپ سىرتقا چىقمايدۇ.

كەچتە ۋىكتورىيە قايتىپ كېلىپ ھۇجرا ئىشىكىنىڭ مەھكەم ئېتىكلىك تۇرغىنىنى كۆرۈپ ئىككىسىنىڭ قىزىرىشىپ قالغان ئىشى ئېسىگە كېلىدۇ. ئۆزىنىڭ توغرا قىلمىغانلىقىنى، ئۇنچىۋالا جاھىللىق قىلماسلىقى كېرەكلىكىنى بولۇپمۇ خەلقئالەم ئالدىدا ئېرىنىڭ يۈزىنى تۆككەنلىكىنىڭ توغرا بولمىغانلىقىنى ئويلاپ يېتىدۇ. ئەمما ئۇ تۇرۇپلا مەن دېگەن بۈيۈك بىرىتانىيە پادىشاھلىقىنىڭ پادىشاھى تۇرسام، ئۇنچىلىك ئاچچىقلىسام نېمە بولاتتى دەيدۇ - دە، ئىشىكنى چېكىپتۇ.

— كىم؟ — ئېرى ھۇجرىدا تۇرۇپ سوراپتۇ.

— ئايال پادىشاھ، — دەپتۇ ۋىكتورىيە ئۆزىنى چوڭ تۇتقان قىياپەتتە.

نەتىجىدە ئۆيدىن ھېچقانداق سادا چىقماپتۇ، ئىشىكمۇ ئېچىلماپتۇ. خېلى تۇرغاندىن كېيىن ۋىكتورىيە ئىشىكنى قايتا

چېكىشكە مەجبۇر بوپتۇ.
— كىم؟ — دەپتۇ ئالبېرت بۇرۇنقىدەكلا.
— ۋىكتورىيە، — دەپتۇ ۋىكتورىيە سەل ئازار يېگەن قىياپەتتە.
نەتىجىدە ئۆيدىن يەنىلا سادا چىقماپتۇ، ئىشىكمۇ ئېچىلماپتۇ، ۋىكتورىيە ئۈچىنچى قېتىم ئىشىكنى چېكىشكە مەجبۇر بوپتۇ.
— كىم؟
ۋىكتورىيە ئاۋازىنى سىلىقلاشتۇرۇپ مۇلايىملىق بىلەن:
— سىزنىڭ ئايالىڭىز، — دەپتۇ.
ئىشىك ئېچىلىپتۇ.

## ھېكمەت

نىكاھتا پەقەت تامامەن باراۋەر ئورۇندىكى ئەر ۋە خوتۇن بولىدۇ، پادىشاھ، پۇقرا ياكى خوجايىن بىلەن چاكار مەۋجۇت بولمايدۇ. پەقەت مۇشۇ نۇقتىنى چۈشەنگەندە ھەم بارلىق ئەمەل، تاجلارنى چۆرۈپ تاشلىغاندىلا، بەختلىك نىكاھنىڭ ئىشىكى ئۆلۈغ ئېچىلىدۇ.

## 86. ئۆزىنى ئىزدەش

ئىنتايىن گۈزەل مەنزىرىلىك ئېرىق بويىدا تاسادىپىي ئۇچرىشىپ قالغان ئىككى ياش بىر - بىرىنى بىر كۆرۈپلا ياخشى كۆرۈپ قېلىشىپتۇ، ئۆزئارا مۇھەببەت ئىزھار قىلىشقاندىن كېيىن قۇچاقلاشقىنىچە كېتىپ قاپتۇ.

بىر قانچە كۈندىن كېيىن، قىزچاق ئېرىق بويىغا يەنە كەپتۇ. ئۇ ئېرىق بويىدىكى قىيا تاشنىڭ ئۈستىگە چىقىپ ئولتۇرۇپ شەرققە قاراپ ئېقىۋاتقان ئېرىق سۈيىگە قارىغىنىچە چوڭقۇر ئويغا پېتىپتۇ، گۈزەل ھۆسنىدە گاڭگىراش ئالامەتلىرى كۆرۈلۈپتۇ.

— نېمە بولدىڭىز، گۈزەل قىز؟ قارىسام چوڭقۇر غەمگە پېتىپ كېتىپسىز، — دەپ سوراپتۇ بىر پەيلاسوپ كېلىپ.

— مەن بىر نەرسەمنى يوقىتىپ قويدۇم، — دەپتۇ قىز جاۋاب بېرىپ، — بىر نەچچە ئاينىڭ ئالدىدا مەن ئۇنىڭ بىلەن مۇشۇ ئېرىقنىڭ بويىدا ئۇچرىشىپ قالدىم ھەمدە بىر - بىرىمىزنى ياخشى كۆرۈشۈپ مۇھەببەتلەشتۇق. بىراق ئۇنى ياخشى كۆرۈپ قالغاندىن كېيىن ئۆزۈمنى يوقىتىپ قويدۇم. مەن ئۇنىڭ تۇرمۇشىدا ياشاپتىمەن، ئۇنىڭ ئالدىرىغىنىغا ئالدىراپ، ئۇنىڭ غېمى بىلەن غەمگە پېتىپتىمەن، ئۇ خۇش بولسا مەنمۇ شادلىنىپتىمەن، ئۇ قايغۇرسا مەنمۇ تەڭ قايغۇرۇپتىمەن. ئۇنى كۆرمىگەن چاغلىرىمدا ئەتراپىمدىكى ھەممە نەرسە ئۇنىڭ سىياقىدا كۆرۈنىدۇ، ئۇنى كۆرگەن چېغىمدا بولسا ئۇ بارلىقىمغا ئايلىنىدۇ. گويا ئۇنىڭ ئۈچۈن تۇغۇلغاندەك، ئۇنىڭ ئۈچۈنلا ئۆلىدىغاندەك قىلىمەن. مەن گاڭگىراپ قىلىۋاتىمەن، ئۆزۈمنىڭ زادى نەگە كەتكەنلىكىمنى بىلمەيۋاتىمەن، شۇڭا بۇ يەرگە كېلىپ

ئەسلىدىكى ئۆزۈمنى ئىزدەۋاتىمەن.

ئويلىمىغان يەردىن پەيلاسوپ قىزنىڭ گېپىنى ئاڭلاپ بولۇپ قاقاقلاپ كۈلۈپ كېتىپتۇ ـ دە، مۇنداق دەپتۇ:

ــ بۇنداق بولۇشى تەبىئىي قەدىرلىك قىزىم، مۇھەببەت پەيدا بولغاندا ئىككى ئادەم بىر گەۋدىگە ئايلىنىدۇ، ئۇ سىزنىڭ بارلىق بوشلۇقىڭىزنى ئىگىلەيدۇ، سىزمۇ ئۇنىڭ بارلىقىنى ئىگىلەيسىز. ئەگەر بۇنداق بولمىسا، سىلەر قانداقمۇ بىر ـ بىرىڭلارنى ياخشى كۆرسىلەر. شۇڭا، سىز بۇ يەرگە كەلمەي، ئۇنىڭ دۇنياسىغا كىرىپ ئۆزىڭىزنى ئىزدىشىڭىز كېرەك.

## ھېكمەت

مۇھەببەتلەشكەندىن كېيىن، سەندە مەن، مەندە سەن بولىدۇ. ئىككى ئادەمنىڭ مۇھەببىتى ئىككى دەريانىڭ بىر ـ بىرىگە قوشۇلۇشىغا ئوخشايدۇ، ئۇ بىر ـ بىرىنىڭ مۇھەببىتى ئىچىدە غايىب بولۇپ، يېڭى بىر گەۋدىگە ئايلىنىدۇ.

# 87. ئەگرى كېدىر

كانادادا غەلىتە بىر تاغ جىلغىسى بولۇپ، جىلغىنىڭ ئىككى باغرىدىكى ئۆسۈملۈكلەر ناھايىتى چوڭ پەرقلىق ئىكەن: غەربىي باغرىدا قارىغاي، ئارچا قاتارلىق ھەر خىل ئۆسۈملۈكلەر ئارىلىشىپ ئۆسكەن، شەرقىي باغرىدا بولسا پەقەت كېدىرلا بار ئىكەن. بۇ ئەھۋال كۆپ كىشىلەرنىڭ، بولۇپمۇ ئۆسۈملۈكشۇناسلارنىڭ دىققىتىنى ئۆزىگە تارتىپتۇ، ئەمما ئۇلار ھەر قانچە قىلىپمۇ بىرەر نەتىجىگە ئېرىشەلمەپتۇ.

نىكاھى بەربات بولايلا دەپ قالغان بىر جۈپ ئەر ـ خوتۇن ئەينى چاغدىكى مۇھەببەتلىك ھاياتىنى ئەسلەش، ئاندىن جىمجىت ئايرىلىپ كېتىش مەقسىتىدە بۇ يەرگە كېلىشىپتۇ ئويلىمىغان يەردىن ئۇلار ئەمدىلا جىلغىغا يېتىپ كېلىشىگە قاتتىق قار يېغىپ، بىردەمنىڭ ئىچىدىلا تاغ جىلغىسى ئاق لىباسقا پۈركىنىپتۇ. ئۇلار ئامالسىز بىر تۇزرەك جايغا چېدىر تىكىپ قاردىن دالدىلىنىپتۇ. چېدىر ئىچىدىن سىرتقا قاراپ ھەر ئىككىيلەن تەڭلا بىر ھادىسىنى بايقاپتۇ: تاغ جىلغىسىنىڭ يەر شەكلى سەۋەبلىك شامال قارنىڭ كۆپ قىسمىنى شەرقىي يان باغرىغا ئۇچۇرتۇپ ئاپىرىپ قويۇپتۇ. بۇ ئەھۋالدا كېدىرلار قارشى تەرەپتىكى ئارچىلارغا قارىغاندا تېخىمۇ زور بېسىمغا ئۇچرايدىكەن، ئەمما قارلار يىغىلىپ مەلۇم قېلىنلىققا يېتىپ كېدىر شاخلىرى ئېگىلىپ سۇنۇپ كېتەي دەپ قالغاندا، ئېلاستىكلىقى كۈچلۈك كېدىر شاخلىرى پەسكە ئېگىلىدىكەن ـ دە، ئۈستىدىكى قارلار چۈشۈپ كېتىدىكەن.

— شەرقىي يان باغرىدىمۇ چوقۇم باشقا دەرەخ ۋە ئۆسۈملۈكلەر

ئۆسكەن، پەقەت ئۆلارنىڭ شاخلىرى بەك قاتتىق بولغاچقا، ئېگىلەلمەي ھەممىسى قارنىڭ بېسىمىدا سۇنۇپ تۇگىگەن گەپ، — دەپتۇ ئايالى ئىختىيارسىز.

تۇيۇقسىز ئىككىيلەن بۇ سۆزدىن داڭ قېتىپ قېلىشىپتۇ، بۇ ئۆلارنىڭ جىلغىنىڭ ئىككى قاسىنىقىدىكى سىرنى بىلىۋالغانلىقىدىن بولماستىن، بەلكى نىكاھنى داۋاملاشتۇرۇشنىڭ سىرىنى بايقىغانلىقىدىن بولغانىدى.

## ھېكمەت

بىر - بىرىگە تامامەن ئوخشىمايدىغان ئىككى ئادەم بىرلىكتە تۇرمۇش كەچۈرگەندە، ئۇششاق سۇركىلىش كۆرۈلۈپ تۇرىدۇ، كەڭ قورساق بولسا ۋە ئازراق باش ئېگىپ قويسا، نىكاھتىن ئىبارەت دەرەخنىڭ داۋاملىق ياپيېشىل تۇرۇشىغا كاپالەتلىك قىلغىلى بولىدۇ. مۇبادا ھەمىشە غادىيىۋالسا، باشقىلارنى چارچىتىۋېتىدۇ - دە، ئۆزىمۇ ئاخىرقى ھېسابتا سۇنۇپ كېتىشى مۇمكىن.

## 88. مۇھەببەت قۇمغا ئوخشايدۇ

ياتلىق بولۇش ئالدىدا تۇرغان گۈزەل قىزچاق جورىسىنىڭ ئۆزىنى مۇھەببەتلەشكەن چاغدىكىدەك مەڭگۈ قەدىرلىشىنى، ئايىشنى ھەمدە تاكى قېرىپ ئۆلگىچە ئۆزىدىن ئايرىلماسلىقىنى ئارزۇ قىلىدىكەن.

تويىنىڭ ئالدىنقى كۈنى كەچتە، قىز ئانىسى بىلەن مۇھەببەت توغرۇلۇق پاراڭلىشىپتۇ:

— ئانا، ئۇ ماڭا ئاداققىچە ھازىرقىدەك ياخشى قارارمۇ؟ — دەپتۇ.

— بۇ پۈتۈنلەي ئۆزۈڭنىڭ ئىدارە قىلىشىڭغا باغلىق قىزىم، — دەپتۇ ئانىسى مۇلايىملىق بىلەن كۈلۈپ تۇرۇپ.

— شۇڭىنىسى مۇھەببەت دېگەن ئايغا ئوخشايدىكەن، ھېلى ئايدىڭ، ھېلى تۇتۇق، ھېلى ھىلال، ھېلى تولۇن تۇرسا، مەن قانداقمۇ ئىدارە قىلالايمەن؟ — ئانىسى بىلەن دادىسىنىڭ ئەزەلدىن ياخشى ئۆتۈۋاتقانلىقىنى ئويلىغان قىز ئانىسىدىن يەنە سوراپتۇ:

— ئانا، دادام ئىككىڭلار ئەزەلدىن ناھايىتى ياخشى ئۆتۈۋاتىسىلەر، بۇنىڭدىكى سىرنى ماڭا ئېيتىپ بېرەلەمسىز؟ — سىز قانداق قىلىپ دادام بىلەن شۇنداق ياخشى ئۆتەلىدىڭىز؟

ئانا سەل ئويلىنىۋېلىپ دەپتۇ:

— بەك چىڭ سىقىۋەتمەسلىك كېرەك.

— نېمە؟ — تازا چۈشىنەلمىگەن قىز يەنە سوراپتۇ، — چىڭ تۇتمىسا قاچامدۇ؟

ئانىسى كۈلۈپ كېتىپ يەردىن بىر سىقىم قۇمنى ئېلىپ

تۇرۇپ دەپتۇ:

— ئىككى ئادەمنىڭ مۇھەببىتى مۇشۇ بىر سىقىم قۇمغا ئوخشايدۇ، قارا، ئۇنى بوشراق تۇتساڭ، قۇم قولۇڭدا يۇمىلاق، لىق پېتى جىم تۇرىدۇ، چېچىلىپ كەتمەيدۇ. ئەگەر ئۇنى چىڭراق سىقساڭچۇ؟ — ئۇ شۇنداق دەپ قولىنى چىڭ سىقىۋېدى، ئۇششاق قۇم دانىچىلىرى بارماقلىرى ئارىسىدىن سىرغىپ چۈشۈشكە باشلىدى، — ئەمدى قارىغىنا، — ئانىسى قولىنى ئاچتى.

قولىدىكى لىق قۇمنىڭ يېرىمىلا قالغانىدى ھەممە سىقىلىپ شەكلىمۇ ئۆزگىرىپ كەتكەن، ئەسلىدىكى يۇمشاق، لىق ھالىتىدىن ئەسەر يوق ئىدى. بۇنى كۆرۈپ قىزى ھەممىنى چۈشىنىپتۇ.

## ھېكمەت

مۇھەببەت قۇمغا ئوخشايدۇ، ئۇنى قاتتىق سىقىمدىغانسېرى ئۇ ئاسان سىرغىپ كېتىدۇ. بەلگىلىك كەڭ قورساقلىق ۋە چۈشىنىش بولغاندا ھەممە قارشى تەرەپكە يېتەرلىك پائالىيەت بوشلۇقى بەرگەندىلا، مۇھەببەتلىك تۇرمۇش تېخىمۇ گۈزەل ۋە قانائەتلىنەرلىك بولىدۇ.

# 89. قول تۇتۇش

قىز يىگىتنىڭ مۇھەببىتىنى يېتەرلىك ئەمەس، دەپ قارايتتى، چۈنكى يىگىت قىزغا بىرەر قېتىممۇ شېرىن ـ شېكەر سۆزلەرنى قىلىپ باقمىغان، بىرەر قېتىم ھەتتا ئاشىق ـ مەشۇقلار بايرىمىدىمۇ گۈل سوۋغا قىلىپ باقمىغان ئىدى. قىز ئۆزىنىڭ رومانتىك يىگىتلەرنى خالايدىغانلىقىنى بىلىپ، يىگىتتىن ئايرىلىپ كېتىش قارارىغا كەلدى. ئايرىلىش كۈنىنى ئۆزىنىڭ تۇغۇلغان كۈنىگە توغرىلىدى.

بۇ كۈن ئاخىر يېتىپ كەلدى، قىز قىلچە ئىككىلەنمەيلا ئۆزىنىڭ بۇ تەلىپىنى ئوتتۇرىغا قويدى، يىگىت جاۋاب بەرمىدى، پەقەت بۇگۈنكى تۇغۇلغان كۈنىڭىزنى سىزگە ھەمراھ بولۇپ ئۆتكۈزەي، دېگەن تەلەپنى قويدى، قىز ماقۇل بولدى.

چۈشتىن كېيىن، ئۇلار بىرلىكتە كىيىم ـ كېچەك سېتىۋېلىشقا باردى، قىز كۆڭلىدىكى نارازىلىقىنى تۈگىتىش ئۈچۈن بىرمۇنچە كىيىم ـ كېچەك سېتىۋالدى، يىگىت ئۇ سېتىۋالغان كىيىملەرنى كۆتۈرۈپ ماڭدى. ئۇنىڭ بىلەك تومۇرلىرىنىڭ چىڭقىلىپ كېتىشىدىن قارىغاندا نەرسە ـ كېرەكلەر خېلى ئېغىر ئىدى، ئەمما يىگىت بىر ئېغىزمۇ گەپ قىلماستىن، قىزنىڭ كەينىدىن ئەگىشىپ كېلىۋاتاتتى.

يولدىن كېسىپ ئۆتىدىغان چاغ دەل قاتناش قىستاڭچىلىقى مەزگىلىگە توغرا كەلدى، يىگىت قولىدىكى نەرسىلەرنىڭ ھەممىنى بىر قولىغا يىغدى ـ دە، بىر قولىدا قىزنى يېتىلىۋالدى. ئويلىمىغان يەردىن بۇ كىچىككىنە ئىش قىزنى تەسىرلەندۈردى، قىز يىگىتنىڭ ئېغىر نەرسىلەرنى كۆتۈرگەن

قولىنىڭ قىزىرىپ كەتكەنلىكىنى، بىر قولىدا ئۆزىنى مەھكەم يېتىلىۋالغانلىقىنى كۆرۈپ كۆزلىرى نەملەشتى.

يولىنىڭ قارشىسىغا ئۆتكەندىن كېيىن، يىگىت بىر قولىدىكى نەرسىلەرنى ئىككى قولىغا بۆلۈۋاتقاندا، ئويلىمىغان يەردىن قىز ئۇنىڭدىن سورىدى:

— تويىمىزنى قاچان قىلىمىز؟

## ھېكمەت

شېرىن - شېكەر سۆز، قىزىل گۈل، سوۋغاتلار مۇھەببەتنىڭ شەكىللىرى بولۇپ، ھەرگىزمۇ مۇھەببەتنىڭ بەلگىسى بولالمايدۇ. چۈنكى، ئەڭ چىن، ئەڭ ھەقىقىي مۇھەببەت دائىم كۆزگە چېلىقمايدىغان ئۇششاق ئىشلاردا گەۋدىلىنىدۇ. يىگىتنىڭ ئېغىر نەرسە - كېرەكلەرنى بىر قولىغا ئېلىۋېلىشى پەقەت بىر قولى بىلەن سىزگە بىخەتەرلىك تۇيغۇسى ئاتا قىلىشنى مەقسەت قىلغان، بۇ يىگىت دەل سىزنىڭ بارلىقىڭىزنى ئاتىشىڭىزغا ئەرزىيدىغان يىگىتتۇر.

## 90. مۇھەببەتنىڭ سىرى

بىر بوۋاي كۆز يۇمۇشتىن بۇرۇن مومىيىنىڭ قولىنى تۇتۇپ مۇنداق دەپتۇ:

— مەن سىزگە مۇھەببەت توغرىسىدىكى بىر سىرنى ئېيتىپ بېرەي، قەلبىمدىكى بۇ سىر ئۇزۇن يىللاردىن بېرى مېنى قىيناپ، تۇرمۇشۇمنى تىنچسىزلاندۇرۇپ، ۋىجدانىمنى ئازابلاپ كەلدى.

ھەمرىيى كۈلۈپ كەتتى، چىرايى گۈلدەك ئېچىلغىنىچە:

— سىز چى شۇەنىنىڭ ئىشىنى دېمەيدىغانسىز؟ — دېدى.

بوۋاي ھەيران بولۇپ كۆزلىرىنى چەكچەيتكىنىچە:

— سىز قانداق بىلدىڭىز؟ قاچان بىلگەنتىڭىز؟ — دېدى.

موماي يەنىلا كۈلۈپ تۇرۇپ:

— 20 نەچچە يىل بۇرۇنلا بىلگەنتىم، كىيىمىڭىزنى يۇيغاندا يانچۇقىڭىزدىن شۇ خەتنى كۆرگەنتىم. بوۋاي پېشانىسىگە ياقىدە بىرنى قويۇپ:

— ئۇنداقتا مەندىن نەپرەتلىنەمسىز؟ — دېدى.

موماي بوۋىيىغا جىمغىنە قاراپ تۇرغاندىن كېيىن دېدى:

— راست گېپىمنى ئاڭلاشنى خالىسىڭىز، سىزگە ئېيتىپ بېرەي، مەن سىزدىن نەپرەتلەنمىدىم، قىلچىلىك نەپرەتلەنمىدىم. ھازىر ئۇ خەتتىكى چى شۇەن دېگەن ئىسىمدىن باشقا ھېچنەرسە ئېسىمدە قالمىدى، ئەمما ئىككىمىز ئارىسىدىكى ھەر قانداق ئىشلار ئېسىمدە ئېنىق تۇرۇپتۇ. ئېسىمدە قېلىشىچە، قىزىمىزنى تۇغقان چېغىمدا قورسىقىم ئۇزۇنغىچە قويۇپ بەرمەي مۇجۇپ ئاغرىغانىدى، سىز بىر ئەر كىشى تۇرۇپ كېچىسى چىراق يورۇقىدا ماڭا ئالدى ئەستەرلەنگەن كالتە ئىشتان تىكىپ بەرگەن ئىدىڭىز:

يەنە بىر قېتىم قاتتىق يامغۇر ياغقاندا مەن يامغۇرلۇق ئېلىشۋالماپتىكەنمەن، شۇڭا يامغۇر توختىغاندىن كېيىن ئاندىن ئىشتىن چۈشكەنىدىم، زاۋۇتنىڭ ئىشىكىدىن چىقسام سىز مېنى ساقلاپ تۇرۇپسىز، ئۇستىڭىزدىكى ھۆل بولۇپ كېتىپتۇ: چىشىم چۈشۈپ كەتكەندىن كېيىن، سىز بىرەر قېتىممۇ ئۆزىڭىز ياخشى كۆرىدىغان تىيەنجىن ماخۇاسى ئېلىپ يەپ باقمىدىڭىز، يەنە تېخى...

موماي شۇنىڭغا دىققەت قىلمىدىكى، بوۋاي مەڭگۈلۈك كۆزىنى يۇمغانىدى، ئۇنىڭ چىرايى كۈلۈمسىرەپ تۇراتتى.

## ھېكمەت

دۇنيادىكى ھەر قانداق ئادەم ۋە ئىشلار نۇقسانسىز، مۇكەممەل بولمايدۇ، نىكاھمۇ شۇنىڭ ئىچىدە. نەزەرنى قۇياشنىڭ كىچىككىنە دېغىغا ئەمەس، ئۇنىڭ ھارارەتلىك نۇرىغا قويۇش بىر ئۆمۈر بەختلىك ئۆتۈشتىكى ئەڭ چوڭ ئاچقۇچتۇر.

## 91. ماجياڭچى ليۇنىڭ قىماردىن قول ئۈزۈشى

ماجياڭچى ليۇنىڭ ئەسلى ئىسمى ليۇ خېڭ ئىدى، ئۇ ماجياڭ ئويناشقا ناھايىتى خۇشتار بولغاچقا، مۇشۇ لەقەم قويۇلۇپ قالغان. ماجياڭدا ئۇتسىلا ئۇنىڭ گۇلقەقەلىرى ئېچىلىپ كېتىدىكەن، ئۇتتۇرۇپ قويسا باشلىرى چۈشۈپ، ئۆزىنى يوقىتىپ قويىدىكەن، ئۇنىڭ چېۋەر ئايالى ئۇنىڭغا نەسىھەت قىلماقچى بوپتۇ. ئەلۋەتتە ئەقىللىق ئايالى شاۋچۈن ئېرىنىڭ قىمار ئويىنىغانلىقىغا ئاچچىقى كەلسىمۇ، ئۇدۇلمۇئۇدۇل قارشى تۇرۇشقا بولمايدىغانلىقىنى چۈشىنىدىكەن، شۇڭا ئۇ ناھايىتى مۇلايىملىق بىلەن ئېرىغا مۇنداق دەپتۇ:

— ئەمەلىيەتتە كۆڭلىڭىزنى يېرىم قىلىشىڭىزنىڭ ھاجىتى يوق ئىدى.

— نەچچە مىڭ يۈەن ئۇتتۇرۇۋەتكەن تۇرسام، — دەپتۇ ئېرى غۇدۇراپ.

— سىز نېمىشقا ئۇتتۇرۇۋەتتىم دەپ قارايسىز؟ بۇ پۇلنى خەجلىۋەتتىم، دەپ قارىسىڭىز بولىدىغۇ! مۇبادا ماجياڭ ئويناشنى قىمار دەپ قارىسىڭىز، ئۆز خاتالىقىڭىزدىن پۇشايمان قىلىپ يۈرىسىز، ئەگەر ئۇنى بىر كۆڭۈل ئېچىش دەپ قاراپ، بىرگە ئويناشقا ئۈچ ئادەمنى پۇل بېرىپ سېتىۋالدىم، دەپ قارىسىڭىز، بىئارام بولمايسىز ئەمەسمۇ؟ — دەپتۇ شاۋچۈن.

شياۋليۇ بېشىنى كۆتۈرۈپ ئايالىغا قاراپ قويىدى، ئۇ بىر ئىشنى خىيال قىلىۋاتقاندەك قىلاتتى. شاۋچۈن كۈلۈپ تۇرۇپ سۆزىنى داۋاملاشتۇردى:

— ماجياڭ ئويناش خۇددى بولىك توپ ئويناش، كارائوك

ئىپتىشقا ئوخشاشلا كۆڭۈل ئېچىش ئويۇنى. بىلىشىڭىز كېرەككى، پۇل خەجلىمەيدىغان ئويۇن بولمايدۇ. شۇڭا پۇل ئۇتتۇرۇشنى نورمال چىقىم دەپ، پۇل ئۇتتۇۋېلىشنى ئۆزىچە كەلگەن ئامەت دەپ قارىسىڭىز بولىدۇ. ھەممىگە مەلۇمكى، ئامەت كېلىشۈرگەن بىلەن ھامان چوڭ زىيان تارتىدىغان ئىش بولماي قالمايدۇ. شۇڭا بۇ ئامەتكە قول ئۇزارتمىسىڭىزلا بولىدۇ ئەمەسمۇ؟!

شۇنداق قىلىپ، ئۇزۇن ئۆتمەيلا قىمار خۇمار شياۋليۇ بۇ يامان ئادىتىدىن قاپتۇ.

## ھېكمەت

ھەر قانداق كۆڭۈل ئېچىش پائالىيىتىنىڭ چېكى بولىدۇ، مۇبادا بۇ چەك سىرتقى كۈچ تەرىپىدىن مەجبۇرىي تېڭىلسا، ئادەمدە قارشىلىق پىسخىكىسى پەيدا بولىدۇ. شۇنىڭ ئۈچۈن، ئۇنىڭغا ئەزۋەيلەپ كەتمەي، كەڭ قورساقلىق بىلەن مۇئامىلە قىلىپ، ئۆز قىلمىشىنى تەپسىلىي كۆزەتكۈزۈپ، قارشىلىقنى ئىچكى جەھەتتىن يىمىرىپ تاشلىغان ئەلا.

## 92. ئىككى ئايالنىڭ نىكاھى

ياۋ لى، لى رۇ ئىككىسى يۇرتداش ھەم ياخشى دوستلاردىن بولۇپ، ئۇنىڭ ئۇستىگە ساۋاقداش ئىكەن. ئۇلار مۇھەببەتلەشكەن ئىككى يىگىتمۇ ياخشى دوستلاردىن ئىكەن. ئىككى قىزنىڭ ئالدىنقى ئۆمرى مانا مۇشۇنداق ناھايىتى ئوخشاشلىقتا ئۆتۈپتۇ، ئەمما كېيىنكى ئۆمرىمۇ مۇشۇنداق ئۆتەرمۇ؟

ياۋ لى سىستېرا بولۇپ، تازىلىققا بەك ئەھمىيەت بېرىدىكەن، مەيلى قىش ياكى ياز بولسۇن، ھەر كۈنى كەچتە ئۇخلاشتىن بۇرۇن چوقۇم يۇيۇنۇپ ئاندىن ياتىدىكەن، ئۇنىڭ ئۇستىگە ئۆزىلا يۇيۇنۇپ قالماستىن، ئېرىنىڭمۇ يۇيۇنۇشىنى تەلەپ قىلىدىكەن. ئۇنىڭ ئېرى بىناكار بولۇپ، ھەر كۈنى ناھايىتى ئالدىراش، جاپالىق ئىشلىگەچكە، كېچە سائەت 12 دىن بۇرۇن قايتىپ كېلەلمەيدىكەن، شۇڭا دەرمانى، ۋاقتى ۋە مىجەزى سەۋەبلىك ھەر كۈنى يۇيۇنۇشنى خالىمايدىكەن. بىراق ياۋ لى ھەر كۈنى چىڭ تۇرۇۋېلىپ، يۇيۇنمىسا ھۇجرىغا كىرگۈزمەيدىكەن. بىر يىلدىن كېيىن ئېرى بۇ ئىشقا پەقەت چىديالماي بىر - بىرىنى ياخشى كۆرۈپ تۇرسىمۇ ئاجرىشىش تەلىپىنى قويۇپتۇ.

ئۇنداقتا لى رۇچۇ؟ لى رۇنىڭ تۇرمۇشى ناھايىتى بەختلىك ئىكەن. ئۇ ئېرى بىلەن پەقەت گەپ تالىشىپ قالمامدىغاندۇ؟ ئۇنداق ئەمەس. ئۇنىڭ ئېرىنىڭ ئالمىنى نەچچە رەت يۇيۇۋەتسىمۇ، پوستىدا دېھقانچىلىق دورىسىنىڭ قالدۇقى بار، دەپ پوستىنى ئاقلىۋېتىپ ئاندىن يەيدىغان مىجەزى بار ئىكەن. لى رۇ بۇنى ئىسراپچىلىق دەپ قاراپ، ئېرى بىلەن بىر نەچچە رەت دېيىشىپ قاپتۇ، بۇنىڭ ئۇنۇمى بولمىغاندىن كېيىن، ئۇ ئۇسۇلنى

ئۆزگەرتىپتۇ — ئارتۇقچە ئويلىمىغاچقا، ئېرى ئاقلىۋەتكەن ئالمىنىڭ پوستىنى يەۋېتىش قارارىغا كەپتۇ، بۇنداق قىلسام ئۇرۇشمايمىز ھەم ئىسراپچىلىق بولمايدۇ، دەپ ئويلاپتۇ. شۇنداق قىلىپ ئۇلار ئىجىل ـ ئىناق ئۆتۈپتۇ. قارىغاندا نىكاھ مۇھەببەتنى تاللاش بولماستىن، بەلكى تۇرمۇش ئۇسۇلىنى تاللاش ئوخشايدۇ. بۇ تەرىپىنى چۈشەنمەيدىغانلار مەڭگۈ بەختلىك ئۆتەلمەيدۇ، ئەلۋەتتە.

### ھېكمەت

نىكاھنىڭ قۇرۇلۇشى مۇھەببەتنى مەنبە قىلغان بىلەن، ئۇنىڭ بۇزۇلۇشى مۇھەببەتنىڭ يوقالغانلىقىدىن بولۇشى ناتايىن، نىكاھنى ساقلاپ تۇرىدىغان ۋاستە مۇھەببەت بولۇپلا قالماستىن، يەنە ئەڭ مۇھىمى، ئۆزىنى ئۆزگەرتىش ۋە قارشى تەرەپكە كەڭ قورساق بولۇشتۇر.

## 93. مارىنىڭ نارازىلىقى

مارىنىڭ لېۋىنگە تەگكىنىگە 30 يىل بولاي دەپ قالدى. توي قىلغاندىن بۇيا لېۋىن ئۇنىڭ قىزىل گۈلنى ياخشى كۆرىدىغانلىقىنى بىلسىمۇ، ئۇنىڭغا قىزىل گۈل سوۋغا قىلىپ باقمىدى. ئۇ ئائىلە ئايالىلىق مەجبۇرىيىتىنى بەجانىدىللىق بىلەن ئادا قىلىپ، بۇ ئائىلىنى شۇنداق ئىللىقلىق بىلەن تۇتۇپ كېلىۋاتقان بولسىمۇ، لېۋىن ئەزەلدىن بىر ئېغىز رەھمەت سۆزى ئېيتىپ باقمىدى. مۇشۇنداق بولۇۋەرگەندىن كېيىن، مارى ئۆزىگە لىللا مۇئامىلە قىلىنمىغاندەك ھېس قىلدى.

ئاخىرى ئۇ چىدىيالماي ئېرىغا مۇنداق دېدى:

— لېۋىن، مۇشۇنداق كېتىۋېرىدىغان بولسام مەن چارچاپ ئۆلىدىغان ئوخشايمەن.

لېۋىن ئۇنىڭغا بىر قارىۋېتىپ دېدى:

— ئۇنداق بولمايدۇ مارى، سىز چوقۇم ئۇزۇن ئۆمۈر كۆرىسىز.

— كۆڭلىرىم كۆڭۈللۈك ئۆتمىسە، ئۇزۇن ئۆمۈر كۆرگىنىمنىڭ نېمە ئەھمىيىتى بولسۇن؟!

— مارى، نېمە بولدىڭىز؟ — دەپ سورىدى لېۋىن ھەيران بولغان ھالدا.

— مەن ئۆلگەندە تەزىيە بىلدۈرۈش يۈزىسىدىن بولسىمۇ بىرەر دەستە قىزىل گۈل سوۋغا قىلارسىزمۇ؟ — دېدى مارى دومسىيىپ.

— چوقۇم سوۋغا قىلىمەن، — دەپ جاۋاب بەردى لېۋىن.

— ئەپسۇسلىنارلىقى ئۇ چاغدا قانچە كۆپ قىزىل گۈل تەقدىم قىلسىڭىزمۇ ماڭا ھېچ ئەھمىيىتى قالمايدۇ. مۇبادا ھازىر شۇ گۈللەرنى سوۋغا قىلغان بولسىڭىز، ئۇنىڭ ماڭا قىممىتى تېخىمۇ

زور بولاتتى، ــ دېدى بوشقىنا.

لېۋىن مارىنىڭ مەقسىتىنى چۈشەنگەندەك بولدى. ئىككىنچى كۈنى مارىنىڭ ئۈستىلى ئۈستىدە يوغان بىر دەستە قىزىل گۈل تۇراتتى. مارىنىڭ چىرايىمۇ گۈلدەك ئېچىلىپ كەتتى. تۇرمۇشتا سىزمۇ لېۋىندەك خاتالىق ئۆتكۈزدىڭىزمۇ؟

## هېكمەت

ھەر كۈنى نۇرغۇن كىشى «ئانامنىڭ ئۆلۈشىنى بىلگەم بولسام، بىر تاۋاق كېپەككە سېتىۋالغان بولاتتىم» دەپ ۋايسىشىدۇ، ئەمما دۇنيادا پۇشايماننىڭ دورىسى يوق. بۇنىڭدا پەقەت ئۆز رەھمىتى ۋە مۇھەببىتىنى ۋاقتىدا ئىپادە قىلىشلا كۇپايە قىلىدۇ.

# 94. مەكتەپ گېزىتىنىڭ مۇھەررىرى

ئۇ ئالىي مەكتەپكە كىرىپ ئەمدىلا 10 كۈن بولغاندا، ئائىلىسىدىن شۇم خەۋەر كەلدى، مىسلى كۆرۈلمىگەن تەيفېڭ بورىنى ئۇنىڭ ئاتا ـ ئانىسىنىڭ جېنىغا زامىن بولدۇ، ئۆيلىرىمۇ پۈتۈنلەي ئۆرۈلۈپ كېتىدۇ. شۇندىن ئېتىبارەن ئۇ تۇرمۇش خىراجىتىدىن پۈتۈنلەي ئۈزۈلىدۇ.

ئاتا ـ ئانىسىغا يىغلاپ ھازا تۇتۇپ بولغاندىن كېيىن، ئۇ مەكتەپتىن چېكىنىشكە ئىلتىماس سۇنىدۇ، چۈنكى ئۇ داۋاملىق ئوقۇشقا ئامالسىز ئىدى، ئائىلىسىنىڭ ئۈچ مودىن ئارتۇق تېرىلغۇ يېرى بۇزۇلمىغان بولۇپ، ئۇنىڭ تېرىشىغا قاراشلىق ئىدى.

ئوقۇتقۇچىسى بۇ قىزغا ئىچى ئاغرىپ، تۇيۇقسىز ئۇنىڭ دولىسىغا يېنىك شاپىلاقلىدى ـ دە، مۇنداق دېدى:

ـ سىز مەكتەپ گېزىتىدە قوشۇمچە تەھرىرلىك قىلىڭ، ھەر ئايدا 400 يۈەن ئىش ھەققى بېرىدۇ، بۇ پۇل بىلەن تۇرمۇش خىراجىتىڭىزنى ھەل قىلىپ تۇرۇڭ، يەتمىگەندە بىر گەپ بولار.

شۇنداق قىلىپ ئۇ مەكتەپ گېزىتىنىڭ قوشۇمچە مۇھەررىرى بولدى، ئۇنىڭ ۋەزىپىسى ھەر ھەپتىدە چىقىدىغان بىر سان گېزىت نەشىردىن چىقىشتىن بىر كۈن بۇرۇن تاپشۇرۇۋېلىنغان ئورگىناللارنى رەتلەپ، خاتا سۆز ۋە جۈملىلەرنى تۈزىتىپ، پىكرىنى يېزىپ قويسىلا بولاتتى. دەرسلەر بەك جىددىي بولمىغان بۇ ي مەكتەپتە بۇ خىزمەت ئۇنىڭغا نىسبەتەن ھېچقانچە يۈك ھېسابلانمايتتى، ئۇنىڭ ئۈستىگە بۇ پۇل ئۇنى ئوقۇش ۋە تۇرمۇش خىراجىتى بىلەن تەمىن ئېتەتتى.

مەيلى قانچىلىك قىيىنچىلىق بولۇشىدىن قەتئىينەزەر، ئۇ

مەكتەپنى پۈتتۈردى، ئىلتىماس قىلىش ئارقىلىق ئۇ مەكتەپ گېزىتىنىڭ رەسمىي مۇھەررىرى بولدى. تۇنجى كۈنى ئىشقا چۈشۈشى بىلەنلا ئويلىمىغان يەردىن باش مۇھەررىر ئۇنىڭغا 800 يۈەن ئايلىق ئىش ھەققىدىن 50 يۈەن تۇتۇلىدىغانلىقىنى ئۇقتۇردى.

— بولىدۇ، ئەمما نېمە ئۈچۈن تۇتۇلىدۇ؟ — دېدى ئۇ چۈشىنەلمەي.

— ئوقۇش خىراجىتىنى، تۆلىيەلمەيدىغان قوشۇمچە مۇھەررىرگە ياردەم بېرىش ئۈچۈن، — دېدى باش مۇھەررىر.

ئۇ تۇرۇپلا قالدى، ئەسلىدە مەكتەپ گېزىتىگە قوشۇمچە مۇھەررىرنىڭ لازىمى يوقكەندە، ئۆزىنىڭ شۇ چاغدىكى 400 يۈەن ئىش ھەققىنى سەككىز نەپەر مۇھەررىرنىڭ ھەر بىرى 50 يۈەندىن چىقارغان ئىكەن.

## ھېكمەت

نۇرغۇن ئاق كۆڭۈل كىشىلەر جىمجىتقىنە ياخشى ئىش قىلىشىدۇ، بۇ دۇنيانىڭ گۈزەل ۋە ئىللىق بولۇشى ھەمدە ئۈزۈكسىز ئۆزگىرىشىدىكى مۇھىم ئامىل ھېسابلىنىدۇ. ياردەمگە ئېرىشكەن كىشىلەر كېيىنكى تۇركۇمدىكى ئاق كۆڭۈل كىشىلەرنىڭ مەنبەسى بولۇپ قالىدۇ.

## 95. مۇكەممەل ئايال ئىزدەش

ئۇ ئۆزىگە ئىنتايىن تەمەننا قويىدىغان يىگىت ئىدى، ئەڭ مۇكەممەل قىزلار ماڭا لايىق بولالايدۇ، دەپ قارايتتى، شۇڭا ئۇ نۇقسانسىز قىز تاپمىغۇچە تويي قىلماسلىق قارارىغا كېلىدۇ. شۇندىن ئېتىبارەن ئۇ ئۆمۈرلۈك جورا ئىزدەشنى باشلايدۇ.

يىللار بىرىنىڭ كەينىدىن بىرى قوغلىشىپ تېز - تېز ئۆتىدۇ، ئۇ ھاياتىي كۈچى ئۇرغۇپ تۇرىغان يىگىتتىن بارا - بارا چېكىلىرىنى قورۇق باسقان ئوتتۇرا ياشقا، ئوتتۇرا ياشتىن چاچلىرى ئاقىرىپ قېرىلىققا قەدەم قويىدۇ. ھەتتا ھاياتىنىڭ ئاخىرىغىچە جورىسىز ئۆتىدۇ. بىر كۈنى بالىلىق چېغىدىكى بىر دوستى ئۇنىڭدىن سورايدۇ:

— شۇنچە يىللاردىن بېرى كۆڭلۈڭگە ياققۇدەك مۇكەممەل ئايال ئۇچرىمىدىمۇ؟

— بىرى ئۇچرىغانتى.

— ھە، ئېيتقىنا، ئۇنىڭ ئەھۋالى قانداقكەن؟

— ئۇ ھەقىقەتەن نۇقسانسىز ئايال ئىدى، گۈزەللىكتە تەڭدىشى يوق، فىگۇرىسى شۇنداق قاملاشقان، بىلىملىك، پەزىلەتلىك، ئائىلە كېلىپ چىقىشىمۇ ناھايىتى ياخشى، ھېچقانداق نۇقسان يوق ئىدى، يەنى دەل مېنىڭ قوغلىشىدىغان نىشانىم ئىدى، — بوۋاينىڭ چىرايىدىن سۆسقىنا كۈلكە جىلۋىلەندى، ئۇ گويا گۈزەل قىزنىڭ ئەسلىمىسىگە چۆكۈپ كەتكەندەك قىلاتتى.

— شۇنداق تۇرۇقلۇق نېمىشقا ئۇنى ئەمرىڭگە ئالمىدىڭ؟ — دېدى دوستى ھەيران بولغان ھالدا.

— ئامالىم قانچە، — دېدى بوۋاي ئەپسۇسلانغان هالدا، — ئۇمۇ بىر مۇكەممەل ئەر ئىزدەيدىكەن ئەمەسمۇ!
— شۇنداقمۇ، ئۇنداقتا ئۇمۇ هازىرغىچە تۇل ئىكەندە، — دەپتۇ بوۋاي.

### هېكمەت

هەر قانداق ئادەم قۇسۇرسىز، كامالەتكە يەتكەن بولمايدۇ، نىكاهقا هەر قانچە ئەستايىدىل مۇئامىلە قىلغان تەقدىردىمۇ، نۇقسانسىز، مۇكەممەل بولۇشنى تەلەپ قىلغىلى بولمايدۇ، ئەگەر ئۇنداق قىلساق چوقۇم يېگانە ئۆتۈشكە توغرا كېلىدۇ. ئەمەلىيەتتە، بۇ هەقىقەت نىكاهتىن باشقا نۇرغۇن ئىشلارغىمۇ ماس كېلىدۇ.

## 96. ئورمان ۋە مېيىت ساندۇقى

قەدىمكى ھىندىستاندا بىر پادىشاھ ئۆتكەن بولۇپ، ئۇنىڭ گۈزەللىكتە تەڭدىشى يوق بىر خانىشى بار ئىكەن. ئىككىيلەن بىر - بىرىنى ناھايىتى ياخشى كۆرۈشىدىكەن، بىر - بىرىنى ناھايىتى ئىززەتلەپ ۋە ھۆرمەتلەپ ئۆتىدىكەن. لېكىن تەڭرىنىڭ ئۇلارغا ھەسىتى كەلگەندەك بىر نەچچە يىل ئۆتمەيلا خانىش ساقايماس كېسەلگە گىرىپتار بولۇپ ئۇ دۇنياغا سەپەر قىپتۇ.

قاتتىق قايغۇغا چۆمگەن پادىشاھ ئامراق خانىشىنى كۆرەلمەسلىكتىن ئەنسىرەپ، ھۈنەرۋەنلەرگە سۇزۇك مېيىت ساندۇقى ياسىتىپ كۇندە كۆرۈپ تۇرۇش ئۈچۈن ئۇنى ئاساسىي قەسىرنىڭ يېنىدىكى گۈللۈككە قويغۇزۇپتۇ.

بىر مەزگىل ئۆتكەندىن كېيىن، پادىشاھ بۇ گۈللۈكنىڭ مەنزىرىسىنى بەك ئاددىي، ئامراق خانىشىنىڭ گۈزەل جامالىغا ماس كەلمەيدىكەن، دەپ كېڭەيتىپ ياساشقا ئەمىر قىپتۇ ھەمدە ھەر خىل گۈل - گىياھلارنى ئەكەلدۈرۈپ گۈللۈككە قويغۇزۇپتۇ. گۈل - گىياھقا سۇ كېرەك بولغاچقا، پادىشاھ ئەمىر قىلىپ گۈللۈككە كۆل قازغۇزۇپتۇ. شۇنىڭ بىلەن كىشىنىڭ دىققىتىنى تارتمايدىغان كىچىككىنە گۈللۈك گۈزەل باغقا ئايلىنىپتۇ.

كۆز كىرىشى بىلەنلا باغدىكى ھەر خىل گۈللەر تۆكۈلۈپ ھەممە يەر چۆلدەرەشكە باشلاپتۇ. پادىشاھ خانىشىنىڭ بۇنداق مەنزىرىنى پەقەت ياقتۇرمايدىغانلىقىنى بىلگەچكە، پەرمان چۈشۈرۈپ پۈتۈن مەملىكەتتىكى ھۈنەرۋەنلەرنى يىغىپ، باغچىغا گۈزەل راۋاق، شىپاڭ ۋە ئايۋانلارنى ياسىتىپتۇ ھەمدە ئۇنىڭغا گۈللۈك نەقىشلەرنى ئويغۇزۇپتۇ، ھەتتا رەڭگارەڭ يالغان گۈللەرنى

ياستىپ تەشتەككە ئالدۇرۇپ باغچىغا قويۇپتۇ.

شۇنداق قىلىپ، پادىشاھ بىر مەزگىل ئۆتسىلا بۇ باغچىنى بىر قېتىم ياستىتىدىكەن، شۇنىڭ بىلەن پادىشاھنىڭ ئوي - خىيالى قانداق قىلغاندا باغچىنى تېخىمۇ گۈزەل قىلغىلى بولىدىغانلىقىدا بولغاچقا، ئۇنىڭ خانىشىنىڭ جەستىنى كۆرىدىغان ۋاقتى بارغانسېرى ئازىيىپتۇ. باغچىنىڭ كۈندىن - كۈنگە تېخىمۇ گۈزەل بولۇشى بىلەن پادىشاھمۇ ياشىنىپ قاپتۇ، ئەينى چاغدىكى تەڭداشسىز گۈزەل خانىشىنىڭ جەستىمۇ ئاللىقاچان بىر دۆۋە سۆڭەككە ئايلىنىپتۇ.

كۈنلەرنىڭ بىرىدە پادىشاھ باغچىنى ئايلىنىۋېتىپ نەچچە يىلدىن بېرى دىققەت قىلمىغان خانىشىنىڭ مېيىت ساندۇقىغا كۆزى چۈشۈپتۇ ئۇ ھەيرانلىقتا تۇرۇپ كېتىپ، شۇنچە گۈزەل بىر باغچىغا بۇنداق مېيىت ساندۇقىنى قويۇپ قويسا قانداق بولغىنى دەپ ئويلاپ:

— ئۇنى يۆتكىۋېتىڭلار، — دەپ پەرمان قىپتۇ.

## ھېكمەت

ئائىلە قۇرۇش ئۆزى ياخشى كۆرىدىغان كىشى بىلەن بىرگە بولۇش ئۈچۈندۇر، مۇبادا پۈتۈن ئوي - خىيالىنى ئائىلىنىڭ بېزەك جابدۇقلىرىنى ياخشىلاشقا قارىتىپ، ئەر - خوتۇنلۇق مېھرىنى يېتىلدۈرۈشكە ئەھمىيەت بەرمىگەندە، مېغىزىنى تاشلاپ شاكىلىغا ئېسىلىۋالغاندەك ئىش بولىدۇ. ئۇ پەقەت ئۆي بولغان تەقدىردىمۇ، ئائىلە يوقىلىشتەك ئاقىۋەتنى كەلتۈرۈپ چىقىرىدۇ.

## 97. پۇلنىڭ ئاز ـ كۆپلۈك مەسىلىسى

ئىككى ياش بولۇپ، ئۇلار يېڭىلا توي قىلغانىكەن، ئۇلار ئۆزلىرىنىڭ ئايالىنى تەڭداشسىز بىباھا گۆھەر دەپ قاراپ ئەبەدىل ئايرىلماسلىققا قەسەم قىلىشىپتۇ.

بىر كۈنى، بىر پەيلاسوپ ئەخلاق توغرىسىدىكى بىر تەجرىبىنى قىلىش ئۈچۈن بۇ ئىككى ياشنىڭ يېنىغا كەپتۇ، ئاندىن ئۇلاردىن سوراپتۇ:

— مەن بايلىقىمنىڭ سانى يوق كاتتا زەردار، مەن سىلەرنىڭ ئاياللىرىڭلارنى سېتىۋالاي دەيمەن، خالامسىلەركىن؟

بۇ سوئال ئىككى يىگىتنىڭ غەزىپىنى قوزغاپتۇ. ئۇلار تەڭلا:

— مۇتلەق مۇمكىن ئەمەس، بۇ پۇلنىڭ ئاز ـ كۆپلۈك مەسىلىسى ئەمەس، — دەپلا مېڭىشقا تەمشىلىپتۇ.

— 500 يۈەن بولسىچۇ، كىم ئايالىنى ساتىدۇ، — دەپتۇ پەيلاسوپ ئىككى ياشنىڭ ھەققانىي ۋە ئاچچىق سۆزلىرىگە پەرۋا قىلماي كۈلۈپ تۇرۇپ.

نەتىجىدە ئىككى ياش پەرۋامۇ قىلماي ئارقىغا ئۆرۈلۈپلا مېڭىپتۇ.

— 50 مىڭ يۈەن بولسىچۇ؟ — دەپ سوراپتۇ پەيلاسوپ ئۇلارغا.

بىرسى بۇرۇلۇپ كەينىگە قاراپ قويۇپ سوغۇق كۈلۈپ قويۇپتۇ، يەنە بىرسى بۇرۇنقىدەكلا تۇرۇپتۇ.

— بەش مىليون بەرسەمچۇ؟ — پەيلاسوپ باھانى ئۆستۈرۈپتۇ.

يۇنى ئاڭلىغان ئىككى يىگىت تەڭلا «ھە» دېگىنىچە پەيلاسوپقا قاراپ تۇرۇپلا قاپتۇ. بىردەمدىن كېيىن بىرسى بېشىنى لىڭشىتىپتۇ.

پەيلاسوپ ئۆز پىكرىدە چىڭ تۇرۇۋالغان يەنە بىرسىگە قاراپ:
— 50 مىليون يۈەن بەرسەمچۇ؟ — دەپتۇ.
ئۇ يىگىت ئاغزىنى ئاچقىنىچە ھاڭۋېقىپ تۇرۇپ قاپتۇ.
— 500 مىليون يۈەن بولسۇن، بۇنىڭدىن كۆپ بىرەلمەيمەن، — دەپتۇ پەيلاسوپ تاقەتسىزلەنگەندەك قىياپەتتە.
— ماقۇل، — دەپتۇ ئۇ يىگىتمۇ ئاخىرى تەسلىم بولۇپ.
— قارىغاندا بۇ يەنىلا پۇلنىڭ ئاز - كۆپلۈك مەسىلىسىكەن، — دەپتۇ پەيلاسوپ كەينىگە قارىماستىن.
بەش مىليون يۈەن باھا قويۇشتىن بۇرۇن ھەر ئىككى يىگىت ئەخلاقلىق ئىدى. بەش مىليون يۈەن باھا قويغاندىن كېيىن بىرسى ئەخلاقسىزلىققا يۈزلەندى؛ بەش يۈز مىليون باھا قويۇلغاندا يەنە بىرسىمۇ ئەخلاقسىزلىققا يۈزلەندى.
قارىغاندا مەيلى كىم بولۇشىدىن قەتئىينەزەر، ئەخلاق مۇداپىئە لىنىيەسىنىڭ بىر چېكى بولىدىكەن، ئەگەر بۇ چەككە قىستاپ كەلسە ياكى ئۇنىڭدىن بۆسۈپ ئۆتۈپ كەتسە، ئادەم ئەخلاق بىلەن ھېسابلىشىپ ئولتۇرمايدىكەن.
شۇڭا، شۇنداق دېيىشكە بولىدۇكى، كىشىلەردە ئەخلاقنىڭ بولۇشى ئۇلار ئۇچرايدىغان ئازدۇرۇشنىڭ بەك ئاز بولغانلىقىدا ئىكەن.

## ھېكمەت

ھەر خىل ئازدۇرۇشلارغا قارىتا ھەرگىز ئالدانمايمىز دېيەلمەيمىز، ئەمما ھېچ بولمىغاندا ئۆزىمىزنىڭ ئازدۇرۇشقا تاقابىل تۇرىدىغان چېكىمىزنى ئۆزۈكسىز يۇقىرى كۆتۈرۈشىمىز كېرەك، چۈنكى قارشى تەرەپنىڭ باھاسىنىڭ ھامان چېكى بولىدۇ.

# 98. بىر كېپىنەكنىڭ كۆچى

باھارنىڭ ئاخىرقى مەزگىلى گۈللەر ھۆپپىدە ئېچىلغان، گۈزەل كېپىنەكلەر ھەممە يەردە پەرۋاز قىلغان مەزگىل.

ھاشارەتشۇناس جورجى ئۇزۇن بامبۇك خادىنى دولىسىغا ئېلىپ گۈللۈككە كىرىپتۇ، بامبۇكنىڭ بىر ئۇچىغا سۈزۈك سۇلياۋ خالتا كىيدۈرۈلگەن بولۇپ، ئۇنىڭغا كېپىنەك تۇتۇپ كېلىپ تەجرىبە قىلماقچىكەن. ئۇ كۈچىمەيلا خالتا بىلەن بىر سېرىق كېپىنەكنى تۇتۇۋالغاندا ئويلىمىغان يەردىن باشقا بىر كېپىنەكنىڭ زەربىسىگە ئۇچرىدى.

بۇنداق زەربىنىڭ كۈچى ئەمەلىيەتتە ناھايىتى كىچىك بولسىمۇ، جورجى كېپىنەكنىڭ ئۆچمەنلىككە تولغان غەزىپىنى سەزگەندەك بولدى ئۇ بېشىنى بۇراپ زەربە بەرگۈچىنىڭ كىچىككىنە بىر قىزىل رەڭلىك كېپىنەك ئىكەنلىكىنى كۆردى. ئۇ بېشىنى لىڭشىتىپ كۈلۈپ قويدى ـ دە، بۇرۇلۇپ كېتىپ قالدى. ئويلىمىغان يەردىن قىزىل كېپىنەك يەنە ھۇجۇم قىلىپ كەلدى ھەمدە ئۆزىنى جورجىنىڭ بېشىغا كەينى ـ كەينىدىن ئۇردى. جورجى قەدىمىنى توختىتىۋىدى، قىزىل كېپىنەكمۇ ھۇجۇمىنى توختىتىپ، بامبۇك خادىنىڭ يەنە بىر ئۇچىدىكى سۇلياۋ خالتىغا قاراپ ئۇچتى ھەمدە خالتىدىكى سېرىق كېپىنەك بىلەن ئۇسۇشتى.

جورجى قىزىل كېپىنەكنىڭ ئۆزى تۇتۇۋالغان سېرىق كېپىنەكنىڭ مەشۇقى ئىكەنلىكىنى چۈشەندى. سۆيگۈنى خەتەرگە يولۇققاندا، قىزىل كېپىنەك كۆكرەك كېرىپ مەيدانغا چۈشۈپ ھېچنېمىگە قارىماستىن جورجىغا ھۇجۇم قىلدى، ئۇنىڭ بۇ

ھەربكىتى ئۆزىنىڭ سىرىق كېپىنەكنى نەقەدەر سۆيىدىغانلىقى، جورجىنىڭ سىرىق كېپىنەككە رەھىم قىلىشى كىرەكلىكىنى بىلدۈرگەنىدى.

جورجىنىڭ كۆزى ئاستا ـ ئاستا نەملەشتى، ئۇ بامبۇك خادىنى ئاستا تارتىپ سۇلياۋ خالتىنىڭ ئاغزىنى ئېچىپ سىرىق كېپىنەكنى قويۇۋەتتى. ئىككى كېپىنەك جورجىغا رەھمەت ئېيتقاندەك ئۇنى ئەگىپ بىر نەچچە رەت ئۇچقاندىن كېيىن يىراققا كېتىپ قالدى.

جورجى ئۆز ـ ئۆزىگە:

— قىزىل كېپىنەك، بۇ سېنىڭ كۈچۈڭ ئەمەس، بەلكى مۇھەببەتنىڭ كۈچى، — دەپ شىۋىرلىدى.

## ھېكمەت

ھەر قانداق ئادەم ۋە نەرسە مۇھەببەتكە ئېرىشكەن چاغدا غايەت زور شىجائەت ۋە كۈچكە تولىدۇ. گەرچە ئۇ ھەر قانچە كىچىك بولسىمۇ، مۇھەببەت ئۇنىڭ ئۆز مۇھەببىتىنى قوغدىشىغا يېتەرلىك كۈچ ئاتا قىلىدۇ.

## 99. بۆرىنىڭ ئېلانى

بىر بىئولوگ موڭغۇلىيە يايلىقىدا نەچچە يىل بۆرە تەتقىقاتى بىلەن شۇغۇللانغاندىن كېيىن، ناھايىتى قىزىقارلىق بىر ھادىسىنى بايقاپتۇ: ھەر بىر بۆرە توپىنىڭ تەخمىنەن 30 كىلومېتىر دائىرىدىكى مۇقىم پائالىيەت چەمبىرىكى بولىدىكەن. ئۆزئارا قوشنا بولغان بىرقانچە بۆرە توپىنىڭ پائالىيەت چەمبىرىكىنى نىسبەت بويىچە كىچىكلىتىپ بىر خەرىتىگە چۈشۈرگەندە بۇ بىر نەچچە چەمبەر ئۆزئارا كېسىشىدىكەن، تامامەن ئايرىلىپمۇ ھەم پۈتۈنلەي قوشۇلۇپمۇ كەتمەيدىكەن.

ئەسلىدە، ھەر قايسى بۆرە توپى تەۋەلىك ئايرىغاندا مەلۇم ئاممىۋى رايون قالدۇرىدىكەن، يەنى بايا دېگەن كېسىشكەن قىسمى شۇ ئىكەن. بۇ دائىرىدە ھەر قايسى بۆرە توپىدىكى بۆرىلەر ئۆزئارا جۈپلىشىدىكەن، بىر - بىرىگە بولغان دوستانىلىقىنى ئىپادىلەيدىكەن. ئەمما ھەر قانچە يېقىنلىشىپ كەتسىمۇ، قارشى تەرەپنىڭ كېسىشمەيدىغان رايونىغا قەتئىي قەدەم باسمايدىكەن، ئۇ رايون قارشى تەرەپنىڭ ئۆز خاراكتېرىنى ساقلاپ قالىدىغان ۋە «تولۇق ئىگىلىك ھوقۇقلۇق» رايونى ھېسابلىنىدىكەن.

ئەمەلىيەتتە، بىر نەچچە يىلدىن بۇيان ئىككى پائالىيەت رايونى جىپسىلىشىدىغان ياكى جىپسىلىشىشقا يېقىن كېلىدىغان ئەھۋال كۆرۈلۈپتۇ. ھەر قېتىم مۇشۇنداق ئەھۋال كۆرۈلگەندە، ئىككى بۆرە توپى بىر - بىرىدىن يۈز ئۆرۈشۈپ دۈشمەنلىشىپ، بىر - بىرىگە ھۇجۇم قىلىشىدىكەن، ھەتتا بىر - بىرىنى بوغۇشۇپ ئۆلۈم - يېتىم ئەھۋاللىرى كۆرۈلىدىكەن. پائالىيەت رايونى ئايرىلغان ھامان، ئۇلار يەنە دوستانە بېرىش - كېلىش قىلىپ، بىر -

بىرىنىڭ ئىشلىرىغا ئارىلاشمايدىغان تىنچ ھالەتكە ئۆتىدىكەن.
بۇ بىئولوگ يەنە پائالىيەت رايونى جىپسىلىشىپ كەتسە، بۆرە توپىنىڭ بىر - بىرىنى قىرغىن قىلىشىدىغانلىقىنى، پائالىيەت رايونى ئايرىلغاندا بولسا بۆرە سورتىنىڭ چېكىنىپ كېتىدىغانلىقىنى بايقىغان. پەقەت ئىككى پائالىيەت رايونىنىڭ بىر قىسمى كېسىشىش ھالىتىدە تۇرغاندىلا بۆرە جەمەتى تىنچ ھەم ساغلام راۋاجلىنىدىكەن.
بۇ ھېكايىنى ئوقۇپ ئىنسانلار تۇرمۇشىدىكى بەزى ئىشلارنى ئويلاپ قالدىم. كۆپچىلىك دىققەت قىلدىمىكى، بىز بىلەن مۇناسىۋىتى ئەڭ يېقىن بولغان سۆيگۈنىمىز ۋە تۇغقانلىرىمىز ئارىسىدا ياتلىشىش ئاسان يۈز بېرىدۇ، بەزىدە ھەتتا مۇھەببەتتىن ئاداۋەت كېلىپ چىقىپ، ئادەمنىڭ ئىشەنگۈسى كەلمىگۇدەك ئېچىنىشلىق ئاقىۋەت كېلىپ چىقىدۇ. ئۇنداقتا بىر - بىرىنى سۆيىدىغان ئىككى كىشىنى مەڭگۇ ئىجىل - ئىناق، خۇشال - خۇرام بىرگە ياشايدىغان قىلىشقا ئامال بارمىدۇ؟ يۇقىرىقى ھېكايىدىن قارىغاندا بىر - بىرى بىلەن گىرەلىشىپ تۇرىدىغان ھەم مۇستەقىل تۇرىدىغان ھالەت ئەڭ ياخشى چارە بولۇشى مۇمكىن.
چەمبەرنىڭ كېسىشىش پىرىنسىپى كىشىلەرگە تۇغقان ۋە سۆيگىنى بىلەن چىقىشىپ ئۆتۈش ئۇسۇلىدىن بېشارەت بېرىدۇ، دەپ ئېيتىشقا بولىدۇ. يېقىن بولغان ئىككى ئادەم ئوتتۇرىسىدا كېسىشكەن، ئەمما جىپسىلاشمىغان چەمبەر بولۇشى كېرەك. كېسىشكەن قىسمى ئىككىيلەنگە ئۆزئارا ئورتاق بولغان دۇنيا بولۇپ، چىن مۇھەببەت ۋە ئىللىقلىقتىن بىرلىكتە بەھرىمەن بولىدۇ، كېسىشمىگەن قىسمى بولسا ھەر قايسىسىنىڭ ئۆز ئالدىغا مۇستەقىل دۇنياسى بولۇپ، شەخسىيىتى ھېسابلىنىدۇ. ئىككى تەرەپ ھەر قانچە ئىجىل - ئىناق بولغان تەقدىردىمۇ، بۇ شەخسىي رايوننى سېخىيلىق بىلەن قارشى تەرەپكە ئۆتۈنۈپ

بىرىۋەتمەسلىكى، شۇنداقلا بىردەملىك زىددىيەتنى دەپ بۇ رايوننى بەك كېڭەيتىۋالماسلىقى كېرەك. ئۇنداق بولمايدىكەن، بىر - بىرىگە ئاداۋەت ساقلاپ، توقۇنۇش يۈز بېرىدۇ ياكى سوغۇق مۇناسىۋەتلىك زورۋانلىق كۆرۈلۈپ، ھەر ئىككىلا تەرەپكە زور ئازاب ئېلىپ كېلىدۇ. بۇ چاغدا بولدى قىلسىمۇ ياكى داۋاملاشتۇرسىمۇ ئوخشاشلا بىر خىل ئازاب ۋە مۇڭ يۇكلىنىپ قالىدۇ.

## ھېكمەت

پەقەت ئەڭ مۇۋاپىق ئارىلىقنى ساقلىغاندىلا، ئەڭ مۇكەممەل مۇھەببەتلىك تۇرمۇشقا ئىگە بولغىلى بولىدۇ، يەنى ئۆزئارا كېسىشىش ھەم ئۆزئارا مۇستەقىل تۇرۇش يېقىن ئۆتىدىغان ئىككى تەرەپنىڭ بىللە ئۆتۈشىدىكى ئەڭ ياخشى سەنئەتتۇر. ئۆزىگە خاس مۇستەقىل بوشلۇقنى ساقلاش بىلەن بىرگە، قارشى تەرەپنىڭ مۇشۇ رايونىغىمۇ ھۆرمەت قىلىش كېرەك.

## 100. مۇھەببەتنىڭ ئوزۇقى

بۇ يىگىت ئىنتايىن بەختسىز بولۇپ، كىچىك چېغىدىلا باللار پارالىچى سەۋەبلىك نورمال مېڭىش ھوقۇقىدىن مەھرۇم قالغانىكەن ھەمدە بېلىنىڭ يۇقىرىسىمۇ تەسىرگە ئۇچرىغانىكەن. سەل چوڭ بولۇپ سۇت چىشى چۈشۈپ بولغاندىن كېيىن، يېڭى چىشلىرىمۇ رەتسىز، ئېگىز ـ پەس چىقىپ ئۇنى تېخىمۇ كۆرۈمسىز قىلىپ قويۇپتۇ.

پۇتى نورمال بولمىغىنىنىڭ ئۈستىگە چىرايىمۇ دېگەندەك بولمىغاچقا، ئۇ ناھايىتى ئۇمىدسىزلىنىدىكەن، ھەتتا ئۆزىنى دۇنيادىكى ئەڭ بەختسىز ئادەم ھېسابلاپ، كەم سۆز، غەمكىن يۈرىدىكەن، ساۋاقداشلىرى بىلەن ئوينىمايدىكەن، مۇئەللىم سوئال سورىسىمۇ بېشىنى تۆۋەن قىلىپ جاۋاب بەرمەيدىكەن.

مەلۇم بىر يىلى ئەتىيازدا، دادىسى قوشنىسىدىن بىرنەچچە تۈپ كۆچەت ئېلىپ كىرىپتۇ ـ دە، ھەر بىر بالىسىغا بىردىن تارقىتىپ بېرىپ مۇنداق دەپتۇ:

— ھەممىڭلار ھويلىدىكى ئۆزۈڭلار خالىغان جايغا كۆچىتىڭلارنى تىكىڭلار. بىر مەزگىلدىن كېيىن كىمنىڭ كۆچىتى ئەڭ ياخشى چوڭ بولسا مەن شۇنىڭغا ئۆزى ئەڭ ياقتۇرىدىغان سوۋغات ئېلىپ بېرىمەن.

باللار بۇ گەپنى ئاڭلاپ خۇشاللىقىدا سەكرىشىپ كۆچەتلىرىنى تىكىشكە مېڭىشىپتۇ، پەقەت مېيىپ ئوغۇللا ئاقساپ مېڭىپ ئىشنى باشلاشقا ئالدىرىماپتۇ. گەرچە ئۇمۇ دادىسىنىڭ سوۋغىتىغا ئېرىشىشنى خالىسىمۇ، قېرىنداشلىرىنىڭ سەكرىشىپ ئويناقشىپ يۈرگەن ھالىتىگە قاراپ غەمكىن خىياللار

چۇلغىۋاپتۇ: ئۇنىڭ ھالىدىن خەۋەر ئالغۇدەك مادارىم بولمىغاندىكىن، مەن تىككەن بۇ كۆچەت بالدۇرراق قۇرۇپ كەتسىكەن، ماڭا ئوخشاش ئۇنىڭمۇ ھاياتىدىن ئۈمىد يوق. ئۇ شۇلارنى ئويلاپ كۆچەتنى تىككەندىن كېيىن، ئىككى قېتىم سۇغىرىپ قويۇپلا پەرۋىش قىلماي تاشلىۋېتىپتۇ.

ئويلىمىغان يەردىن بىر ئايدىن كېيىن، قېرىنداشلىرىنىڭ كۆچىتىگە قارىغاندا ئۇنىڭ كۆچىتى شۇنداق ياپيېشىل ۋە باراقسان كۆكلەپتۇ. ۋەدىسىدە تۇرىدىغان دادىسى بۇ يىگىتكە ئۇ ئەڭ ياخشى كۆرىدىغان سوۋغات ئېلىپ بېرىپتۇ ھەمدە ئۇنىڭغا بۇ كۆچەتنى بۇنداق ئاينىتالىغىنىڭغا قارىغاندا چوقۇم ئۆسۈملۈكشۇناس بولالىغۇدەكسەن، دەپتۇ.

شۇ ئىشتىن كېيىن، يىگىتنىڭ كۆڭلى ئېچىلىشقا باشلاپتۇ. ئۇ بارا - بارا ئۈمىدۋار، ئاكتىپ بولۇپتۇ.

بىر كۈنى كەچتە، ئۇيقۇسى قاچقان يىگىت ئاسماندىكى ئايغا قاراپ ھاڭۋېقىپ تۇرۇپ قاپتۇ ھەمدە تۇساتتىن بىئولوگىيە ئوقۇتقۇچىسىنىڭ ئۆسۈملۈكنىڭ كېچىدە ئۆسىدىغانلىقى توغرىسىدىكى سۆزى ئېسىگە كېلىپ، قىزىقىش ئىلكىدە ئۆزىنىڭ كۆچىتىنىڭ قانداق ئۆسىدىغانلىقىنى كۆرگۈسى كېلىپ ئورنىدىن تۇرۇپتۇ. ئۇ ئاقساپ يۈرۈپ ھويلىغا چىقىپ داڭ قېتىپ قاپتۇ: دادىسى چۆمۈچ بىلەن ئۇنىڭ كۆچىتىگە بىر نەرسە قويۇۋاتقانىكەن. ئەسلىدە دادىسى دائىم ئوغرىلىقچە ئۇنىڭ كۆچىتىنى ئوغرىلاپ كەلگەنىكەن. ئەسلىدە مۇنداقكەندە، يىگىتنىڭ كۆزلىرىدىن تاراملاپ ياش تۆكۈلۈپتۇ.

كۆپ يىللاردىن كېيىن، بۇ مېيىپ يىگىت ئۆسۈملۈكشۇناس بولالمىغان بولسىمۇ، بىراق ئامېرىكىنىڭ 32 - نۆۋەتلىك زۇڭتۇڭى — فىرانكىلىن روزۋېلت بولالىدى.

## ھېكمەت

مۇھەببەت مۆجىزە يارىتىدۇ، ئۇ ھاياتنىڭ ئوزۇقىدۇر. بۇ خىل

ئـوزۇقلا بولـــدىكەن، قـۇرۇپ قـالاي دېـگەن قاقــشال كۆچەتمـۇ باراقسانلاپ كۆكلىيەلەيدۇ، ھەتتا پەلەككە تاقاشقان دەرەخ بولالايدۇ.

## 101. نېمە دېدىڭىز؟ ئاڭلىيالمىدىم

رۇس بېدفورد خانقىز تۆت يىللىق قىزغىن مۇھەببەتلىشىش ئارقىلىق يىگىتى بىلەن توي قىلدى.

توي كۈنى ئەتىگەندە، رۇس ھۇجرىسىدا ئاخىرقى تەييارلىقنى قىلىۋاتقاندا يىگىتىنىڭ ئانىسى ئۇنىڭ يېنىغا كىرىپ كەلدى. ياشانغان بۇ خانىم كېلىنىنىڭ قولىنى تۇتۇپ تۇرۇپ ئالقىنىغا بىر نەرسە سېلىپ قويدى، ئاندىن ئەزەلدىن كۆرۈلۈپ باقمىغان ئەستايىدىللىق بىلەن مۇنداق دېدى:

— قىزىم، مەن ھازىر سىزگە بۇنىڭدىن كېيىنكى تۇرمۇشىڭىزغا كېرەكلىك بىر نەسىھەتنى قىلماقچىمەن، سىز چوقۇم ئېسىڭىزدە مەھكەم تۇتۇڭ: ھەر قانداق بىر بەختلىك نىكاھتا بەزى سۆزلەرنى قۇلاقنى يوپۇرۇۋېلىپ ئاڭلىماسلىقا سېلىش كېرەك.

رۇس ئالقىنىنى ئېچىپ بىر جۈپ قۇلاق پۇرۇپكىسىنى كۆردى. قېينانىسىنىڭ ئېيتقان سۆزى ۋە بەرگەن سوۋغىسى گۈزەللىك تۈيغۇسىغا چۆمۈۋاتقان رۇسنى گاڭگىرىتىپ قويدى. ئۇ قېينانىسىنىڭ قۇلاق پۇرۇپكىسىنى بۇنداق چاغدا نېمە مەقسەتتە بەرگەنلىكىنى بىلەلمىدى. ئەمما ئۇزۇن ئۆتمەيلا ئېرى بىلەن بولغان بىر قېتىملىق دەتالاشتا قېينانىسىنىڭ مەقسىتىنى بىراقلا چۈشىنىپ يەتتى.

— ئەسلى ئانامنىڭ مەقسىتى ناھايىتى ئاددىيكەن، ئۇ پۈتۈن ئۆمرىدە بېشىدىن ئۆتكۈزگەن تەجرىبىسى ئارقىلىق ماڭا: ئادەم خاپا بولغان ياكى ھاياجانلانغان چاغدا ئويلىمايلا بەزى گەپلەرنى دەپ سالىدۇ. بۇنداق چاغدا ئەڭ ياخشى ئامال ئۇنداق گەپ

ئاڭلىماسلىققا سېلىش، قارشى تەرەپكە ئوخشاش ئاچچىق بىلەن جاۋاب قايتۇرماسلىق كېرەككەن. ئۇنداق بولمىغاندا مەسىلىنى ھەل قىلالمايلا قالماستىن، نىكاھ تۇرمۇشىغا تەھدىت پەيدا قىلىشىمۇ مۇمكىن ئىكەن، — دېدى رۇس خۇرسىنىپ تۇرۇپ.

شۇندىن ئېتىبارەن رۇس «بەزىدە قۇلاقنى يوپۇرۇۋېلىش» نى نىكاھىغا ئىشلەتتى. دېگەندەك بۇ چارە ئارقىلىق ئۇ ئېرى بىلەن ئىناق ئۆتتى. كېيىن ئۇ بۇ سۆزنى خىزمىتىدىمۇ قوللانغان ئىدى، نەتىجىدە ئىشلىرى يۇرۇشۇپ كەتتى. ئۇ ئامېرىكا ئەڭ ئالىي سوتىنىڭ چوڭ سودىيەسى بولغاندىن كېيىن بۇ ئەڭگۈشتەرنى خەلقئالەمگە ئاشكارىلاپ، كىشىلەرگە نىكاھ تۇرمۇشىنىڭ يەنە بىر ھەقىقىتىنى چۈشەندۈرۈپ بەردى.

### ھېكمەت

بەزىدە قۇلاق ۋە كۆزنى يوپۇرۇۋېلىپ ئاڭلىمايدىغاننى ئاڭلىماي، كۆرمەيدىغاننى كۆرمەي، دېمەيدىغاننى دېمەي يۈرۈش نۇرغۇنلىغان توكسىنلارنى سىرتتا توسۇپ قېلىشنىڭ ئەڭ ياخشى چارىسىدۇر.

## 102. يەنە بىرنى ئۆچۈرۈۋېتىڭ

ئامېرىكىنىڭ مەلۇم بىر ئۇنىۋېرسىتېتىدا ئالاھىدە تەكلىپلىك بىر پىروفېسسور كۆپچىلىككە دەرس سۆزلەپتۇ، ئۇ:

— ھازىر مەن كۆپچىلىك بىلەن بىر ئويۇن ئوينايمەن، كىم ماڭا ماسلىشىپ بېرىدۇ؟ — دەپتۇ.

بىر خانىم ئورنىدىن تۇرۇپ مۇنبەرگە چىقىپتۇ.

پىروفېسسور خانىمغا مۇنداق دەپتۇ:

— ھازىر دوسكىغا ئۆزىڭىز قىيالمايدىغان ئادىمىڭىزدىن 20 ئادەمنىڭ ئىسمىنى يېزىڭ.

سوئالنى تولۇق ئاڭلىغاندىن كېيىن، خانىم دوسكىغا بۇرۇلۇپ ئۇرۇق - تۇغقان ۋە يېقىنلىرى بولۇپ 20 ئادەمنىڭ ئىسمىنى يېزىپتۇ.

— ئەمدى، — دەپتۇ پىروفېسسور سۆزىنى داۋاملاشتۇرۇپ، — ئۇلار ئىچىدىن سىز ئۈچۈن ئەڭ مۇھىم بولمىغىنىنى تېپىپ ئۇنىڭ ئىسمىنى ئۆچۈرۈۋېتىڭ.

خانىم ناھايىتى تېزلا قوشنىسىنىڭ ئىسمىنى ئۆچۈرۈۋېتىپتۇ.

— بايىقىغا ئوخشاشلا بۇلار ئىچىدىكى ئۆزىڭىزگە ئەڭ مۇھىم بولمىغاندىن يەنە بىرىنىڭ ئىسمىنى ئۆچۈرۈۋېتىڭ، — دەپتۇ پىروفېسسور.

خانىم ھېچقانداق ئىپادىسىزلا يەنە بىرەيلەننىڭ ئىسمىنى ئۆچۈرۈۋېتىپتۇ.

ئويۇن مۇشۇ تەرىقىدە داۋاملىشىپتۇ.

20 مىنۇت ئۆتكەندە، دوسكىدا پەقەت تۆتلا ئادەمنىڭ ئىسمى

قاپتۇ، ئۇلار: ئۇنىڭ ئاتا - ئانىسى، ئېرى ۋە بالىسى ئىكەن.
پىروفېسسورنىڭ تەلىپى يەنە داۋاملىشىپتۇ:

— مۇھىم بولمىغاندىن يەنە بىرىنىڭ ئىسمىنى ئۆچۈرۈۋېتىڭ.

پىروفېسسورنىڭ سۆزى تۈگىشى بىلەنلا ئەسلىدە بەس - مۇنازىرىگە تولغان سىنىپ بىردىنلا تىمتاسلىققا چۆمۈپتۇ. ھەممەيلەن جىمغىنە ئولتۇرۇپ خانىمغا قارىشىپتۇ، ئۇلار بۇنىڭ ئەمدى بىر ئويۇن ئەمەسلىكىنى ھېس قىلىشىپتۇ. دوسكا ئالدىدىكى خانىم ئۇزۇنغىچە ئىككىلىنىپ نېمە قىلارىنى بىلمەي تۇرۇپ قاپتۇ.

— يەنە بىرنى ئۆچۈرۈۋېتىڭ، — دەپتۇ پىروفېسسور مۇلايىم ھەم قەتئىي ھالدا.

خانىم ئاستا بۇرۇلۇپ بورنى ئېلىپ دوسكىدىكى تۆت ئىسىمغا بىرمۇبىر قاراپ ئۆچۈرەلمەپتۇ. ئاخىرىدا ئۇ قوللىرى تىترىگەن ھالدا بىراقلا ئاتا - ئانىسىنىڭ ئىسمىنى ئۆچۈرۈۋېتىپتۇ.

— يەنە بىرنى ئۆچۈرۈۋېتىڭ، — دەپتۇ پىروفېسسور بۇيرۇق تەلەپپۇزىدا، ئۇ گويا رەھىمسىز ھۆكۈمدارغا ئوخشاپ قالغانىدى.

— يەنە بىرنى ئۆچۈرۈۋېتەمدىم؟ — خانىم ئىختىيارسىز شۇنداق دەپتۇ، ئۇنىڭ چىرايى تاتىرىپ كېتىپتۇ.

— شۇنداق، — دەپتۇ پىروفېسسور گەپنى ئۈزۈپ.

خانىم دوسكىغا بۇرۇلۇپ قولىنى كۆتۈرۈپتۇ، ئۇنىڭ نەزىرى بالىسىنىڭ ئىسمىدا توختاپ قاپتۇ، ئەمما ئۆچۈرەلمەي «پاڭىدە» يىغلىۋېتىپتۇ، قارىماققا ئۇ ناھايىتى ئازابلىنىۋاتاتتى.

پىروفېسسور خانىمغا خاتىرجەم قاراپ تۇرۇپتۇ، ئەمما ئۇ سۈيلىمەپتۇ، چىرايىدا قەتئىيلىك چىقىپ تۇرۇپتۇ.

ياشقا تولغان كۆزلىرى خىرەلەشكەن خانىم قاراپ تۇرۇپ ئوغلىنىڭ ئىسمىنى ئۆچۈرۈۋېتىپتۇ.

— ئەمدى ماڭا جاۋاب بېرىڭ، — دەپتۇ پىروفېسسور مۇلايىم تەلەپپۇزدا، — سىزنىڭ ئەڭ يېقىن ئادىمىڭىز ئاتا - ئانىڭىز ۋە

بالىڭىز، چۈنكى ئاتا ـ ئاناڭىز سىزنى تۇغۇپ، بېقىپ قاتارغا قوشتى، بالا بولسا باغرىڭىزنى يېرىپ چىققان، ئۆزىڭىز بېقىپ چوڭ قىلغان. ئېرىڭىزدىن ئايرىلىپ قالسىڭىز، يەنە بىرنى تاپقىلى بولاتتى، ئەمما نېمە ئۈچۈن ئاخىرىدا ئۇ سىزنىڭ ئايرىلىشقا ئەڭ قىيمايدىغان ئادىمىڭىز بولۇپ قالدى؟

— چۈنكى، — دەپتۇ خانىم لېۋىنى چىڭ چىشلەپ، ئۆزىنى تۇتۇۋېلىپ تۇرۇپ، — ۋاقىتنىڭ ئۆتۈشىگە ئەگىشىپ ئاتا ـ ئانام چوقۇم مەندىن ئايرىلىپ كېتىدۇ، بالامۇ چوڭ بولغاندىن كېيىن مەندىن ئايرىلىدۇ، ماڭا ئاخىرىغىچە ھەمراھ بولالايدىغىنى پەقەت مېنىڭ ئېرىم. گەرچە ئەردىن ئايرىلسا قايتىدىن بىرنى تاپقىلى بولسىمۇ، ئېرىممۇ بۇنىڭدىن مۇستەسنا بولالمايدۇ ـ دە.

## ھېكمەت

ئەر ـ خوتۇن ئورتاق ئەمگەك قىلغۇچى ۋە يېڭى ھاياتلىقنى مەيدانغا كەلتۈرگۈچىدۇر، ئەڭ مۇھىمى ئۆمرىنىڭ ئاخىرىغىچە بىرگە بولىدىغان بىردىنبىر ھەمراھتۇر. ئاتا ـ ئانا، بالىچاقا يا بۇرۇن، يا كېيىن بولسۇن، ھامان بىزدىن ئايرىلىدۇ ھەمدە بىزنىڭ بەختىمىزگە ئاساسىي جەھەتتىن تەسىر يەتكۈزمەيدۇ، بىراق جورىمىزدىن ئايرىلىپ قالساق، بىزنىڭ بەختىمىز بېشى يوق سۇ. يىلتىزى يوق دەرەخكە ئوخشاپ قالىدۇ.

# 103. ئىككى تىلەمچىنىڭ مۇھەببىتى

ئاۋات كوچىدا بىر ئەر تىلەمچى بىلەن بىر ئايال تىلەمچى ئۇچرىشىپ قاپتۇ. ئۇ ئىككىسى ئالدىنقى ھاياتىدا غىل - پال تونۇشىدىغاندەك ھېس قىلىشىپتۇ - دە، بىر - بىرىگە كۆڭلى چۈشۈپ قارىشىپتۇ.

شۇنىڭ بىلەن ھەر ئىككىلىسى كېتىشنى خالىماي، بىر كۈن كەچكىچە بىر نەرسە تىلىيەلمەي قۇرۇق چۆچىكىنى تۇتقىنىچە بىر - بىرىگە قاراپ تۇرۇشۇپتۇ.

ئايال تىلەمچى ئەر تىلەمچىدىن بىر نەرسە سورايدىغاندەك قىپتۇ.

— مەندىن نېمە تىلىمەكچىتىڭىز، — دەپ سوراپتۇ قىزىقسىنغان ئەر تىلەمچى.

بۇ گەپنى ئاڭلىغان ئايال تىلەمچى بىردىنلا خاپا بولۇپ:

— ئەجىبا بىلمىدىڭىزما؟ مەن سىزنىڭ مۇھەببىتىڭىزنى تىلەۋاتىمەن، — دەپتۇ.

بۇنى ئاڭلىغان ئەر تىلەمچى:

— شۇنداقمۇ؟ مەن ئەجەب ھېس قىلماپتىمەنغۇ؟ شۇنىسى مەندە مۇشۇ قۇرۇق چۆچەكلا تۇرسا، مەنمۇ سىزنىڭ ماڭا بولغان مۇھەببىتىڭىزنى مۇشۇ چۆچىكىمگە تۆكۈپ بېرەمدىكىن دېگەن، — دەپتۇ خاپا بولغان ھالدا.

ئايال تىلەمچى تېخىمۇ خاپا بولۇپ:

— دېمەك، سىز مېنى سۆيمىدىكەنسىز، ئۇنداق بولغانىكەن، نېمىشقا مۇھەببىتىڭىزنى ماڭا بەرمەيسىز؟ — دەپتۇ.

ئەر تىلەمچى شۇ ھامان رەت قىلىپ دەپتۇ:

— سىز مېنى سۆيگەن ئىكەنسىز، مۇھەببىتىڭىزنى ماڭا بېرىشىڭىز كېرەكقۇ؟!

شۇنداق قىلىپ، ئىككى تىلەمچى بىر - بىرىدىن مۇھەببەت تىلەپ، ھېچقايسىسى تەشەببۇسكارلىق بىلەن مۇھەببىتىنى قارشى تەرەپكە بەرمەپتۇ.

ئۇزۇنغىچە دەتالاش قىلىشقاندىن كېيىن، ھېچكىم قارشى تەرەپنىڭ مۇھەببىتىگە ئېرىشەلمەپتۇ. ئامالسىز ئىككىيلەن بۇرۇلۇپلا باشقىلادىن مۇھەببەت تىلەشكە كېتىشىپتۇ.

## ھېكمەت

مۇھەببەت تەلەپ قىلغان كىشى مۇھەببەتكە ئېرىشەلىشى ناتايىن، ئەمما كەڭ مەنىدىن ئېيتقاندا مۇھەببەتكە ئېرىشكۈچى قارشى تەرەپكە مۇھەببەت ئاتا قىلغۇچىدۇر. چۈنكى، مۇھەببەتنىڭ ئۆزى ئاتا قىلىش بولۇپ، ھەرگىزمۇ تەلەپ قىلىش ۋە ئىگە بولۇۋېلىش ئەمەس، بەرگەندىن كېيىن ئاندىن ئىگە بولىدىغان گەپ.

**图书在版编目（C I P）数据**

小故事大道理. 心态与命运 ：维吾尔文 / 翟文明主编 ；
祖丽菲亚·阿布都热依木，美日努尔·艾拜都拉译. --
喀什：喀什维吾尔文出版社，2012.12
ISBN 978—7—5373—2464—9

Ⅰ. ①小… Ⅱ. ①翟… ②祖… ③美… Ⅲ. ①故事—
作品集—世界—维吾尔语（中国少数民族语言） Ⅳ. ①I14

中国版本图书馆 CIP 数据核字(2012)第 314586 号

责任编辑：古哈尔·努尔买买提
责任校对：夏扎旦·吐尔逊

小故事大道理

# 心态与命运

编著：翟文明
翻译：祖丽菲亚·阿布都热依木
美日努尔· 艾拜都拉

喀什维吾尔文出版社出版发行
（喀什市塔吾古孜路 14 号 邮编：844000）
各 地 新 华 书 店 经 销
喀什维吾尔文出版社印刷厂印刷
880×1230 毫米 1/32 开本 7.375 印张
2012 年 12 月第 1 版 2012 年 12 月第 1 次印刷
印数： 1—3000 定价：19.00 元

如有质量问题，请与我社联系调换 电话：0998 — 2653927

本书根据华文出版社2010年1月第一版，2010年1月第一次印刷版本分册翻译出版。

مۇقاۋىنى لايىھەلىگۈچى: **غەيرەت خالىق**

ISBN 978-7-5373-2464-9

9 787537 324649 >

（民文）定价： 19.00 元